هەزرىتى موللام

مۇھىم!

# قەشقەر ئەدەبىياتى


2

1983



ئاتاغلىق مۇقام ئۇستىسى — تۇردى ئاخۇن ئاكا

# قەشقەر ئەدەبىياتى



1983- يىل 2- سان

12 - يىل نەشرى

قەشقەر ۋىلايەتلىك

ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيەت ئىشخانىسى

FROM THE LIBRARY OF
EAST TURKISTAN NAT'L RESEARCH CENTER INC
GULAMETTIN PAHTA

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# بۇ ساندا

« ھەزرىتى موللام » مازىرىنى نۇقتا قىلىپ ، ئوپالدا ئېلىپ بېرىلغان تەكشۈرۈشتىن دوكلات ............ 1
قاسىم قازى ئاخىرنۇمىنىڭ « ھەزرىتى موللام » توغرىسىدا ئېيتقانلىرى 7
بىزدەدۇر ............ ( شېئىر ) ............ ئابدۇراخمان ناۋايى 13

× × ×

ئاتاغلىق مۇقامشۇناس تۇردى ئاخۇن ئاكاۋەتتۇن ئىككى مۇقام ( ماقالە ) ............ ئەمەتجان ئەخمىدى 15
ئوچمەس يۇلتۇز ............ (ئوچېرىك) ............ ئابلا ئەخمىدى 26
خەيرىلىك كېچە ............ ( ھېكايە ) ............ ئابلىمىت سابىر 46
غەزنىچى ............ ( دىراما ) ............ قۇربان ئىمىن 51
مۇقام ئوغلى ھەققىدە داستان ............ ( داستان ) ............ سەمەت دۇگايلى 58
مۇقامچى ئوغلىمەن ............ ( شېئىر ) ............ قادىر سىدىق 72

× × ×

ۋاپادارلىق كۆيى ............ (ئەدەبىيات ئاخبارات) ............ ئابلىز ئومەر 73
ئانا قەدرى ............ ( ھېكايە ) ............ ئابلىمىت ھاجى 80
ئىككى قېتىملىق تەلەپنىڭ سىرى ............ (فىليەتون ) ............ ئابلىمىت باتۇر 95
كورەلمەسلىك ............ ( ھېكايە ) ............ ئابدۇرۇپ پولات 96
ۋەتىنىم ، كۆلدۈك جانان بولۇپ ............ ( شېئىر ) ............ مومىن سەپىرى 104
ئەلنەغمىچىلەرگە مۇخەممەس ............ ( » ) ............ ياسىن يۈسۈپ 105
شېئىرلار ............ ( » ) ............ مەمتىمىن زەبىبۇللا 107
غەزەل ............ ( » ) ............ ئومەرجان روزى 109
شېئىرلار ............ ( » ) ............ يالقۇنجان ئىسلام 110
قوغۇن ھەققىدە چۆچەك ............ ( » ) ............ ئوبۇلقاسىم ئابدىرېھىم 112
باھار قوشاقلىرى ............ ( » ) ............ ئابلىكىم روزى 114
،، مەدەنى ،، دوستۇم ............ ( ساتىرا ) ............ ئومەر ئىمىن 118
ئىككى شېئىر ............ ( شېئىر ) ............ روزى رازىق 119
يۇرتۇمدا ناخشا ............ ( » ) ............ ئەخمەت مۇساق 120
ئوچمەس ناخشا چولپىنىنى ئەسلەش ............ ( نەسىر ) ............ ئەيسا قادىر 121
« قىزىلباي راق قاداش » ھېكايىسىنى ئوقۇغاندىن كېيىن ............ ئاتىكە زەمىر قىزى 122
مۇنەۋۋەر ئىستېداتلىق مۇخبىرلار ۋە ئىشتىن سىرتقى مۇنەۋۋەر ئەدەبىي ئىجادىيەتچىلەر
مۇكاپاتلاندى ............ مەتتوختى ئىسمايىل 125
ۋىلايىتىمىزدە ئۇسۇلچىلار ۋە مۇزىكانتلار جەمئىيەتلىرى قۇرۇلدى ............ تۇرغۇن ھېلىم، ئابدۇغېنى ئىسمايىل 126

# « ھەزرىتى موللام » مازىرىنى نۇقتا قىلىپ، ئوپالدا ئېلىپ بېرىلغان تەكشۈرۈشتىن دوكلات

مەملىكىتىمىزنىڭ II ـ ئەسىردىكى مەشھۇر
ئالىمى ـ مەھمۇت قەشقەرىنىڭ يۇرتى ۋە
ئۇنىڭ ھاياتى توغرىسىدا ھازىرغىچە ئوتتۇ-
رىغا قويۇلغان تۈرلۈك كۆز قاراش ۋە پەرەز-
لەر يەنىلا كەڭ جامائەتچىلىكنى تولۇق قانا-
ئەتلەندۈرەلمەي كەلمەكتە. مەھمۇت قەشقە-
رىنىڭ يۇرتى ۋە ئۇنىڭ ھاياتى توغرىسىدا
تېخىمۇ ئەتراپلىق ئىزدىنىش مەقسىتىدە بىز
ئالىمنىڭ « دىۋان » دا ئۆز يۇرتى توغرى-
لىق بەرگەن ماتېرىياللىرى ئاساسىدا قەشقەر-
نىڭ ئوپال رايونىدا 1982 ـ يىلى 18 ـ ۋە
19 ـ دېكابىر كۈنلىرى نۇقتىلىق ھالدا بىر
ھەپتىلىك رىۋايەتلەر، نەق تارىخىي يادىكار-
لىقلار بويىچە تەكشۈرۈش ئېلىپ باردۇق. بۇ
ئىككى كۈنلۈك تەكشۈرۈشتە، گەرچە بۇ مۇ-
نەۋۋەر ئالىمنىڭ ئىزلىرىنى ئىزدەشتە كې-
چىككەن بولساقمۇ، لېكىن خەلقىمىزنىڭ مۇ-
شۇنچە ئۇزاق جەريانىدىمۇ ئۆز ئىچىدىن
چىققان بۇ ئۇلۇق ئالىمنى ئۇنتۇمىغانلىقىنى
ھېس قىلدۇق. بىز سۆزلەشكەن كىشىلەر
« دىۋان » نىڭ ئۇيغۇرچە I ـ تومى نەشىر
قىلىنغاندىن كېيىن ئۇنى كۆرگەن، ياكى
مۇنداق كىتاپلارنى كۆرەلەيدىغان كىشىلەر
ئەمەس. ئۇلارنىڭ بىر قىسمى ئۆزلىرىنى ئە-
زەلدىن « ھەزرىتى موللام »مازىرىنىڭشەيخ-
لىرى دەپ ئاتاپ كېلىۋاتقان ئاددىي خەلق،
بىر قىسمى ساۋاتسىز، بىر قىسمى كونىچە
ئوقۇغان كىشىلەر. ئۇلار بىزگە ئۆزلىرىنىڭ
ئاڭلىغانلىرىنى، كۆرگەن ـ بىلگەنلىرىنى

بايان قىلىپ بېرىشتى.بىز بۇ ماتېرىياللارنى
دەسلەپكى قەدەمدە رەتلەپ چىقتۇق. بۇنىڭ
ئىچىدە سۇنئىي ھالدا قوشۇلغان ياكى ئېلىـ-
ۋېتىلگەن، شۇنىڭدەك تەسۋىرلەش يۈزىسى-
دىن مۇبالىغە قىلىنغان ھېچقانداق ئەھۋال
يوق. پەقەت بەزى ئەپسانىۋى يىپىنچىلىرىنى
نەزەردىن ساقىت قىلدۇق.
توۋەندە ئۆزىمىز ئىگەللىگەن ماتېرىيال-
لارغا ئاساسەن بۇ ھەقتىكى پىكىرلىرىمىزنى
بايان قىلىمىز.

## I

مەھمۇت قەشقەرى « دىۋان » يازما نۇس-
خا44ـبەت،1ـ2ـقۇرلاردا«ازغ» (ئازىغ-$aziq$)
سۆزىنى ۋە«دىۋان» يازما نۇسخا 49ـبەت،7ـ
قۇردا « أبل $opal$» سۆزىنى «ئىسمى قويۇلغا
مېنىڭ يۇرتۇمنىڭ نامى » دېگەن
ئىبارە بىلەن تەرىپلىگەن. مۇندىن باشقا
قەشقەر ئەتراپىدىكى يېزىلارنىڭ ھەممىسىنى
« قەشقەر ئەتراپىدىكى بىر يېزا » دېگەن
ئىبارە بىلەن تەرىپلىگەن. مانا بۇ ئالىمنىڭ
ئۆز يۇرتىنىڭ قەشقەر ئوپال ۋە ئوپالنىڭ
« ئازىق » يېزىسى ئىكەنلىكى توغرىسىدا
بەرگەن ئېنىق مەلۇماتى. ئالىمنىڭ ئۆز
يۇرتى توغرۇلۇق بېرىلگەن بۇ مەلۇماتقا نىس-
بەتەن گەرچە بەزى مۇجمەل قاراشلار، ھەت-
تا بەزى بۇرمىلاشلار بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار-
نىڭ ھېچقايسىسى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەلبىدە
ئۆزىنىڭ مۇنەۋۋەر پەرزەنتى ھەققىدە ئە-
سىرلەر بويى ساقلىنىپ كېلىۋاتقان مۇھەب-

بەت ۋە ئەۋلاتتىن-ئەۋلاتقا داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان چىنلىققا ئۇيغۇن رىۋايەتلەر بىلەن تەستىقلىنىۋاتقان بۇ تارىخىي ھەقىقەتنى يالغانغا ياكى يوققا چىقىرالمايدۇ. گەرچە ئەسىرلەر ئۆزىنىڭ رەھىمسىزلىكىنى كۆرسىتىپ، نۇرغۇنلىغان نەرسىلەرنى يوقاتقان، نۇرغۇن نەرسىلەر، ۋەقەلىكلەر ئۇنتۇلغان بولسىمۇ، لېكىن مەشھۇر ئالىم مەھمۇت قەشقەرىنىڭ ئوپال ئازىق كەنتىدە تۇغۇلغانلىغى ھەققىدىكى پاكىتلار ۋە ئۇنىڭ ھاياتىغا ئائىت بەزى مۇھىم ۋەقەلىكلەر ھازىرمۇ دات يېقىن كېلەلمەيدىغان ئالتۇندەك پارلاپ تۇرۇپتۇ.

II

ئوپال قەشقەرنىڭ 45 كىلومېتىرچە غەربى جەنۇبىغا توغرا كېلىدىغان رايون. ھازىر قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىسىگە قارايدۇ. ئۇ پامىرنىڭ شەرقى ئېتىگىگە جايلاشقان، ھاۋاسى ساپ، تەبىئى مەنزىرىسى گۈزەل بىر جاي. خۇددى يىللارنىڭ ھەر قانداق گۈزەللىرىگىمۇ رەھىم قىلماي ئۇلارنى قېرىتىپ سەت قىلىۋەتكىنىدەك، كىلىماتنىڭ ئۆزگىرىشى ئەسىرلەر داۋامىدا ئۇنىڭ گۈزەللىكىگە ئۆز تەسىرىنى كۆرسەتكەن بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا ئۆزىنىڭ يارىتىلىشىدىكى ھوسنى-جامالىنى ئاساسەن ساقلاپ كېلىۋېتىپتۇ، شۇڭا مەھمۇت قەشقەرىنىڭ "قەشقەر خان تۇرىدىغان شەھەر، قەشقەرنىڭ ھاۋاسى ياخشى بولغانلىقتىن خاقان ئەفراسىياپ شۇ يەردە تۇرغان،"① دېگەن بايانلىرى ھېچقانداق مۇبالىغە ئەمەس. بۇنىڭ ئىچىدە ئوپالمۇ بار، ئەلۋەتتە.

ھازىرقى ئوپالدا « خان بېغى » ياكى « سۇلتانباغ » دېگەن جاي ۋە ئۇنىڭدا «تەكىيەگاھ - خانلارنىڭ چەتئەل ئەلچىلىرىنى كۈتىدىغان مەخسۇس مېھمانخانىسى» دېگەن جاي ئىسىملىرىنىڭ ساقلىنىپ قېلىشى، شۇنىڭدەك " قاراخان پاشا مازىرى " « ھەزرىتى پاشايىم مازىرى » ۋە قاراخانىلارنىڭ خان ئەۋلاتلىرىدىن بولغان « سۈپ تېكىن 7 سەبۇك تېگىن مازىرى »، « ئوپ تېگىن 7 ئالىپ تېگىن مازىرى ». «قىلىچ بۇغراخان مازىرى » قاتارلىق مازارلارنىڭ بولۇشى ئومۇمەن ئوپالنىڭ قاراخانىلار جەمەتى بىلەن قويۇق مۇناسىۋەتلىك جاي، قاراخانىلار جەمەتىگە تەۋە كىشىلەرنىڭ باغۇ - بوستانلىرى ۋە زىيارەتگاھلىرى جايلاشقان يەر بولغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

« ئازىق » كەنتى ئوپالنىڭ غەربى شىمالىغا « ھەزرىتى موللام » مازىرىنىڭ تەخمىنەن 300 - 400 مېتىرچە جەنۇبىدىكى « ئازىق دارىسى » دېگەن ئېقىننىڭ ئاغزى (كېيىنكى چاغلاردىكى ئىسمى سوسەر ئاغزى ) غا جايلاشقان. « ئازىق » كەنتىدىن 90 ياشلىق داۋۇت زۇمۇننىڭ دادىسىدىن نەقىل كەلتۈرۈپ ئېيتىپ بېرىشىچە، كەنتنىڭ ئەسلى ئىسمى « ئازىق كەنتى » بولۇپ، بۇرۇن سوسەر ئاغزىدىن بىر قېتىم سەل كېلىپ، سۇ بېسىپ كېتىپ، قۇم سالغانلىقتىن « قۇمباغ » دەپمۇ ئاتالغان.

سوسەر ئاغزىنىڭ سۈيى ھازىر ئازىيىپ كەتكەن، پەقەت ئۇنىڭ تۇتقان ئورنىدىن بىر زامانلاردا چوڭ ئېقىن بولغانلىقىنى مۆلچەرلەش مۇمكىن، سوسەر ئاغزىغا ئىچكىرىلەپ 400 مېتىرچە كىرگەندە ئوڭ تەرەپتە ( يەنى ئېقىننىڭ شىمالى لىۋىدە ) «نورۇز بۇلاق » دېگەن بۇلاق بار.

« نورۇز بۇلاق » نىڭ قارشى تەرىپى ( يەنى ئېقىننىڭ جەنۇبى لىۋى ) بۇرۇن « ئازىق تىككەن دائىرىسى ( ئېقىنى ) »

---

① « دىۋان » ئۇ. 1 - توم 117 - بەت، يازما نۇسخا 173 - بەت.

دىيىلىدىكەن. هازىر « ئاق تىكەندائىرىسى» دىيىلىدىغان بوپتۇ. بۇ يەردىكى « ئازىق تىكەن » بىلەن « ئاق تىكەن » ئۇلارنىڭ چۈشەندۇرۇشىدە ئوخشاش بىرلا نەرسە بولۇپ، ئۇنىڭ ئۇششاق، قىزىل مېۋىسى بولىدىكەن، بۇ مېۋىنى ئېيىق يەيدىكەن. بۇنىڭغا قارىغاندا ئالىمنىڭ يۇرتى بولغان « ئازىق » كەنتىنىڭ ئىسمى « ئازىق تىكەن دارىسى - ئېيىق تىكەن ئېقىنى » بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلىش خاتا بولمىسا كېرەك.

III

« ھەزرىتى موللام » مازىرىنىڭ تەزكىرىسىنى 1956 - يىلى هازىرقى قەشقەر كونىشەر مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ باشلىقى ئىسمايىل ئىبراھىم ( ئەسلى ئوپاللىق ) مەھەممەت چوڭ سا دىگەن كىشىدىن يۇسۇپ بەگ مۇخلىسقا ئېلىپ بەرگەن. گەرچە بۇ تەزكىرە قولىمىزدا بولمىسىمۇ، بۇ تەزكىرە ئوپال تەۋەسىدە ئومەر داموللام، قۇناخۇن خەلپىتىم قاتارلىقلار تەرىپىدىن ئۇلارنىڭ تالىپلىرى ئارىسىدا كوپ ئوقۇلغاچقا قۇلاقتىن - قۇلاققا ئاڭلىنىپ خەلققە ياد بولۇپ كەتكەن. مۇناسىۋەتلىك كىشىلەر بىزنى ئۇنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى بىلەن تەمىنلىدى.

« ھەزرىتى موللام » مازىرىنىڭ شەيخلىرىدىن بىز سوزلەشكەن باۋۇدۇن قارى، ئوسمان قارى ۋە مەھەممەت رىھىم شەيخلەر ( بۇ توغرىلىق شەيخلەرنىڭ نەسەپ جەدۋىلىگە قاراڭ ) ھەممىسى ئوزلىرىنى « ھەزرىتى موللام » شەيخلىرىنىڭ ئەۋلاتلىرى دىيىشىدۇ. باۋۇدۇن قارىنىڭ بوۋىسى تۇردى هاجىم شەيخ تەرىپىدىن يېزىلغان « سۇلتان سۇتۇق بۇغرا خان تەزكىرىسى » دىن مەلۇم بولۇشىچە، بۇ دەۋردە خان جەمەتىنىڭ مازارلىرىغا خان تەرىپىدىن مەخسۇس شەيخ، جارۇپكەش (قەبىر سۇپۇرگۈچى) تەيىنلىنىپ، بۇلار شۇ مازارنىڭ ۋەخپىلىرى بىلەن تەمىنلىنىپ تۇرغان، مۇنداق شەيخلىق ئاتىدىن بالىغا مىراس قالغان.

« ھەزرىتى موللام » مازىرىنىڭ شەيخلىقىمۇ خۇددى شۇنداق. بۇ مازارنىڭ شەيخلىقى ۋە ئۇنىڭ ئالدىدىكى « موللام بېغى » دەپ ئاتىلىدىغان كىچىك كەنتنىڭ ھەممەيېرى بۇ ئەۋلاتقا مىراس ۋە « ئەۋلادى ۋەخف يەنى ئەۋلاتتىن - ئەۋلاتقا قالىدىغان ۋەخف» قىلىپ بېرىلگەن. 1947 - يىلى 10 - ئاينىڭ 12 - كۈنى باشقىلار تەرىپىدىن بىر مەزگىل تارتىۋېلىنغان. شەيخلىقنى «ھەزرىتى موللام» شەيخلىرىنىڭ ئەۋلاتلىرىغا قايتىدىن ئېلىپ بېرىش ھەققىدە ئوپال مەھكىمە ئى شەرئىيە تەرىپىدىن چىقىرىلغان هوكۇمنامە بۇنىڭ دەلىلى. شۇنىڭدەك باۋۇدۇن قارىنىڭ 7 ئاتىسىنىڭ ھەممىسىنىڭ ئاخىرىدا «شەيخ» سوزىنىڭ قوشۇلۇپ ئېيتىلىشىمۇ، بۇلارنىڭ شۇ مىراس قالغان شەيخلىقنى داۋاملاشتۇرغۇچىلار ۋە ئەۋلادى ۋەخفىدىن بەھرىمەن بولۇپ كەلگۈچىلەر ئىكەنلىكىنى كورسىتىدۇ.

« ھەزرىتى موللام » شەيخلىرىنىڭ ھەممىسىلا «ھەزرىتى موللام » مازىرىنىڭ ئەسلى ئىسمى مەۋلانە شەمسىددىن مەھمۇدىيە ئىبنى ھۇسەيىن دەيدۇ. مەۋلانا ئالىملىقىغا قارىتىلغان، شەمسىددىن هورمەتلەش نۇقتىسىدىن بېرىلگەن ئۇنۋان، مەھمۇدىيە مەزكۇر شەخسىنىڭ ئوز ئىسمى ۋە ئەخلاقلىقىغا قارىتىلغان. ھوسەيىن - دادىسىنىڭ ئىسمى، دەپ تەرىپلىشىدۇ .

قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ خانلىرىغا "شەمسىددەۋلە-دولەتنىڭ قۇياشى"دەپ نام بېرىلگەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



لىگى بۇ يەردىكى " شەمسىددىن - دىنىنىڭ قۇياشى " دېگەن نام بىلەن سېلىشتۇرۇلسا، دەۋرىگە نىسبەتەن مەشھۇر ئالىم مەھمۇت قەشقەرىگە بۇ ئۇنۋاننىڭ بېرىلىشىنىڭ تەبىئىيلىگى ئۆزئۆزىدىن مەلۇم بولىدۇ.

« ھەزرىتى موللام » شەيخلىرىنىڭ: "موللام ئالىم كىشىكەن، تۆت ئەتراپقا ئىلىمنى شۇ تاراتقان ئىكەن؛ ئەرەپ، پارس، تۈركى، رومانى··· قاتارلىق 8 - 9 تىلنى بىلىدىكەن. ئىراق، ئىران تەرەپلەردە ئىلىم تەھسىل قىلغان مۇدەررىس بولغان ئىكەن، ئەڭ ئاخىرىدا مەن يۇرتۇمغا قايتسام، دەپ مۇشۇ يەرگە كېلىپ، مۇشۇ مازارنىڭ يېنىدىكى مەدرىسە ( ھازىر بۇ مەدرىسىنىڭ تاملىرىنىڭ ئىزناسىلا قاپتۇ -) دە مۇدەررىس بولغان ئىكەن، كېلىپ 8 يىلدىن كېيىن 97 يېشىدا ۋاپات بوپتۇ، ئىلىم بىلەن شۇغۇللانغان كىشى بولغاچقا، ئۇلۇغلاپ « ھەزرەت » دېيىلىدىكەن " دېگەن رىۋايەتلىرى ئومۇمەن مەھمۇت قەشقەرىنىڭ ھاياتىغا نىسبەتەن مەنتىقى جەھەتتىن ئۇيغۇن كېلىدىغان رىۋايەتلەر ھېسابلىنىدۇ.

IV

« ھەزرىتى موللام تەزكىرىسى »دە گەرچە بەزى دىنىي ۋە ئەفسانىۋى تەركىبلەر بولسىمۇ لېكىن ئۇنىڭ ئاساسىي نۇقتىلىرى رېئاللىققا ئۇيغۇن دەپ تونۇيمىز. يەنى بىز بۇ تەزكىرىنىڭ مۇناسىۋەتلىك جايلىرىدىن ئالىمنىڭ ئاتىسى، ئانىسى، ئۆزىنىڭ قايسى يول بىلەن سىرتقا چىقىپ كەتكەنلىكى قاتارلىق جەھەتلەردە ھازىرغىچە ئىلىم دۇنياسىغا مەلۇم بولمىغان ماتېرىياللارغا ئىگە بولدۇق، مەسىلەن، ئالىمنىڭ ئاتىسى ھۈسەيىننىڭ بارسخان ھاكىمى بولغانلىقى ( بۇ ئەھۋال بىزگە « دىۋان »دىن مەلۇم ) تەزكىرىدە " ئەمىرى شەپ " بولغان دېگەن مەزمۇن بىلەن مەلۇم.

شۇنىڭدەك، ئالىمنىڭ ئانىسى بۈبى رابىيە ( ھازىر ئۇنىڭ مازىرى بوبى رابىيە بەسىرىم " دېيىلىدىكەن . ئىراقتا ئوتكەن بۈبى رابىيە بەسرىنىڭ بۇ يەردە بولۇپ قېلىشى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئەمەس، ئىسىملىرى ئوخشاش بولغاچقا، " بەسرى " دېگەن لەقەپنى ئۇلۇغلاش يۈزىسىدىن ئاخىرىغا قوشۇپ قويغان بولسا كېرەك ) ئىكەنلىكى ۋە ئۇنىڭ ئېقىللىق، ئوقۇمۇشلۇق قىز ئىكەنلىكى تەزكىرىدە ھۈسەيىننىڭ شىكاردىن قايتىپ بۈبى رابىيەنىڭ دادىسى خوجا سەيپىددىن بىلەن ئوي چولپاندا ( بۇ مەھەللە ھازىرمۇ شۇنداق ئاتىلىدۇ ) باغدا ئانار ئۈزۈپ يۈرگىنىدە ئۇنىڭغا كوزى چۈشكەنلىكى ۋە ئادىمىنى كىرگۈزۈپ سۇ سورىتقاندا، بوبى رابىيەنىڭ سۇ ئورنىغا ئانارنى سىقىپ بەرگەنلىكى، شۇ چاغدا ھوسەيىننىڭ خەلققە ئانار سېلىغى سېلىپ، سۇ ئورنىغا ئانار ئىچسەك بولىدىكەن، دېگەن ناتوغرا پىكرى بوبى رابىيەگە ئايان بولۇپ، بۇ ھەقتە ھوسەيىنگە تەنبىھ بەرگەنلىكى، ئاخىرىدا ھوسەيىن ئوردىغا بېرىپ بۈبى رابىيەگە كىشى قويغاندا رابىيەنىڭ ھوسەيىنگە " نېمە ئىلىم ۋە ھۈنەر بىلىدىكەن ؟" دەپ شەرت قويغانلىقى ۋە ھوسەيىننىڭ بۈبى رابىيەگە ئويلىنىش ئۈچۈن ئىلىم - ھۈنەر ئۆگەنگەنلىكى قاتارلىق ۋەقەلىكلەر بىلەن بېرىلگەن.

بۈبى رابىيە ھوسەيىن بىلەن توي قىلغاندىن كېيىن ھەم ئۇنىڭ دولەت ئىشىنى تاشلاپ قويۇۋاتقانلىقىنى "بېشىڭىزدىكى تەۋەڭ سىڭايان بولۇپ، نان ئوگىتۇرۇلۇپ كېتەي دەۋاتىدۇ " دېگەن ئىشارە بىلەن بىلدۈرىدۇ ۋە ھوسەيىنگە ئىلىم - ھۈنەر ئۆگىنىش، خەلقنىڭ دەردى ئەھۋالىغا يېتىش توغرىسىدا تەربىيە بېرىدۇ.

ھوسەيىن خەلقنىڭ ئەھۋالىنى بىلىش

ئۇچۇن پۇقراچە ياسىنىپ، شەھەرنى ئايلىنىپ يۈرۈپ، يامان ئادەملەرنىڭ دامىغا چۈشۈپ قالىدۇ ۋە ئۇ يەردىن ئۆزى ئۆگەنگەن ھۈنەر تۈپەيلىدىن قۇتۇلۇپ چىقىدۇ.

بۇلار تۇرمۇش قۇرۇپ بىر يىلدىن كېيىن مەھمۇد تۇغۇلىدۇ. بۇبى رابىيە زىرەك، ئۇقۇمۇشلۇق ئايال بولغاچقا، ھوسەيىنمۇ ئۆز بېشىدىن ئۆتكەن ئاچچىق ساۋاقلار ئارقىلىق ئىلىم ـ ھۈنەرنىڭ قەدرىگە يەتكەچكە، بالىسى مەھمۇتنى كىچىكىدىن ئىلىم ـ ھۈنەرگە ھەۋەسكار قىلىپ تەربىيىلەيدۇ. مەھمۇد كىچىكىدە ئۆيدە، كېيىن قەشقەردە ھوسەيىن ئىبنى خەلەف كاشغىرى① قاتارلىق دەۋرىنىڭ ئاتاغلىق ئالىملىرىدىن ئىلىم ئالىدۇ.

ئىمىس تارىخچىسى پىرىستاك ئېيتقاندەك، مىلادى 1058 ـ يىللىرى ئوردىدا قىرغىنچىلىق يۈز بەرگەندە بەختىكە يارىشا ئامان قالغان مەھمۇت قەشقەرىنىڭ قايسى يول بىلەن سىرتقا چىققانلىقى ھازىرغىچە رۇشەنلەشمىگەن مەسىلە ئىدى. بۇ رىۋايەتلەردە ئۇنى « مۇق يولى » ( پامىردىكى « مۇغ » قەلئەسى ئارقىلىق ئۆتىدىغان يول، بۇ پارسچە " مۇرغ ـ قۇش " دىگەن سۆزدىن ئېلىنغان بولۇپ، "قۇش يولى" دىگەن بولىدۇ) بىلەن كەتتى، دىيىلگەن. بۇ پامىرنىڭ ئادەتتە كىشىلەر ئىنتايىن ئاز ماڭىدىغان، قۇشلارلا ئۆتەلەيدىغان ئۆتكەلى بولۇپ، بۇ يەردىن ئۆتكەن كىشىلەرگە قەشقەردە ئالاھىدە پالانى موق، پۇستانى مۇق دەپ لەقەم بېرىلىدىكەن ( بۇ يول ئوپالنىڭ يېنىدىن ئۆتىدۇ ). ئوپال خەلقىنىڭ مىڭ يىل مابەينىدە بۇ « مۇق بولى » نى ئەستىن چىقارماي كېلىشى ئالىمنىڭ بۇ قىرغىنچىلىقتىن قۇتۇلۇشىدا ئاساسلىق ئامىلنىڭ شۇ يولدىن ماڭغان بولۇشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

بۇنى تەستىقلايدىغان يەنە بىر رىۋايەت شۇكى، مەھمۇت قەشقەرى كەتكەندىن كېيىن ئانىسى بۇبى رابىيە ئۇزاق كۈتىدۇ، بالىسى ئۇزۇن يىللارغىچە كەلمىگەندىن كېيىن شۇ «مۇق يولى» غا قاراپ بالىسىنى ئىزلەپ ماڭىدۇ، ئاخىرى بالىسىنىڭ يولىدا ۋاپات بولىدۇ (بۇبى رابىيەنىڭ مازىرى ھازىرقى ئوپالنىڭ غەربىي جەنۇپ تەرىپىدە، پامىرغا ئۆتىدىغان چوڭ يول بويىدىكى "كورۇك بېشى" دىگەن يەردە ).

V

يۇقۇردا ئېيتقىنىمىزدەك، شەيخلەرنىڭ رىۋايىتىچە، مەھمۇت قەشقەرى ئىراق، ئىران تەرەپلەردە ئۇزۇن يىللار ئىلىم تەھسىل قىلغان ۋە مۇدەررىسلىك قىلغان، ئەسەرلەر يازغان. ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا ئوپالغا قايتىپ كېلىپ 8 يىل مۇدەررىسلىك قىلغان. ئالىمنىڭ قايتىپ كەلگەندىن كېيىنكى پائالىيەتلىرى توغرىسىدا شۇنداق دىيىلىدۇ: "موللام ھەر نورۇز ئېيىدا ئۆز تالىپلىرى بىلەن « نورۇز بۇلاق» قا چىقىپ بۇلاقتا نورۇزلۇق غەزەللەر يېزىپ تاشلىشىپ سەيلە قىلىشىدىكەن، تالىپلارنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىملىرىمۇ شۇ يەردە ئۆتكۈزىلىدىكەن" شۇندىن بۇيانقى ئاز كەم مىڭ يىل داۋامىدا ( تاكى يېقىنقى زامانلارغىچە) قەشقەر ۋە يەكەن ئەترابىدىكى ئولۇمالار « ھەزرىتى موللام»نى "ئىلىمگە ھوددىگار پىرىم" دەپ تونۇشقان ۋە ئۆزلىرى يېتىشتۈرگەن تالىپلارغا ئوقۇش پۈتتۈرۈش ئىزنىۋانى بېرىش مۇراسىمىنى مۇشۇ يەرگە كېلىپ، « نورۇز بۇلاق» تا ئۆتكۈزۈپ، ھەزرىتى موللامغا دۇئا ـ تەكـ

① شەيخ ئىمام زاھىد ھوسەيىن ئىبنى خەلەف كاشغەرى ھەققىدە «دىۋان» ئۇيغۇرچە 1 ـ توم، 456 ـ بەتكە قارالە، بۇ زاتنىڭ مازىرى قەشقەر قازىرىق دىگەن جايدا دىيىلىۋاتىدۇ.

بىر قىلىپ ئۇنىڭدىن ئىجازەت ئېلىش ئادەت بولۇپ قالغان. شۇنداق قىلمىسا، ئۇ تالىپنىڭ ئىلمى ئالغا باسمايدۇ، دەپ قارىلىدىكەن.

بۇ بۇلاقنىڭ «نوزۇر بۇلاق» دەپ ئاتىلىشى يۇقۇرقى رىۋايەتتىن مەلۇم. بۇ بۇلاق ھازىرمۇ شۇنداق ئاتىلىپ كېلىۋېتىپتۇ. ئۇ خەلقىمىزنىڭ مۇنەۋۋەر پەرزەندى ئالىم مەھمۇت قەشقەرى ھاياتىنىڭ تىرىك گۇۋاچىسى سۈپىتىدە ھازىرمۇ بۇلدۇقلاپ قايناپ تۇرۇپتۇ.

## VI

## خۇلاسە

بىز مەھمۇت قەشقەرىنىڭ «دىۋان»دا ئۆز يۇرتى توغرۇلۇق بەرگەن بايانلىرىغا، «ھەزرىتى موللام» شەيخلىرىنىڭ مازارىنىڭ ئىسمى "مەۋلانا شەمسىددىن مەھمۇت بىن ھوسەيىن" دەپ بەرگەن ئاغزاكى مەلۇماتى، تەزكىردە مەھمۇت قەشقەرىنىڭ ئاتىسى ھوسەيىن بىلەن ئانىسى بۈبى رابىيە ھەققىدىكى ۋەقەلىكلەر، مەھمۇت قەشقەرىنىڭ «مۇق يولى» دىن چىقىپ كېتىپ، دۇنيانى ساياھەت قىلغانلىغى، كېيىن ئۆز يۇرتى ئوپالغا قايتقانلىغى ۋە 97 يېشىدا ۋاپات بولغانلىغى، بۈبى رابىيەنىڭ بالىسىنىڭ يولىغا قاراپ، شۇ يولدا بالىسىنى ئىزلەپ كېتىۋېتىپ ۋاپات بولغانلىغى ۋە بۇ مازارنىڭ ھازىرمۇ شۇ نام بىلەن ئاتىلىدىغانلىغى قاتارلىق ھەممىلا ئادەمنىڭ ئاغزىدىن ئوخشاش چىقىدىغان، چىنلىقتا ئۇيغۇن بولغان رىۋايەتلەرگە ئاساسەن، مەھمۇت قەشقەرى ياشانغىنىدا ئۆز ۋەتىنىگە قايتقان ۋە يۇرتى ئوپالدا ۋاپات بولغان دەپ قارىدۇق ھەم «ھەزرىتى موللام» مازىرى ئەمەلىيەتتە مەھمۇت قەشقەرىنىڭ مازىرى دىگەن خۇلاسىغا كەلدۇق.

مۇناسىۋەتلىك يولداشلارنىڭ ۋاقىپ بولۇشى ۋە ئويلىنىپ كۆرۈشىنى ئۈمىت قىلىمىز.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى تىل تەتقىقات ئىنستىتوتىدىن:

ئىبراھىم مۇتىئى،
مىر سۇلتان ئوسمانوۋ.

بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈشكە بىللە قاتناشقانلار:
قەشقەر ۋىلايەتلىك مەدەنىي يادىكارلىقلارنى باشقۇرۇش ئورنىدىن:

مەھەممەت زۇنۇن
مەھەممەت ئىمىن سابىت

قەشقەر مىللىي تىبابەتچىلىك كەسپىي بولۇمىدىن:

ئابدىرىشىت سابىت.

قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتىدىن: ئىسمايىل ئىبراھىم.

1982 – يىل 30 – دېكابىر، قەشقەر.

# قاسىم قازى ئاخۇنۇمنىڭ «ھەزرىتى موللام» توغرىسىدا ئېيتقانلىرى

مەھمۇت قەشقەرىنىڭ يۇرتى ۋە قەۋرىسىنى ئېنىقلاپ بېكىتىش يۈزىسىدىن قەشقەر مەمۇرى مەھكىمىسى تەرىپىدىن چاقىرىلغان سۆھبەت يىغىنىغا قاتنىشىپ، پارتىيە ـ ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىمىزنىڭ سۆزى ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك دوكلات، مۇلاھىزەلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن چوڭ تەسىراتقا ئىگە بولدۇم، خۇرسەنلىك ۋە پەخىرلىنىش ھېس قىلدىم. چۈنكى، جۇڭخۇا مىللەتلىرىدىن، بولۇپمۇ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاز سانلىق ئۇيغۇر مىللىتى ئىچىدىن مەھمۇت قەشقەرىدەك ئاتاغلىق ئالىمنىڭ مەيدانغا كېلىشى بىزنىڭ يۈكسەك ئىپتىخارىمىز ۋە شەرىپىمىزدۇر. بۇ، ئۇلۇغ ئالىمنىڭ ئۇزۇن يىللاردىن بېرى ھۆكۈم سۈرگەن مۇستەبىت ھاكىمىيەتلەر ۋاقتىدا مەيدانغا چىقماي، بۈگۈنكى كۈندە، ئۇلۇغ پارتىيە ۋە ئۇلۇغ ھۆكۈمىتىمىزنىڭ غەمخورلىقى ئاستىدا تەتقىق قىلىنىپ، تارىخ سەھىپىسىدە يېزىلىپ، ئوتتۇرىغا چىققانلىقى ئۈچۈن پارتىيە ۋە ھۆكۈمىتىمىزگە رەھمەت ئوقۇيمەن، مىننەتدارلىق بىلدۈرىمەن.

مەھمۇت قەشقەرى ئۆز ئەسەرلىرىدە «ئوپال ـ بۇ مېنىڭ يۇرتۇمنىڭ ئىسمى» دېگەن، مەنمۇ ئوپالدىن ئۆسۈپ چىققانلىقىم ئۈچۈن، پېشقەدەملەردىن ئاڭلىغانلىرىم ۋە ھېس قىلغانلىرىمنى كۆپچىلىك بىلەن ئورتاقلاشماقچىمەن.

ئوپال گۇڭشېنىڭ ھازىرقى 5-دادۇيىدە (كونا ئاتالغۇسى بويىچە موللام بېغى كەنتىدە) بىر مازار بولۇپ، «ھەزرىتى موللام» دېگەن ئىسىم بىلەن مەشھۇر بولغان. بۇ كىشىنىڭ دەپنە قىلىنغان گۈمبىزى ئېگىز بىر دۆڭدە بولۇپ، ئالدىدا نۇرغۇن ئۈژمىلىك باغلار بار ئىدى. ھەر يىلى 5 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدىن 6 ـ ئاينىڭ باشلىرىغىچە كونىشەھەر ناھىيىسىگە قاراشلىق ئوپال، بۇلاقسۇ، تاشمىلىق قاتارلىق جايلاردىن ئەر ـ ئاياللار ھەزرىتى موللامنىڭ ئۈژمىسىنى يەيمىز دەپ، داقا ـ دۇمباق بىلەن سەيلى ـ تاماشىغا كېلىپ مازارنى زىيارەت قىلىپ، باغدا مەشرەپ، نەغمە ـ ناۋا قىلىپ كۆڭۈل ئېچىشاتتى. بۇ تاماشا ھەر ھەپتىنىڭ شەنبە كۈنىدە بولۇپ، «شەنبە سەيلىسى» دەپ ئاتىلاتتى.

«ھەزرىتى موللام»نىڭ غەربىي شىمال تەرىپىدە «ھەزرىتى موللامنىڭ تېغى» دەيدىغان قىزىل بىر تاغ بولۇپ، ئۇ گەج چىقىدىغان جاي ئىدى. ئۇ تاغنىڭ ئالدى تەرىپىدە «ئەژدەرھا ئۆڭكۈرى» دەيدىغان بىر ئۆڭكۈر بار ئىدى (ھازىرمۇ بار). كونىلارنىڭ ئېيتىشىچە ھەزرىتى موللامنىڭ ۋاقتىدا شۇ ئورۇندا ئەژدەرھا بولۇپ، موللام بېغى كەنتىنىڭ خەلقى ۋە مال ـ مۈلۈكلىرىنى دەم تارتىپ يۇتۇۋېتىپ، پۇخرالار ئېتىز ـ ئېرىق ئىشى بىلەن خاتىرجەم شۇغۇللىنالمىغانلىقتىن، خەلق ھەزرىتى موللامدىن ئەژدەرھانى يوقىتىش ئۈچۈن دۇئا تەلەپ قىلىپ، شۇ ئارقىلىق ئەژدەرھانى ئۆلتۈرگەن ئىكەن. خەلقنىڭ ئېتىقادى مازارغا بەك ئارتۇق ئىدى. ھەزرىتى موللامنىڭ ئىسمىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ھېچكىم بىلمەي «ھەزرىتى موللام» دېگەن لەقەب بىلەن ئاتىلىپ،

كېيىنكى زامانلاردا شۇ مازارنىڭ كونا شەيخلىرى تەرىپىدىن بۇ كىشىنىڭ ئىسمى ھەزرىتى مەۋلانا شەمسىددىن ئەللام ئىكەن دەپ تونۇلغان. ئەمما ئۇ ۋاقىتتا مەھمۇد بىن ھۇسەيىن كاشغەرىنىڭ ئىسمى مەيدانغا چىقمىغانلىقىدىن شەمس الدىن ئەللامە دېيىلگەن. مەھمۇت دەپ ئاتالمىغان ئىكەن.

مەن بۇندىن 50 يىل بۇرۇن مازارنىڭ كونا شەيخلىرىنىڭ قولىدا شۇ مازارنىڭ بىر تولىيە سىنى كورگەن ئىدىم. ئۇ تولىيە بە دولەت (ياقۇپ بەگ) نىڭ قەشقەرغە ھاكىم بولغان دەۋرىدە تامامى قەشقەر ئەتراپىدىكى مازارلارنىڭ تولىيەلىرىنى يىغقانلىقى ئۈچۈن ھەزرىتى موللامنىڭ كونا تولىيەسىدىن بىر نۇسقە كۆپىيە قالدۇرغان ئىكەن. ھەزرىتى موللامنىڭ بۇ تولىيەسىنىڭ كىرىش سوزىنى شۇنداق دەپ يازغان: «ھەزرىتى موللام مولەققەب (لەقەب) ئىسمى مەۋلانا شەمسىددىن ئەللام مەھمۇدىيە دۇرمەنكى پاتمانلىق (سانى ئىسمىدىن چىقىپ قاپتۇ) يېرىمىنى ۋەخق قىلدىم، مەندىن كېيىن مېنىڭ ئەۋلادىمدىن كىم مازىرىمغا شەيخ، موتەۋەللە بولسا مەزكۇر زېمىننى تېرىپ ـ ساتمىغان، مۈلۈك قىلىپ ئالمىغان، مىراس قىلىپ ئالمىغان شەرت بىلەن زېمىندىن چىققان مەھسۇلاتنى × ئۇق قىلىپ شەيخ × ئۇق يەيدۇ، موتەۋەللە × ئۇق يەيدۇ. × ئۇقنى شىكەستلىرىغا (رېمونت دىمەكچى) سەرپ ئېتىدۇر، قەبرەمنى زىيارەت قىلغىنى يېراق ـ يېقىندىن كەلگەنلەرگە سەرپ ئېتىدۇ» دىگەن مەزمۇندا شەرت باغلىغان ئىكەن. مەن ئۇ ۋاقىتتا ئۇ تولىيەدىكى مەۋلانا شەمسىددىن ئەللام مەھمۇدىيە دىگەن ئىسىمنى مۇنداق ھىس قىلغان ئىكەنمەن. مەۋلانا شەمسىددىن ئىسمى بولسا ئەللام مەھمۇدىيە دىگەننى ئەشۇ شەمسىددىن دىگەن ئىسىمگە مەدھىيە ـ سۈپەت ئوخشايدۇ دەپ تونۇغان ئىكەنمەن. ھازىر ئەمدە مەھمۇد كاشغەرىنىڭ ئوزىنىڭ ئەسىرىدە ۋە بەزى باشقىلار تەرىپىدىن ئىگەللەنگەن دېلىل ـ پاكىتلارغا قارىغاندا مەن مەھمۇد كاشغەرىنىڭ ئوزى ھەزرىتى موللام ئىكەنلىكىنى تونۇپ ئېتىراپ قىلدىم، شۇ ئىكەن دەپ بىلدىم، راستلىقىغا ئىشەندىم. ئۇ ماتېرىيالدا "يۇرتۇم ئوپال، ئازىق كەنتى» دېيىلىپتۇ. بۇمۇ توغرا دەپ تونۇيمەن. ھەزرىتى موللامنىڭ غەربى جەنۇب تەرىپىدە سوسەر دەيدىغان بىر جىلغا بولۇپ ئۇنىڭ ئاغزى سوسەر ئاغزى دەپ ئاتالغان. ئۇ يەرنىڭ ئىسمى بۇرۇن سوسەر ئېزىق دەپ ئاتالغان بولسىمۇ كونىلارنىڭ ئېيتىشىچە كېيىن سوسەر ئاغزى دەپ ئاتالغان. سوسەرنىڭ ئىككى تەرىپى يار، ئوتتۇرىسى ئورمانزارلىق، چوپزارلىق، يايلاق بولۇپ ئوتكەن. ئۇ يەر، بۇ يەردىن بۇلاق سۈيى سىزىپ چىقىپ، ئاياغ بىر دەريا بولۇپ، شۇ ئېغىزدىن چىققان سۇ 6 ـ، 5 ـ دادۇينىڭ پۈتۈن، 7 ـ دادۇينىڭ نىسپىنى سۇغۇرىدۇ. ياز ۋاقىتلىرىدا تاغدا يامغۇر يېغىپ بىرەر ئىككى مىڭ تاشلىق كەلكۈن سەل كېلىپ جىلغا ئەتراپىدا نۇرغۇن يەرلەرنى ۋەيران قىلىپ كېتىدىغان، نۇرغۇن دەرەخلەرنى، چوپزارلىقتا ئوتلاۋاتقان ھايۋانلارنىمۇ ئېقىتىپ كېتىدىغان ئىشلار بار ئىدى. ئۇ سوسەرنىڭ ئاغزى دەھەن بولغانلىقىدىن سوسەر ئاغزى دەپ ئاتىلىپ قالغان. مەن، سوسەر ئاغزى ئەمەس. شۇسەر ئاغزى دىگەنىمكىن دەپ ھىس قىلىمەن. چۈنكى بىز ئۇيغۇرلارنىڭ ئاتالغۇلىرىمىز ئەرەبى، پارىس، ھەتتا خەنزۇچە ھەر تۈرلۈك لوغاتلار بىلەن مۇرەككەپ بولغانلىقىدىن بىز ئۇيغۇرلارنىڭ ئاتالغۇسىدا "شۇ» دىگەن ئازدىكى سۇ بولۇپ، " سەر » پارىس تىلىدا باش دىگەن مەنادا بولۇپ سۇ بېشى باشلىنىپ كېلىدىغان ئاغزى دىگەن بولامدىكىن دەپ ئويلايمەن.

ماتېرىيالدا سۇلتان باغنىڭ دارىسى دېگەن، ئۇ ھەم قەدىمدىن شۇنداق دەپ ئاتالغان، ھېلىمۇ شۇ ئاتالغۇ بىلەن ئاتىلىدۇ.

مەھمۇد كاشغەرى مۇق يول بىلەن قاچقان دېيىلىپتۇ. مۇق يول دېگەن سۆزمۇ توغرا. ئازاتلىقتىن بۇرۇن «مۇق قۇرۇل» دەپ ئاتىلاتتى. مۇق سوۋېت زېمىنىگە ئۆتۈپ كېتىدىغان ئوغرى يول بولۇپ، ئۇ يەردە خەلقلەر ئوغۇرلۇقچە ئۆتۈپ كېتىدۇ دەپ توساپ ياتىدىغان چېرىكلەر دۈجۇرلۇق قىلىپ ساقلايتتى. ئازاتلىقتىن كېيىن ئۇ ئەمەلدىن قالغان.

يەنە ماتېرىيالدا «سوسەر ئاغزىنىڭ ئۇ تەرىپىدە خوجا سەييىدىن دېگەن مازار بار، ئۇ يەرنى قۇمباغدەيدۇ» دېيىلىپتۇ، بۇمۇ توغرا. مېنىڭ ئۆسۈپ چىققان يېرىم شۇ قۇمباغ دېگەن يەر. كونىلاردىن ئاڭلىشىمىزچە: قۇمباغ دېگەن بۇرۇن كەلكۈن سۇ كېلىپ قۇم بېسىپ كەتكەنلىكتىن قۇمباغ دەپ ئاتالغان. خوجا سەييىدىن ھەزرىتى موللامنىڭ شاگىرتى دېيىلگەن. ئۇپالدا يالغۇز سەييىدىن مازار ئەمەس، ئون نەچچىدىن كۆپرەك مازار بار. كونىلاردىن ئاڭلىشىمىزچە: ھەممىسى ھەزرىتى موللامنى پانا تارتىپ ئەگىشىپ كەلگەن دەيدۇ. ئۇپالدىكى مازارلارنىڭ ئىسمى تۆۋەندىكىچە: ھەزرىتى موللام، ئىمامىلىرىم، خوجا سەييىدىن، خوجا قونداق، مازار توغراق، قىلىچ بوغرا، ئېلى تېكىن، سوبۇكتېكىن، كەكە ساقال ئاتام، قارا ساقال ئاتام، قارا تاش مازار، قىزىل مەسچىت ئاتام، ئالمىلىق ئاتام، بولغونۇچ ئاتام، ھەزرىتى پاشاھ، بۈبى رابىيە بەسرىم قاتارلىق مازارلاردۇر. بۇلاردىن ئاز سانلىق مازار يۇرت ئىچىدە بولسىمۇ، تولىسى يۇرتنىڭ ئۈستىدە. خۇددى يۇرتنى مۇھاسىرىگە ئالغانغا ئوخشاش ئۇپالنىڭ توت ئەتراپىدا ئورۇنلاشقان. خەلق ئارىسىدا ھەر قايسىنى ئۆزىگە لايىق ھورمەتلەيدۇ، ئۆزىگە لايىق خۇسۇسىيىتى بار. ھەزرىتى موللامنىڭ تېغىدىن ئازاتلىقتىن بۇرۇن دەرەخلەر تېرىلغۇ يەرگە ئوغۇت قىلىمىز دەپ كولاپ توپا ئالغان. بەزى يەردىن تاشتىن ئويۇلغان كوزا، چىنە، گۈل ئويۇلغان ئۆي سايمانلىرىمۇ چىققان. ھەتتا تاملىرى گەجدىن سۇۋالغان ئۆي-ئىمارەتلەرمۇ چىققان. بۇ ئۇپال چەت دۆلەتلەرگە چېگرا بولغانلىقتىن ئۆپۈلات قورۇل، يودۇغباش قورۇل دەيدىغان، قورۇلچى ساقلايدىغان چازا بار ئىدى.

تاغدىكى ئەژدەرھانىڭ ئۆۋىسى دېگەن ئۆڭكۈرنىڭ ئالدىدا تاغ ئۈستىدە توققۇز قازناق دەپ يەر ئاستى كاما بار ئىدى. بىز كىچىك ۋاقتىمىزدا (مەكتەپتە ئوقۇيدىغان ۋاقتىمىزدا) مازارغا چىقىپ شۇ توققۇز قازناقنىڭ يۇقۇرى بېشىدىن كىرىپ ئۆڭكۈردىن بۇنىڭغا ئۆتۈپ ئويناپ ئاياغ، بېشىدىن چىقىپ ئوينايتتۇق. ھەزرىتى موللامنىڭ ئاستىدىكى بىر مەھەللىنىڭ شەرق تەرىپىنى كونا قورغان دەيتتى. شۇنىڭدەك بازار قورغان، ھولجىگدە قورغان دەيدىغان جايلار بار ئىدى. ئىككى جاينى قەدەم جاي دەپ ئاتىلىدۇ. بىرسى 1 - دادۇيدە، يەنە بىرسى 3 - دادۇيدە. بۇ ھەزرىتى موللام ئۆز ۋاقتىدا ئىلىمگە توشقان بىر كىشى بولۇپ، كۆپ كىشىلەر ئۇنىڭدىن تەربىيە ئېلىپ موللا بولغان. ھەر يىلى ياز ۋاقىتلىرىدا ئۇپال گۈزەل، ھاۋالىق بولۇپ، بولۇپمۇ ھەزرىتى موللام جايلاشقان ئورۇن ئىگىز ھاۋالىق بولغاچقا ئەتراپ-جانىبىدىن ئوقۇغۇچى-تالىپلار كېلىپ قۇرئان تىلاۋەت قىلىپ، دىنىي كىتابلىرىنى مۇزاكىرە قىلىپ، مەلۇم مۇددەت ئىستىقامەت قىلىپ، تەربىيە ئېلىپ، مەنىۋى ئىجازەت ئېلىپ كېتەتتى. تەربىيە ئالىدىغان تالىپلار

يالغۇز ئوپال ئەمەس، ئاقسۇ، كۇچا، خوتەن، يەكەن، قاغىلىق، مارالۋېشى قاتارلىق ۋىلايەت، ناھىيىلەردىن قەشقەرگە ئوقۇش ئۈچۈن كېلىپ ياز كۈنلىرىدە ئوپالغا چىقىپ ھەزرىتى موللامدىن تەربىيە ئېلىپ كېتەتتى. ئىلمى ئالىغا باسمىغان شاگىرتلارنى ئۇستازى ھەزرىتى موللامغا بېرىپ تەربىيە ئېلىپ كېلىڭلار دەپ بۇيرۇيتتى. ئۇلار كېلىپ مەلۇم مۇددەت ئىستىقامەت قىلىپ كەتكەندىن كېيىن ئۆز ئالدىغا ئىلمى ئالىغا بېسىپ موتالىئەسى چىقىپ كېتەتتى. جۈملىدىن مەنمۇ ھەزرىتى موللامدىن تەربىيە ئالغان. باش ۋاقىتلىرىمدا ئىلمىم ئالىغا باسماي ھەزرىتى موللامغا چىقىپ تومۇز كۈنلىرىدە روزى تۇتۇپ قىرىق كۈن ئىستىقامەت قىلدىم. شۇنىڭ بىلەن ئوقۇشۇم ئالىغا بېسىپ ساۋادىم چىققان. ھەتتا شۇندىن كېيىن دىنىي خىزمەتلەرگە مۇيەسسەر بولدۇم. ئەۋۋەل مەھەللەمدە كىچىكرەك مەسچىتكە ئىمام بولدۇم. ئۇندىن كېيىن ھەزرىتى موللامنىڭ ئۆزىدىكى ھازىرقى مەسچىت جامەگە ئون يىلدەك خەتىپ بولدۇم. ئەڭ ئاخىرىدا قازىلىق خىزمىتىگە مۇيەسسەر بولدۇم. مەن بۇنى ھەزرىتى موللامنىڭ تەربىيىسىدىن بولدى، ھەزرىتى موللامنىڭ مەدەت - ياردەم قىلغانلىقىدىن بولغان دەپ تونۇيمەن.

ئىسلام دىنىمىزدا خۇدادىن بولەك كىشىگە ئىبادەت قىلىپ چوقۇنۇش، خۇدادىن باشقا كىشىدىن مەدەت ئىستىئانەت سوراش ئېتىقات جەھەتتىن ئىسلام دىنىغا خىلاپ بولسىمۇ، قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىس شەرىپلەرنىڭ مەزمۇنىچە خۇدا، قانداق كىشى بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۆز پەزىلى - كەرەمىنى خالىغان كىشىنىڭ ۋۇجۇدىغا قويغان. ھەر بىر كىشىنىڭ ۋۇجۇدىدا ئۆزىگە لايىق قابىلىيەتلەرنى خەلق ئەتكەنلىكى ئۈچۈن ھەزرىتى موللامنىڭ ۋۇجۇدىدا شۇنداق پەزىلەت ۋە ئۇلۇغ تەربىيىنى قويغانلىقىنى ھېچ كىشى ئىنكار قىلالمايدۇ. بۇنىڭدا شەك - شوبھە يوق.

مۇندىن 50 يىل بۇرۇن يېڭىسارلىق پالتاخۇن خەلپىتىم دېگەن بىر ئالىم كىشىدىن شۇنداق ئاڭلىغان ئىدىم. ئۇ ئادەم ھەر يىلى يېڭىساردىن ھەزرىتى موللامغا كېلىپ مەلۇم مۇددەت تۇرۇپ كېتەتتى. ئۇ ئادەم شۇنداق دېگەن: مەن يېڭىساردا ئوقۇيدىغان ۋاقتىمدا «مەسنىۋى شەرىپ» كىتاۋىنىڭ بىر مەنىسىنى تاپالمىدىم. يېڭىساردىكى ئۇستازلىرىممۇ تاپالمىدى. يەكەنگە بېرىپ، يەكەندىكى ئالىملاردىن سورىسام ئۇلارمۇ تاپالمىدى. ئۆزۈم ھەيران بولۇپ يۈرۈپ بىر كۈن كېچىسى چۈشۈمدە "بۇنىڭ مەنىسىنى ھەزرىتى موللام بىلەتتى» دىدى. چۈشۈمدىن ئويغۇنۇپ ھەزرىتى موللام دېگەن نەدە دەپ خەلقتىن سورىسام ئوپال دېگەن يەردە ھەزرىتى موللام دەپ بىر مازار بار ئىدى،دىدى. مەن ئوپالغا كەلمىگەن ئىكەنمەن. ئىزدەپ سوراپ ئوپالغا كېلىپ ھەزرىتى موللامدا قىرىق كۈن ئىستىقامەت قىلدىم. ئەڭ ئاخىرىدا ئۇخلاپ قويسام ئۆزىچە دىلىمغا تاپالمىغان مەنا ئېنىق بولۇپ چۈشۈپ، دىلىم يورۇپ قاپتۇ. قايتىپ كېلىپ يېڭىسار، يەكەندىكى ئالىملەرگە سېلىپ باقسام ئۇلار چۈشۈنۈپ ئاپىرىن ئوقۇپ كەتتى. شۇندىن بېرى مەندىن بىر كىشى سىلە كىمدە ئوقۇغان دەپ سورىسا، مەن ھەزرىتى موللامدا ئوقۇغان، ئۇستازىم ھەزرىتى موللام دەيمەن دېگەن ئىدى.

مەن يۇقۇرىدا "ھەزرىتى موللام ئەژدەرھانى ئۆلتۈرگەن دېگەن پاراڭ بار ئىدى» دېگەن ئىدىم، ئەمما قانداق ئۆلتۈرگەنلىكىنى، ھەزرىتى موللامنىڭ قانداق ۋاپات بولغانلىقىنى بىلمىگەن ئىدىم. مەن ئازاتلىقتىن 3 - 4 يىل بۇرۇن ئوپالنىڭ ھول جىگدە كەنتىدىكى مەممەت چواڭ

دىگەن ئادەمنىڭ قولىدا ھەزرىتى ئىماملىرىمنىڭ ئىسمى (ئىمام مالىك ئەژدەر، ئىمام مالىك ئەستەر) دىگەن مازارنىڭ تەزكىرىسىنى كۆرگەن ئىدىم. ئۇ تەزكىرىدە مۇنداق دىگەن: ئىماملىرىم ـ سەمەر قەنتنىڭ دەبىدىن كەلگەن، ھەزرىتى موللامنىڭ شاگىرتى ئىدى. ھەزرىتى موللام ئالىم كىشى ئىدى. ئىماملىرىم ئەھلى غازات كىشى ئىدى. ئىماملىرىم دائىم كاپىرلار بىلەن جەڭ قىلاتتى دىگەن. يەنە شۇ تەزكىرىدە ”ھەزرىتى موللام موللام بىغى خەلقىنى ئەژدەرھانىڭ ھالاك قىلىشىدىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئىككى يىپنى دانە قىلىچنى باغلاپ ئەژدەرھاغا مۇق بىلە بولغان. ئەژدەرھا دەم تارتقاندا ئىككى ياندىكى باغلىغان قىلىچ ئەژدەرھانىڭ ئىككى جاۋغىيىنى تىلىپ ئىككى بولەك قىلىپ ھالاك بولغان. ھەزرىتى موللامۇ ئەژدەرھانىڭ زەھرىنىڭ تەسىرىدىن ۋاپات بولغان» دىيىلگەن.

كونىلارنىڭ ئېيتىشىچە: ھەزرىتى موللام، شاگىرتى ئىمام مالىك ئەكبەرگە بۇيرىغان ئىمام مالىك ئەكبەر ئەژدەرھانى ھالاك قىلغان. ئىمام مالىك ئەكبەر مىنىسى كۆك ئىنەكنىڭ سۈتىندە يۇيۇڭلار دىگەن ئىكەن، كۆك ئىنەكنىڭ سۈتى يېتەرلىك بولماي بەزى ئەزايىغا يەتمىگەنلىكتىن ئىمام مالىك ئەكبەر ۋاپات بولغان ئىكەن (ئەژدەرھانى ئۆلتۈرگەنلىكى ئۈچۈن ئىمام مالىك ئەكبەرنى ـ ئىمام مالىك ئەژدەر دەپ ئاتىلىپ كەلگەن دىگەن سۆز بار) ئەگەر كۆك ئىنەك سۈتى تولۇق يەتكەن بولسا زەھەرنىڭ تەسىرىنى تارتىپ ئېلىپ ھايات قالىدىكەن دىگەن سۆزلەرمۇ بار ئىدى. يەنە ئوپالنىڭ 1ـدادۇيىنىڭ ئايىغىدا قاراباش دىگەن بىر مەھەللە بار. بۇ مەھەللە بىلەن ئىماملىرىم مازارنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىرلا جىلغا بار. ئۇ تەرىپى ئىماملىرىم، بۇ تەرىپى قاراباش دىگەن مەھەللە، شۇ مەھەللىدە يارنىڭ بېشىدا ئىگىز بىر دوڭ بار. مەن پىشقەدەم ئادەملەردىن ئاڭلىغان ئىدىم. مۇشۇ ئىگىز دوڭ بۇرۇن قالماقنىڭ شەھرى ئىكەن، ئۇنىڭ باشلىقىنى قاراباش دەيدىكەن، ئىماملىرىم شۇ قالماقلار بىلەن غازات قىلغان ئىكەن. شۇڭلاشقا بۇ مەھەللىنىڭ ئىسمى ”قاراباش» دەپ ئاتىلىپ قالغان ئىكەن دەيدۇ. ھەزرىتى موللام مازىرىنىڭ ئالدىدا ھەزرىتى موللام دەرس ئۆتكەن مەدرىسە دەيدىغان بىر ئىگىز دوڭ مەيدان بار ئىدى، ئەمما تاملىرى بار ئىدى، توپىسى ئۈچۈق سەينا ئىدى. ھەزرىتى موللام شۇ يەردە دەرس ئۆتكەن دەيدىغان سۆزلەر يېقىنغىچە بار ئىدى. ئازاتلىقتىن كېيىن دىخانلار توپىلىرىنى ئېلىپ، ئۆلگەن ئولۇكلەرنى دەپن قىلىپ، تاملىرى يوقۇلۇپ قەبرىستانلىق بولۇپ كېتىپتۇ.

ماتىرىيالدا بۇبى رابىيە مەھمۇد كاشغىرىنىڭ ئانىسى ئىكەن دىيىلىدى. بۇ توغرىدا ئاتا ـ بوۋامدىن ئاڭلىغانلىرىمنى پىكىر قىلىمەن:

بۇبى رابىيە بولسا ئوپالنىڭ ھازىرقى 7 ـ دادۇي 8 ـ شودۇيىدە. بۇرۇن قۇمباغ بۇبى رابىيە بەسىرىم دەيتتى. مېنىڭ ئاتا ـ بوۋامنىڭ ئويى شۇ بۇبى رابىيەنىڭ ئالدىدا، بۇرۇنغا مېنىڭ ئاتا ـ بوۋام شەيخ بولۇپ كەلگەن. مەن چوڭ بولسام دادام شەيخ ئىكەن. دادام 40 ـ يىللىرى ۋاپات بولغان، دادامنىڭ ئىسمى زىكرىيا شەيخ. دادامدىن بۇرۇن دادامنىڭ دادىسى قادىر ھاجىم شەيخ بولغان ئىكەن. چوڭ دادامدىن بۇرۇن، چوڭ دادامنىڭ دادىسى ئوسمان شەيخ ئىكەن. ئوسمان شەيخدىن بۇرۇن دادىسى تەلەي شەيخ ئىكەن. شۇكۇر باي دىگەن كىشىنىڭ ئوغلى ئىكەن. دادامنىڭ ئېيتىشىچە بۇبى رابىيە بەسىرىم مازار بولسا ئەسلىدە بەسىرە دىگەن شەھەردىن كەلگەن ئىكەن. ۋاپات بولۇپ شۇ ئورۇنغا دەپن قىلىنغان ئىكەن. ئاتا ـ بوۋامدىن مۇنداق ئاڭلىغان ئىدىم: خەلقلەر ئوز ۋاقتىدا بۇ مازارنىڭ ئولۇغلىقىنى بىلمەيدىكەن. شۇكۇر

www.uyghurkitap.com



باي دىگەن بىزنىڭ بوۋىمىز ئىكەن. ئۇزى چارۋىدار ئادەم ئىكەن. بىر كۈنى ماللىرىنى باققىلى ھەيدەپ ماڭسا مازارنىڭ ئالدىغا كەلگەندە مال قەۋرىنى ئاريلىماي بىر تېگى ئۆيان، بىر تىگى بۇيان ئىككى بولەك ئايرىلىپ مېڭىپتۇ، ئەتىسى يەنە شۇنداق بولۇپتۇ، ئاندىن ھە، بۇ مازار ئۇلۇغ مازار ئىكەن. بىر تىلسىز ھايۋان ھورمەت قىلىپ ئاريلاپ ئۆتمىدى دەپ شۇكۇر باي بوۋىمىز تامنىڭ ئىچىگە ئېلىپ، ئۇستىنى يىپىپ، چوڭ ئوغلى تەلەي شەيخنى ئىگە قىلىپ قويغان ئىكەن. بۇرۇن بۇبى رابىيەنىڭ ئالدىدىكى يولدىن ئوتكەن ئادەم ئۇلاغلىق بولسا، مازارنىڭ ئوتتۇرىغا كەلگەندە ئات - ئۇلاغلىرىدىن چۇشۇپ، بەلكى قامچىسىنى بويىنغا سىلىپ توبە قىلىپ ئوتىدىكەنمىش. ئاتتىن چۇشۇپ ئوتمىسە، ئات مۇدۇرۇپ يىقىلىپ بىر ھادىسىگە يولۇقىدىكەنمىش. بۇبى رابىيە بەسىرىمنىڭ خاسىيىتىدىن بىزنى تۇمشۇغلۇق چوقۇماي، قاناتلىق قاقماي يەنە بىرەر ھادىسىگە ئۇچرىماي كەلگەن. بىز بۇبى رابىيە بەسىرىمدىن كوپ تەربىيە ئالغان، مەندىن كىيىن قالساڭلار بۇ مازارنى ھەرگىز تاشلىماڭلار، ئوبدان ئىخلاس بىلەن تىلەڭلار» دەپ ماڭا تەربىيە بەرگەن.

بەزلەرنىڭ ئارىسىدا مۇنداق بىر پاراڭ بار ئىدى: بۇبى رابىيە بەسىرىم ھايات ۋاقتىدا خانە كەئىبىگە بارىمەن دەپ پىيادە بارغان ئىكەن. خانە كەئىبىگە ئۇچ كۇنلۇك يەر قالغاندا بۇبى رابىيە بەسىرىمنىڭ بۇ ھىممىتى خۇداغا مەقبۇل بولۇپ خانە كەئىبىگە سەن ئالدىغا بار دەپ ئەمرى قىلىپ خۇدانىڭ ئەمرى بىلەن خانە كەئىبە جايىدىن تام - تورۇسلىرى بىلەن كوچۇپ ھاۋاغا كوتۇرۇلۇپ بۇبى رابىيە بەسىرىمنىڭ ئالدىغا بېرىپ، رابىيە بەسىرىمگە قارشى ھاۋادا مۇئەللەق تۇرغان ئىكەن. يەنە بۇبى رابىيە بەسىرىم ئۇزى ئايال بولغان ئۇچۇن بۇۋىلىك دىگەن نىسبەت ئاياللارغا شۇ كىشىدىن قالغان بولۇشى كېرەك. جۇملىدىن مېنىڭ چوڭ ئانام (دادامنىڭ ئانىسى) ھاشى بۇۋىم دىگەن رابىيە بەسىرىمدىن روھانە تەربىيە ئېلىپ، بۇبى رابىيە بەسىرىمنىڭ ئىجازىتىنى ئېلىپ، ئاتاغلىق بۇبى بولۇپ مەزلۇم خەلقلەر (ئاياللار - دىمەكچى. ت) ھەر شەنبە كۇندە ئەتراپى جانىپلاردىن ئايالار ھوزۇرىغا كېلىپ خەتمە ئوقۇپ تەربىيە ئېلىپ كېتىدىكەن. مەن چوڭ بولسام چوڭ ئانامنىڭ ئوپال، بۇلاقسۇ، توققۇزاق، بەشكىرەم ھەتتا شەھەر قاتارلىق بىر نەچچە ئورۇندا تەربىيىلىگەن بۇبى ئايال شاگىرتلىرى بار ئىكەن. مېنىڭ ئانىمنىمۇ ھەپىزە بۇبى دەيتتى. ئوپالدا ئاتاقلىق بۇبى ئىدى. خانىقارى بار ئىدى. ئانامدىن كېيىن ئاچام خىلىچە خانىغا قالغان ئىدى. ئاچام 1958 - يىلى ۋاپات بولدى. ئۇنىڭدىن كېيىن مېنىڭ خاتۇنۇم ئايخان بۇۋىم دەپ ئاتىلىپ 1962-يىلى ۋاپات بولدى. شۇندىن كېيىن بۇۋىلىك نىسبەت بىزدە ئەمەلدىن قالدى.

چوڭ ئانام ھاشى بۇۋىم ئوز ۋاقتىدا شەھەر ئىچى چاسا گۇزشى كونا ئوردا يۇسۇپ ھاجىم بىتەلەي دىگەننىڭ مەھەللىسىدە ئولتۇرۇپ بۇۋىلىك قىلغان ئىكەن. شەھەر ئاياللىرىنىڭمۇ چوڭ ئانامغا ئىخلاسى بار ئىكەن. كونا ئوردىلىق شاھ نىسىپ ئاخۇنۇمدىن مەن: «سىلىنىڭ چوڭ ئانىلىرى ھاشى بۇۋىم فازىل، كارامىتى بار مەزلۇم ئىدى، ھازىرقى زاماننىڭ ئىككىنچى بۇبى رابىيەسى دىسە بولىدۇ، سىلە شۇنىڭ نەۋرىسى» دەپ مەدھىيە قىلغانلىقىنى ئاڭلىغان ئىدىم. چوڭ ئانام شەھەردە ۋاپات بولۇپ بۇ يەردە دەپنە قىلىنىدىغان ھەدىگەرلىگى بولمىغانلىقى ئۇچۇن شۇ ۋاقىتتا قەشقەرنىڭ قازى كالانى ئابدىقادىر قازى كالان ئاخۇنۇم ھەزرىتى ئاپپاقتىن بىر كەشىلىك يەر ئېلىپ شۇ يەرگە دەپنە قىلغان ئىكەن.

مانا بۇ يۇقۇرىدىكى ماتىرىياللارغا قارىغاندا مەھمۇت كاشغەرىنىڭ ئوپالىلىق ئىكەنلىگى، ھەزرىتى موللام مەھمۇت كاشغەرىنىڭ ئوزى ئىكەنلىگى، بۇبى رابىيە ئۇنىڭ ئانىسى ئىكەنلىگى شۇبھىسىزدۇر.

# بىزدە دۇر

ئابدىراخمان ناۋايى

ئى ئۇلۇغ دەنايى ئالىم ئۇيپال① دىيارىڭ بىزدەدۇر،
تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئېزىز تۇپراق ماكانىڭ بىزدەدۇر.

خەلقى ئالەم مۇشتىرى، قايىل بولۇپ ئالقىشلىغان،
ئىلمۇ - ئىرپان دەستۇرى، مەشئەل چىراغىڭ بىزدەدۇر.

ئۈگۈنۈپ ئۈندىن جاھان تاپقان ئەقىل-ئىدرەك قۇۋەت،
تۇتىيا دىللەرگە مەلھەم، شىرىن كالامىڭ بىزدە دۇر.

ئۆتتى ئۆمرۈڭ ئەل - ۋەتەن، خەلقىڭ ئۈچۈن تەر ئاققۇزۇپ،
ئىلمى - ھىكمەت قىبلىگاھى، ئالتۇن مازارىڭ بىزدەدۇر.

مەرىپەت دەرياسىدا تىنماي ئۈزۈپ گوھەر سۈزۈپ،
ئەل ۋە ئەۋلادىڭ ئۈچۈن يازغان كىتاۋىڭ بىزدەدۇر.

ئۆتكىلى مىڭ يىل بولاپتۇ، ئۇنتۇماس خەلقىم سىنى،
ھورمىتىڭ، شوھرەت ئەقىدىڭ ئىشقى پىراقىڭ بىزدە دۇر.

مەرىپەت ئىشقى يولىدا چول كىزىپ ئاشتىڭ داۋان،
ئەل ئۈچۈن مەڭگۇ تەۋەرۈك مىھنەت ئىجادىڭ بىزدەدۇر.

يىگىنە بىرلەن تاغ قېزىپ، گوھەرنى يىققان بىز ئۈچۈن،
ھىممىتىڭ، جەبرۇ جاپايىڭ، كەشپىياتىڭ بىزدەدۇر.

شەمسىددىن بىننى ھوسەينى مەۋلانە مەھمۇت قەشقەرى،
بۇبى‌رابىيە سەيپىددىن ئول بوزورۇك ۋارىڭ بىزدە دۇر.

ئەي كەرەملىك شاھى سۇلتان - ئالىم، ئەدىپلەر تاجىسى،
سەن تۇغۇلغان ھەم يېتىلگەن «ئازىق» دا جايىڭ بىزدە دۇر.

---

① تويپال – ھازىر ئوپال دەپ ئاتىلىدۇ

سۈپ-سۈزۈك ئاققان زىلال، ئابى ھايات كەۋسەرنى كور،
ئوتلىمى چاقناش داۋاسى شەرۋەت بۇلاغلىك بىزدە دۇر.

كەلسە مېھمان ھەر تەرەپتىن ئالدىغا مەمنۇن چىقىپ.
كەڭرى داستىخانلارنى سالغان «تەكگايلىك» بىزدە دۇر.

ھەر يىلى كەلگەندە نوروز «نوروز بۇلاق» دا بەزمە-توي.
نەزمە - ئەشئار قايناغان گۈلسەيلىگاھلىك بىزدە دۇر.

«ئويدە چولپان» «خان بېغى» ھەم ئۈستىدە موللام تېغى.
سەن ياشاپ ئوتكەن بۇ يەردە، سۆيگەن نىگارلىك بىزدەدۇر.

قەدىردانىم، مېھرىبانىم ئالىم ئەزىزان قەشقەرى،
«ئۆزمىلىك» ھەم مىۋە زارلىق «مەسچىت» مۇنارلىك بىزدە دۇر.

ئۈچمەدى نامىڭ تۇرۇپتۇ، ئەۋلاتتىن - ئەۋلاتقىچە.
نەۋرىلەر تۇققان - قېرىنداش، پۇشتى گارلىك بىزدە دۇر.

قەشقەرى مەخمۇت دىمەككى - ئالەمشۇمۇل ئالىم دىمەك،
ئۇستازىمىز ھەم پەخرىمىز، بۇ ئىپتىخارلىك بىزدە دۇر.

بارىكاللا ئەي ئۇلۇغ زات، تارىختا نامىڭ ئۆچمىگەي،
«رونار» قىلىپ ئاستۇق بۇگۈن «تۈركى دىۋانىڭ» بىزدەدۇر.

كومپارتىيەم بەرگەچ مەدەت، ئالىم بۇگۈن تاپتىڭ نىجات.
مەرتىۋەڭ ئۈستەكتە تاغدەك، بەختى پانايىلىك بىزدە دۇر.

ئەمدى بۇ ئۇپال دىيارى، شەھرى ئىزىمىزدىن بولغۇسى،
كەلسە دوستلارنى كۈتەرمىز، مېھمان سارايىلىك بىزدە دۇر.

ھەزرىتى مەۋلانا ئالىم، بولدى بۇگۈن باغرىڭدا توي،
گۈل چېچەكلەرگە ئورالغان، نەۋ باھارلىك بىزدە دۇر.

ئا، ناۋايى ئىھتىرام ھۆرمەت بىلەن گۈل دەستە تۇت،
مەرھابا ئەي... پېشۋايىم، چارى باغلىك بىزدە دۇر.

1983 - يىل، 3 - ئاينىڭ 11 - كۈنى.

# ئاتاغلىق مۇقامشۇناس تۇردى ئاخۇن ئاكا ۋە ئون ئىككى مۇقام

ئەمەتجان ئەخمىدى

بۇ يىل، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەشھۇر سەنئەت ئەربابى، ئاتاغلىق مۇقامشۇناس تۇردى ئاخۇن ئاكا تۇغۇلغانلىقىغا بىر ئەسىر بولۇپ ئاشتى. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كىلاسسىك مۇزىكىسى «ئون ئىككى مۇقام» نىڭ سوتسىيالىزم دەۋرىدە ئۈزلۈكسىز راۋاجلىنىپ، بۈگۈنكى ھالەتكە يەتكەنلىكىنى كۆرگىنىمىزدە مەرھۇم تۇردى ئاخۇن ئاكىنى تولۇپ - تاشقان ئىپتىخار ۋە ئىززەت-ھۆرمەت بىلەن ئەسلىمەي تۇرالمايمىز.

تۇردى ئاخۇن ئاكا 1881 - يىلى 5 - ئايدا قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ يېڭىشەھەر ناھىيىسىدىكى بىر مۇقامچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ 70 يىللىق ھاياتىنى ئۇيغۇر خەلق ئەلنەغمىسى ۋە مۇقامشۇناسلىق بىلەن ئۆتكۈزگەن. ئازاتلىقتىن كېيىن، مەتبۇئات يۈزىدە تۇردى ئاخۇن ئاكا توغرىسىدا بەزى خەۋەر ۋە تونۇشتۇرۇشلار ئېلان قىلىنغان بولسىمۇ، بۇ ماقالىلاردا ئاددىيلا ھالدا تۇردى ئاخۇن ئاكىنى "خەلق سازەندىسى" دېيىش بىلەن ئۇنى "ئون ئىككى مۇقام" نى ساقلاپ قېلىشتا تۆھپە قوشتى دەپلا قويۇش بىلەن كۇپايىلەنگەن. لېكىن، بۇ كىشىنىڭ ھەقىقىي ئائىلە تارىخى، ئۇيغۇر مۇزىكا سەنئىتىنىڭ تەرەققىياتىغا قوشقان تۆھپىلىرى ۋە ئۇنىڭ مۇزىكا ساھەسىدىكى تۇتقان ئورنى تىلغا ئېلىنماي كەلگەن ئىدى. تۇردى ئاخۇن ئاكا تۇغۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن 1980 - يىلى 5 - ئاينىڭ 30 - كۈنى «شىنجاڭ گېزىتى» دە ئېلان قىلىنغان نۇر مەھەممەت دولەت، ئابدۇشۈكۈر مەمتىمىنلەرنىڭ «ئون ئىككى مۇقام ۋە تۇردى ئاخۇن ئاكا» دىگەن ماقالىسىدىلا تۇردى ئاخۇن ئاكىغا بىر قەدەر ئەتراپلىق، ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن، توغرا باھا بېرىلدى.

ھەممىمىزگە مەلۇمكى ئۇيغۇر خەلق مۇزىكىسىنىڭ ئالتۇن تاجىسى بولغان «ئون ئىككى مۇقام» 16 - ئەسىردىكى سۇلتان ئابدىرىشىتخان دەۋرىدە (بۇ كىشى 1570 - يىلى ۋاپات بولغان) ئاتاغلىق مۇقامشۇناس ۋە مەشھۇر شائىر قىدىرخان (بۇ كىشى 1572 - يىلى ئالەمدىن ئۆتتى) بىلەن مەشھۇر مۇقامچى مەلىكە ئامانىساخان قاتارلىقلار تەرىپىدىن تۈنجى قېتىم چوڭ ئىسلاھ قىلىنىپ تەرتىپكە سېلىندى. بۇ ئىسلاھات ۋە تەرتىپكە سېلىشلاردا 3 نوختىنى ئاساس قىلىنىپ، بىرىنچىسى، 10 - ئەسىردىن 15 - ئەسىرگىچە داۋام قىلغان ۋە ئىنتايىن كەڭ تېررىتورىيىگە تارىلىپكەتكەن ئۇيغۇر مۇقاملىرى ئۆزىنىڭ ئەنئەنىۋى مىللىي - تەبىئىي ئاۋاز خۇسۇسىيەتلىرى دائىرىسىدە قايتىدىن رەتلەندى. ئىككىنچىسى، «ئون ئىككى مۇقام» دىكى ھەر بىر مۇقامنىڭ ئاھاڭلىرى «چوڭ نەغمە»، «داستان»، «مەشرەپ» دىن ئىبارەت 3 چوڭ قىسىمدىن تەركىب تاپقان مۇقام شەكىللىرى ئارقىلىق ھەر قايسى مۇقاملارنىڭ كۆي شەكلى بويىچە مۇقام ئاھاڭلىرى يۇرۇشلەشتۈرۈلۈپ قېلىپقا سېلىندى. ئۈچىنچىسى، مۇقام مۇزىكىلىرى دىنىي تەسەۋۋۇپ

بىر قەدەر چۈشىنىكسىز ئىبارىلار بىلەن تولغان شېئىرىيەتلەردىن ئازات قىلىنىپ ئۆز دەۋرىدە كۈچلۈك تەسىرگە ئىگە ئۇيغۇر - تۈرك شېئىرىيىتى بويىچە تېكىستلەشتۈرۈلدى. تۇردى ئاخۇن ئاكا ۋە ئۇنىڭ ئاتا - بوۋىلىرى زامانىدىن - زامانىغا ۋارىسلىق قىلىپ ساقلاپ قالغان ھازىرقى «ئون ئىككى مۇقام» ئەنە شۇ 16 - ئەسىردە ئىسلاھ قىلىنىپ، تەرتىپكە سېلىنغان ۋە يۈرۈشلەشتۈرۈلگەن مۇقامنىڭ ئۆزىدۇر.

تۇردى ئاخۇن ئاكا ۋە ئۇنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 5 ئەۋلات - يەنى تۇردى ئاخۇن ئاكا، ئاتىسى تەۋەككۇل ئاخۇن، بوۋىسى قاۋۇل ئاخۇن (قاۋۇل ئاخۇن قالۇنچى)، چوڭ بوۋىسى ھاشىم ئاخۇن (ھاشىم ساتار)، ئۇنىڭ ئاتىسى ئىبراھىم ئاخۇن (ئىبراھىم قالۇن) لارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئۇيغۇر ئەلنەغمىچىلىرىنىڭ ئىچىدە ئالاھىدە ھۆرمەتكە سازاۋەر ئۆز زامانىسىدىكى مەشھۇر مۇقامشۇناسلاردۇر. ئۇلار «ئون ئىككى مۇقام» نىڭ بۆشىكى بولغان جەنۇبىي شىنجاڭ رايونلىرىدا بىر نەچچە يۈز يىللاردىن بۇيان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كلاسسىك مۇزىكىسى «ئون ئىككى مۇقام» نى ئىزچىل ئۆگىنىپ ۋە ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىپ، ئۇنى تېخىمۇ بېيىتىپ، تەرەققىي قىلدۇرۇپ ئۇنى كەڭ دائىرىدە تارقىتىشتا ئالاھىدە خىزمەت كۆرسەتتى. ئەڭ ئاخىرى ئۇلارنىڭ بەشىنچى ئەۋلادى بولغان تۇردى ئاخۇن ئاكا «ئون ئىككى مۇقام»دىن ئىبارەت مۇزىكا - سەنئەت بايلىقىنى بىزنىڭ دەۋرىمىزگە ھەدىيە قىلدى. ئۇلارنىڭ كۆرسەتكەن خىزمىتى ئۇيغۇر مۇزىكىچىلىقىنىڭ تارىخىدا مەڭگۈ نۇر چېچىپ تۇرىدۇ. بۇ ئۇنۇتقىلى بولمايدىغان تارىخى پاكىت.

تۇردى ئاخۇن ئاكىنىڭ بىرىنچى ئەۋلادى - چوڭ بوۋىسىنىڭ بوۋىسى ئىبراھىم ئاخۇن (ئىبراھىم قالۇن)، ئىككىنچى ئەۋلادى - چوڭ بوۋىسى ھاشىم ئاخۇن (ھاشىم ساتار) ئەينى زامانىدىكى ئەڭ مەشھۇر خەلق مۇقامچىلىرىدىن بولۇپ مۇزىكىچىلىق، مۇقامچىلىق ساھەسىدە خېلى داڭقى بار كىشىلەردىن بولغان. ئۇلار ئۆز ئالدىغا مۇزىكىچىلىق ۋە مۇقامچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ قالماستىن كۆپلىگەن شاگىرتلارنى يېتىشتۈرۈپ، خەلق ئىچىدە ئالاھىدە ئابرويغا ئېرىشكەن. ئۇلارنىڭ ھەر بىرى ئۆزىنىڭ 60 يىلدىن ئارتۇق ھاياتىنى مۇزىكىچىلىق، مۇقامچىلىق بىلەن ئۆتكۈزۈپ ئالەمدىن ئۆتكەن.

تۇردى ئاخۇن ئاكىنىڭ ئۈچىنچى ئەۋلادى - بوۋىسى قاۋۇل ئاخۇندۇر. بۇ كىشى ئاتىسى ۋە بوۋىسىنىڭ مۇزىكىچىلىق، مۇقامچىلىق ئىشلىرىغا ۋارىسلىق قىلىپ ئۇيغۇر مۇزىكا قوراللىرىنى چېلىشنى، ئەلنەغمە ناخشىلىرىنى، مۇقاملىرىنى ياخشى ئۆگەنگەن. بولۇپمۇ مۇزىكىچىلىق ساھەسىدە ئۇنىڭ بىلمەيدىغان بىرەرمۇ مۇزىكا قوراللىرى بولمىغان. ئۇ ئاتىقى بار چالغۇچىلاردىن بولۇپ، ئادەتتە كىشىلەر ئۇنى "قاۋۇل ئاخۇن قالۇنچى" دېگەن نام بىلەن ئاتاپ كەلگەن. "قاۋۇل ئاخۇن قالۇنچى" ئۆزى ساۋاتسىز كىشى بولسىمۇ زېھنى ئۆتكۈر، ھوشيار، ئىقتىدارلىق كىشى بولغان. ئۇ، ئۇيغۇر مۇزىكىلىرىنى چېلىشنى، «ئون ئىككى مۇقام» نى، ھېسابسىز خەلق ناخشىلىرىنى چوڭ بوۋىسىدىن ياد قىلىپ ئۆگىنىۋالغان. ئۇنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى، ئۇ قالۇن چېلىش ماھىرى بولۇپ، مۇقامنى قالۇن چېلىپ تۇرۇپ ئېيتىشقا ئادەتلەنگەن. كېيىنكى چاغلاردا مۇزىكىچىلىق، مۇقامچىلىق ساھەسىدە داڭ چىقارغان بىر تۈركۈم كىشىلەر مۇشۇ "قاۋۇل ئاخۇن قالۇنچى" نى ئۆزلىرىگە ئۇستاز قىلىپ ئۇنىڭدىن مۇزىكا چېلىشنى، مۇقام ئېيتىشنى ئۆگەنگەن.

شۇ ئارقىلىق ئۇ، نۇرغۇنلىغان شاگىرتلارنى يېتىشتۈرۈپ قاتارغا قوشقان، قاۋۇل ئاخۇن قالۇنچى ئۆز ۋاختىدا خەلق ئىچىدە مەشھۇر بىر خەلق سەنئەتكارى بولۇپ خەلقنىڭ چوڭ ئىززەت - ئىھتىرامىغا ئىگە بولغان. ئۇ، 60 يىللىق مۇزىكىچىلىق، مۇقامچىلىق ھاياتىنى پەقەتلا خەلق ئىچىدىكى چوڭ - كىچىك سورۇنلاردا ئۆتكۈزۈپ،85 يېشىدا ۋاپات بولغان.

تۇردى ئاخۇن ئاكىنىڭ تۇتەنچى ئەۋلادى - ئاتىسى تەۋەككۇل ئاخۇن. ئۇ، ئۆز زامانىسىدا جەنۇبىي شىنجاڭدىكى مۇزىكانتلار، مۇقامچىلار ئىچىدىكى ئەڭ بىلىملىك، ئەڭ ئاتاغلىق مۇزىكاشۇناس، مۇقامشۇناسلاردىن بولۇپ ئۇنىڭ داڭقى پۈتۈن شىنجاڭغا مەشھۇر.

تەۋەككۇل ئاخۇن 5 ياش ۋاختىدىن تارتىپ 15 ياشقىچە بولغان ئارلىقتا قەشقەر شەھرىدىكى مەكتەپتە ئوقۇغان بولۇپ، مەكتەپنى ئەلا پۈتتۈرگەن. 15 يېشىدىن تارتىپ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە مۇزىكىچىلىق، مۇقامچىلىق، شاگىرت تەربىيىلەش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇ، ناۋايى، سۇبۇرى، پۈزۇلى، ھوۋەيدا ۋە باشقا ئۇيغۇر شائىرلىرىنىڭ بېيىت - نەزمىلىرىنى كۆپ ئوقۇغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ شېئىرلىرىدىن ئۆز داۋاملىق پايدىلىنىپ، مۇقامنىڭ چۈشۈنىكسىز بولغان بەزى تېكىستلىرىغا ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىنى سېلىپ ئوقۇغان ۋە كەڭ تۈردە تارقاتقان. ئۇ مۇزىكا چېلىشنى، مۇقام ئېيتىشنى ئاتىسى قاۋۇل ئاخۇندىن پۇختا ئۆگەنگەن بولۇپ «ئون ئىككى مۇقام» نى تارقىتىشتا مۇھىم رول ئوينىغان. ئۇ، ئۇيغۇر چالغۇ قورالىلىرىنىڭ ھەممىسىنى دىگىدەك چېلىشنى ئۆگەنگەن. بولۇپمۇ ساتار چېلىشتا ئالاھىدە ماھىر بولغانلىغى ئۈچۈن ئۇنىڭ داڭقى ھەممە جايغا پۇركەتكەن. بۇ كىشى مۇزىكانتلار، مۇقامچىلار ئىچىدىكى ئوقۇمۇشلۇق زىيالى بولغانلىغى ئۈچۈن جامائەتچىلىك ئارىسىدىكى ئىززەت-ھورمىتى خېلى يۇقۇرى بولغان.

تەۋەككۇل ئاخۇن قەشقەر ۋە يېڭىساردىكى چاغلىرىدا كۈندۈزلىرى چوڭ - كىچىك توي - تۆكۈن، ئولتۇرۇشلارغا قاتناشسا، ئاخشاملىرى شۇ جايلاردىكى «ساذايىنەپىسە» (سەنئەت ئۆمەكلىرى) نىڭ كەچكى پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىپ، كەسپى جەھەتتىن ئۇستازلىق قىلغان. يەكەندە بولغان چاغلىرىدىمۇ بۇ ئىشلارنى داۋاملاشتۇرغان. شۇ جەرياندا ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرى ۋە مۇقام ئاھاڭلىرىدىن پايدىلىنىپ كونسېرت ۋە سەھنە ئەسەرلىرىگە مۇزىكا ۋە ناخشا ئىشلەپ بەرگەن. شۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە بىر تۈركۈم چالغۇ ماھىرلىرىنى ۋە مۇقامچىلارنى تەربىيىلەپ چىققان، بۇلارنىڭ ئىچىدە قەشقەرلىك ئاكا - ئۇكا ھېلىم ئاخۇن، سېلىم ئاخۇن، يەكەنلىك سىپتۇالدى قاتارلىق كىشىلەر بولۇپ ئۇلار مۇشۇ تەۋەككۇل ئاخۇننىڭ ھەمسورۇنلىرى، يەنە بىر تەرەپتىن شاگىرتلىرى ئىدى. بۇلار «ئون ئىككى مۇقام» نى ھەر قايسى جايلارغا تارقىتىشتا زور ھەسسىلەرنى قوشۇپ، ئۇستازىنىڭ ئىشلىرىغا داۋاملىق ۋارىسلىق قىلىپ ئاخىرى ئۇلارمۇ ئالەمدىن ئۆتتى.

تەۋەككۇل ئاخۇننىڭ تۇردى ئاخۇن، ئىمىن ئاخۇن ئىسىملىك ئىككىلا ئوغلى بولۇپ، تەۋەككۇل ئاخۇن بۇلارغىمۇ كىچىكىدىن تارتىپلا مۇزىكا چېلىشنى، خەلق ناخشىلىرىنى ئېيتىشنى ۋە مۇقام ئوقۇشنى ئۆگەتكەن. ئۇلارنىڭ ھەر قايسى يېتىلىپ كەسپ ئەھلىگە ئايلانغاندىن كېيىن ئۇلارغا مۇستەقىل ئۆز ئالدىغا مۇزىكىچىلىق، مۇقامچىلىق كەسپى بىلەن داۋاملىق شۇغۇللىنىش ئۈچۈن «دۇكان» ئايرىپ بېرىپ چوڭ ئوغلى تۇردى ئاخۇن ئاكىنى يەكەن ۋە خوتەن تەرەپلەرنى ماكان تۇتۇشقا، كىچىك ئوغلى ئىمىن ئاخۇننى قەشقەر، ئاقسۇ تەرەپلىرىدە ماكان تۇتۇشقا ئۇ -

www.uyghurkitap.com



رۇنلاشتۇرغان. بۇ ئىككى ئاكا - ئۇكا خېلى ئۇزۇن يىللارغىچە ئۇچراشماي مۇزىكىچىلىق، مۇقامچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ ھايات كەچۈرگەن.

مۇزىكاشۇناس، مۇقامشۇناس سەنئەتكارلارنىڭ پېشىۋاسى بولغان تەۋەككۇل ئاخۇن ئۆز ۋاقتىدا تەڭدىشى يوق بىر مەشھۇر سەنئەت ئەربابى ئىدى. كېيىنكى مەزگىلدە مۇدھىش كونا جەمئىيەتنىڭ رەھىمسىز پەنجىسى ئىلكىدە ئۇ ھۆكۈمەتنىڭ كورلۇقى، زالىملارنىڭ زورلۇقى تۈپەيلىدىن راھەت - پاراغەتتىن، رەھىم - شاپائەتتىن بەھرىمەن بولالماي ھاياتىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىنى ناھايىتىمۇ خار - زارلىق ۋە سەرسانلىق ئىچىدە ئۆتكۈزۈپ، 88 يېشىدا ئالەم بىلەن ۋىدالاشتى.

بەشىنچى ئەۋلات — تۇردى ئاخۇن ئاكا. ئاتىسى تەۋەككۇل ئاخۇننىڭ كۆڭۈل قويۇپ تەربىيىلىشى ئارقىسىدا 6 ياشقا تولا - تولماي تۇرۇپ ئۇيغۇر چالغۇ قوراللىرىنى رەسمىي ئۆگىنىشكە كىرىشكەن بولۇپ، 12 ياشقا كىرگەندە «ئون ئىككى مۇقام»نى ئۆگىنىشكە باشلىغان. ئۇ، شۇ چاغدىن باشلاپلا بىر تەرەپتىن ئاتىسىدىن مۇقام ئۆگەنسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئاتىسىغا ئەگىشىپ، مۇقامغا داپ چېلىپ بەرگەن. ئۇ، ئاتىسىغا «داپەندى» لىك قىلىش ۋەزىپىسىنى 4 يىل داۋاملاشتۇرغان. ئۇ، كىچىكىدىنلا ناھايىتى زىرەك، ئەدەپ - ئەخلاقلىق، كىچىك پېئىل بولغىنى ئۈچۈن ئۇنى ئاتىسى ئىنتايىن ياخشى كۆرەتتى، نەگە بارسا ئۇنى ئېلىپ باراتتى. كەڭ خەلق ئاممىسىمۇ ئۇنىڭغا ھېرىسلىق قىلىپ ياخشى كۆرەتتى، كىشىلەر ئۇنىڭ مۇشتۇمدەك تۇرۇپ ئاتىسى ئېيتقان مۇقام نەغمىلىرىگە ناھايىتى ئەپچىللىك بىلەن داپنى تەڭكەش قىلغىنىنى كۆرگەندە "يارايسەن ئوغۇل بالا - يارايسەن!..." دېيىشىپ ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي ئاپىرىن ئېيتىشاتتى. ئاتىسى نەغمىدىن توختىغانلىرىدا بەزىلەر ئۇنى قولتۇقىدىن كۆتۈرۈۋېلىپ باش ئۈستىدە پىقىرىتىپ، بىر نەچچە ئايلاندۇرغاندىن كېيىن تىك دەسسىتىپ، ئۇنىڭ كەڭ پېشانىسىگە سۆيۈپ قويۇشاتتى.

تۇردى ئاخۇن ئاكا 16 ياشقا كىرگىچە ئاتىسىغا «داپەندى» لىك قىلىپ، مۇقامنىڭ نەغمىلىرىنى خېلى دېگىدەك ئۆگىنىپ قالغانلىقى ئۈچۈن، ئاتىسى ئۇنىڭ «داپەندى» لىكىنى ئىنىسى ئىمىن ئاخۇن (بۇ كىشىمۇ نامى چىققان خەلق مۇقامچىلىرىدىن بولۇپ، 65 يىل ئۆمۈر كۆرۈپ، 1947 - يىلى قەشقەردە ئالەمدىن ئۆتكەن) غا تاپشۇرۇپ، تۇردى ئاخۇن ئاكىنى تەمبۇر چېلىپ ئۆزى بىلەن مۇقام ئېيتىشقا ئورۇنلاشتۇردى.

تۇردى ئاخۇن ئاكا 20 ياشقا كىرگەندە ئاتىسىنىڭ تەشەببۇسكارلىقى ۋە قېتىرقىنىپ تەربىيىلىشى ئارقىسىدا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كلاسسىك مۇزىكىسى «ئون ئىككى مۇقام»نى ئاساسىي جەھەتتىن ئۆگىنىپ بولۇپ، ئاتىسى ھەر قانداق سورۇندا قايسى مۇقامنى ئېيتقىن دېسە، شۇ ھامان ئۇنى يالغۇز ئېيتىپ بېرەلەيدىغان دەرىجىگە يەتتى. ئاتىسى ئۆز ئوغلىنىڭ بۇ ھالىتىدىن ناھايىتىمۇ خۇرسەن ۋە مەمنۇن بولۇپ، ئۇنى 20 يېشىدىلا ئۆز قولى بىلەن ئۆيلەپ قويدى ۋە ئۆز ئالدىغا سازەندىلىك قىلىپ، مۇستەقىل تۇرمۇش كەچۈرۈش ئۈچۈن ئۇنىڭغا «دۇكان» ئايرىپ چىقىشقا رۇخسەت قىلدى.

تۇردى ئاخۇن ئاكا 1901 - يىلى 6 - ئايدىن ئېتىۋارەن چوڭ ئائىلىسىدىن ئايرىلىپ چىقىپ، ئۆز ئالدىغا تۇرمۇش كەچۈرۈپ تاكى 1938 - يىلى يازغىچە جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ قەشقەر، يەكەن، خوتەن قاتارلىق ۋىلايەتلىرىدە بولۇپ، ئۇنىڭغا قاراشلىق نۇرغۇن ناھىيە، يېزىلارنى بىر قانچە

نوۋەت ئارىلاپ ئۆز ئالدىغا مۇزىكا ۋە مۇقامچىلىق بىلەن شۇغۇللاندى. ئۇ، ئۇيغۇر چالغۇ قۇ-
راللىرىدىن داپ، تەمبۇر، دۇتتار، چاڭ، قالۇن، ساتار، راۋاپ قاتارلىقلارنى چېلىشنى مۇكەممەل
ئۆگەنگەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئۇزۇنراق ۋاقىت چالغىنى ساتار ئىدى. ساتار چېلىپ مۇقامچىلىق قى-
لىش ئارقىسىدا خەلق ئىچىدە چوڭ شوھرەت قازاندى.

1937- يىلىغا كەلگەندە قەشقەردىكى ۋە قەشقەرنىڭ باشقا ناھىيىلىرىدىكى ئۇيغۇر مەدىنى
ئاقارتىش ئويۇشمىلىرىغا قاراشلىق سانائىي‌نەپىسلەردە يېڭى - يېڭى ناخشىچىلار ۋە ئارتىستلار،
يېڭى - يېڭى مۇزىكانتلار پەيدا بولۇشقا باشلىدى. ئەينى ۋاقىتتا تۇرمۇش ئېھتىياجى تۈپەيلى-
دىن قەشقەردىن ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئەنجان شەھرىگە داۋۇت ئاخۇن، سەمەت ئاخۇن-
لارنى ئېلىپ بارغان ئەلنەغمىچى ئابلاراخۇن ئاكام ئۇ يەردە بىر مەزگىل تۇرمۇش كۆچۈرۈش
جەريانىدا ئۆزبەك خەلقىنىڭ ناھايىتى كۆپلىگەن خەلق ئاھاڭلىرىنى ۋە ئىجادى ئاھاڭلىرىنى
ئۆگىنىپ قەشقەرگە قايتىپ كېلىش بىلەن ئۇلار جامائەتچىلىك ئارىسىدا تارقىتىشقا باشلايدۇ.
ئۇلار ھەر قايسى جايلاردىن ياش مۇزىكانتلارنى، ناخشىچىلارنى تاللاپ قەشقەردە، يەكەندە ئىك-
كى قېتىم مەخسۇس مۇزىكا كورژىكى ئېچىپ بىر تۈركۈم مۇزىكانت، ناخشىچىلارنى يېتىشتۈرۈپ
چىقىدۇ. بۇ شۇ مەزگىلدىكى مۇزىكا ۋە ناخشىچىلىق ساھەسىدە بىر يۈكسىلىش ھەرىكىتى بولۇپ ھې-
سابلىنىدۇ. مۇزىكانتلارنى يېڭىلىققا باشلاشتا، باشقا مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلىپ
ئۆز ئارا ئۆگىنىشتە ئابلاراخۇن ئاكا بىلەن ئۇنىڭ ئىككى ئوغلى (داۋۇت ئاخۇن، سەمەت ئاخۇن-
لار) ئالاھىدە تۈرتكىلىك رول ئوينىغانلىغىنى تىلغا ئالماي تۇرالمايمىز. ئۇلارنىڭ ئۇيغۇر مۇزى-
كىچىلىغىنىڭ تەرەققىياتىغا قوشقان تۆھپىسى ئاساسى ئورۇندا تۇرىدۇ. لېكىن شۇنىمۇ كۆرمەي
بولمايدىكى، بۇ ھەرىكەتنىڭ نەتىجىسى كېيىنچە ئەكسى تەرەپكە قاراپ مېڭىپ، ئۇيغۇر خەلق
ئاھاڭلىرىنى، ئۇيغۇر خەلق مۇقاملىرىنى بارا - بارا چەتكە قېقىپ، ناخشا-مۇزىكىلاردا "ئۆز بېك-
لىشىش" دولقۇنىنى بارلىققا كەلتۈرۈپ قويىدى. «مۇزىكا كورژىكى» نى پۈتتۈرۈپ چىققانلارنىڭ
ئۆگەنگەن ناخشىلىرى، مۇزىكىلىرى پۈتۈنلەي ئۆزبېكچە ئاھاڭلار بولغىنى ئۈچۈن خېلى ئۇزۇن
بىر مەزگىلگىچە قەشقەر، يەكەن قاتارلىق جايلاردىكى سەھنە ئالدى، سەھنە كەينىنى كۆپرەك دىگىدەك
ئۆزبېكچە ئاھاڭلار قاپلاپ كەتتى. ھەتتا ئادەتتىكى توي - تۆكۈن، ئائىلىۋى ئولتۇرۇشلاردىمۇ ئۆز-
بېكچە ناخشا - مۇزىكىلار ئوقۇلىدىغان، چېلىنىدىغان بولۇپ ئۆزبېكچە ئاھاڭلارنى ئوقۇمايدىغان
خەلق سەنئەتكارلىرىمۇ بىر مەزگىل سەھنىدىن، سورۇنلاردىن چەتكە قېقىلغاندەك بولدى. بۇنىڭ-
لىق بىلەن ئۇيغۇر مۇزىكا - ناخشىچىلىغىنى ۋە مۇقامچىلىغىنى "كومۇلۇپ قالدى ياكى بىر ئى-
زىدا توختاپ قالدى" دىگىلى بولمايدۇ-ئەلۋەتتە. گەرچە بۇ شىنجاڭنىڭ قىسمەن رايونىدا يۈز
بەرگەن ئەھۋال بولسىمۇ، بۇنىڭ تەسىرى ئانچىلا ياخشى بولمىدى.

تۇردى ئاخۇن ئاكا قەشقەر، يەكەننىڭ مۇزىكا تەرەققىياتىدىكى بۇ خىل نۇقسانىنى كۆرۈپ
كۆڭلىدە بىئاراملىق ھېس قىلدى. نۇرغۇن يىللار جاپا - مۇشەققەت بىلەن ئەجرى سىڭدۈرۈپ ئۆ-
گەنگەن ئۇيغۇر خەلق مۇقاملىرىنىڭ ۋە مۇزىكا - ناخشىلىرىنىڭ بۇ جايلاردىكى رولى كۈندىن-
كۈنگە تۆۋەنلەپ كېتىپ بارغانلىغىنى كۆرۈپ، يېڭىسار ناھىيىسىدىن قەشقەرگە كېلىپ قاسىم تۇر-
دى قاتارلىق ھەمسوھبەتلىرىگە: "ئۆزبېكچە ناخشا - مۇزىكىلارمۇ ياخشى، چالساق، ئېيتساق
بولىدۇ، لېكىن پۈتۈنلەي بۇنىڭ بىلەن بولۇپ كېتىپ ، ئۆزىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى مۇزىكا - ناخ-

www.uyghurkitap.com



شا ئاھاڭلىرىنى ، مۇقاملىرىنى تاشلاپ قويىساق بولمايدۇ» دېگەن چاغلىرىمۇ بولغان .

1939- يىلى كۆزدە تۇردى ئاخۇن ئاكا يېڭىساردىن چوڭ ئوغلى ھوشۇر ئاخۇن بىلەن قاۋۇل ئاخۇن (ھازىر مەدەنىيەت نازارىتى مۇقام تەتقىقات ئىشخانىسىدا ئىشلەۋاتىدۇ) نى ۋە پۈتۈن بالا - چاقىسىنى ئېلىپ بېرىپ قاغىلىق ناھىيىسىگە ماكانلىشىپ ئاز ئۆتمەي يەكەنلىك "ھەسەن تەمبۇر"، قاغىلىقلىق ھېيتاخۇن چاڭچى ، مەشھۇر «داپەندى» موللا نىياز قاتارلىقلارنى ئەتراپىغا يىغىپ ئۇيغۇر خەلق ئەلنەغمىلىرىنى ۋە «ئون ئىككى مۇقام» نى يەنە بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا چوڭ - كىچىك سورۇنلار ئارقىلىق خەلق ئىچىگە كەڭ تارقىتىشنى داۋاملاشتۇردى. تۇردى ئاخۇن ئاكىنىڭ قاغىلىققا كوچۈپ بارغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەر باشقا جايلارغا تارقالغاندىن كېيىن، ھەر قايسى جايلاردىكى خەلق ئەلنەغمىچىلىرى ئۆزلىگىدىن قاغىلىققا كېلىپ ئۇنىڭ ئەتراپىغا يىغىلغىلى تۇردى. ئۇلار تۇردى ئاخۇن ئاكىنى ئۇستاز تۇتۇپ، ئۇنىڭدىن مۇقام ئۆگىنىش، ئۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە نەغمە قىلىش ، تۈرلۈك سورۇنلاردا بىرگە بولۇپ ئۆز ئارا تەجرىبە ئالماشتۇرۇش قاتارلىق پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بېرىپ، بىر مەزگىل بىرگە تۇرمۇش كوچۈرۈشۈپ كەلدى. يۇقىرقىلاردىن باشقا قەشقەرلىك جۇماخۇن (مەشھۇر داستانچى) ، مەشھۇر قالۇنچى خۇداۋەدى ئاخۇن ، يېڭىسارلىق مەشھۇر ساتارچى قۇۋان نىياز ، قەشقەرلىق قاسىم ئەلنەغمە، سىپتىۋالدى ئەلنەغمىلەرمۇ تۇردى ئاخۇن ئاكىنىڭ شاگىرتلىرى ۋە ھەمسۆھبەتلىرىدۇر. بۇلار خەلق ئىچىدىكى مەشھۇر سەنئەتكارلاردىن بولۇپ بۇلارنىڭ كوپچىلىگى تاڭ نۇرىنى كورەلمەيلا ئالەمدىن ئوتتى.

گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ھوكۇمرانلىق قىلغان مۇدھىش كونا جەمىيەتتە، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مىڭلىغان يىللاردىن بۇيان ئابىھاياتى ئوزىدە ساقلاپ كەلگەن « ئون ئىككى مۇقام » دىن ئىبارەت بۇسەنئەت چەشمىسى قۇرۇپ كېتىشكە، خانىۋەيران بولۇشقا يۈز تۇتقان ئىدى. شىمالى شىنجاڭدا بولسا، « ئون ئىككى مۇقام » نى ئوز ئەينى ۋە پۈتۈنلىگى بىلەن ( « چوڭ نەغمە »، « داستان »، «مەشرەپ» لىرى بويىچە) تولۇق بىلىدىغان بىرەرمۇ ئادەم قالمىغان ئىدى. مۇقامنىڭ « داستان »، « مەشرەپ » لىرىنى بىلىدىغانلار تېپىلسىمۇ بارماق بىلەن سانىغىچىلىكلا ئاز قالغان. جەنۇبى شىنجاڭدا بولسا، « ئون ئىككى مۇقام » نى تولۇقى بىلەن بىلىدىغان ئادەملەر بارا - بارا ئازىيىپ، پۈتۈنلەي تۈگەپ كېتىش گىرداۋىغا كېلىپ قالغان. قىسقىسى « ئون ئىككى مۇقام » ھايات - ماماتلىق پەيتىگە دۇچ كەلگەن ئىدى. مۇشۇ مەزگىللەر ئىچىدە قاغىلىقتا تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقان يۈكسەك ماھارەتكە ئىگە، تالانتلىق مۇقامشۇناس تۇردى ئاخۇن ئاكا ئېغىر تۇرمۇشنىڭ قاتمۇ - قات مۇھاسىرىسى ئىچىدە قالدى. ئېتىۋار ۋە ئىززەتكە دائىم بولۇش بۇياقتا تۇرسۇن، ئۇنىڭ تەتۈرىسىچە ھاكىمىيەت ئىگىلىرى، يۇقىرى تەبىقە كىشىلىرى تەرىپىدىن چەتكە قېقىلدى. ئۇنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىمۇ بارغانسېرى ناچارلىشىپ گاھىدا ئاچ، گاھىدا يېرىم ياتا توق دېگەندەك ناھايىتى بەك غۇربەتچىلىكتە ئوتتى. بەزىدە بالا - چاقىلىرىنىڭ قوسىغىنى تويغۇزۇشقا ھېچ قانداق بىر ئامال قىلالمىغان چاغلاردا بىر قانچە قېتىم ئۆزىنىڭ چېلىۋاتقان ساتارى بىلەن دېپىنى گورەخانىغا گورەگە قويۇپ، ۋاقتىنچە بولسىمۇ بالا - چاقىلىرىنى قۇتقۇزۇۋالغان ئىدى. يەنە شۇ چاغدا " گاداي - گادايىنىڭ قاياشى " دېگەندەك ئەنە شۇ ئاددى خەلق ئاممىسى ئۇنىڭ ساتارى بىلەن دېپىنى ۋە ئائىلىسىنى قۇتقۇزۇ-

ۋالغان ئەھۋاللار خېلى كۆپ بولغان. ئۇ مۇشۇنداق تۇرمۇش ئازاۋى ئىچىدىمۇ ئۆز ھاياتىنى ساتارى بىلەن ناخشا ئوقۇپ تاڭ نۇرىغا تەلپۈنگەن ئىدى.

ئاخىرى شەرق قىزىرىپ ئازاتلىق تېڭى جىلۋە قىلدى. «ئون ئىككى مۇقام» نىڭ قەدىمقى ئانا ماكانى بولغان شىنجاڭ تاڭ نۇرى ۋە باھار ئىللىقلىقىغا چۆمدى. ئۇزۇن يىللىق تارىخ جەريانىدا شەكىللىنىپ تەكەممۇللەشكەن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كلاسسىك مۇزىكىسى «ئون ئىككى مۇقام» نى بىباھا غەزىنە ئورنىدا ئەۋلاتتىن ـ ئەۋلاتقىچە ساقلاپ كەلگەن قەدىردان تۇردى ئاخۇن ئاكىمۇ بەخت نۇرىدىن بەھرىمەن بولۇپ، ئۆزىنىڭ سەرگەردانلىق ھاياتىنى پۈتۈنلەي ئاخىرلاشتۇردى. ئۇيغۇر ئەمگەكچىلىرىنىڭ مۇزىكىلىق تەپەككۇرىنىڭ جەۋھىرى بولغان «ئون ئىككى مۇقام» مۇ يېڭى ھاياتقا ئېرىشتى. تۇردى ئاخۇن ئاكا قۇتقۇزۇۋېلىندى، «ئون ئىككى مۇقام» قۇتقۇزۇۋېلىندى!

ئازاتلىقتىن كېيىن پارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ غەمخورلۇقى ۋە تۈرتكىسى ئارقىسىدا ئۇيغۇر خەلق كلاسسىك مۇزىكىسى «ئون ئىككى مۇقام» نى توپلاش، رەتلەش، ئۆگىنىش خىزمىتىگە ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلۈندى ۋە پېشقەدەم تۇردى ئاخۇن ئاكىغىمۇ غەمخورلۇق قىلىنىپ، ئۇنىڭ ئىززەت-ھۆرمىتى يېڭىۋاشتىن ئۆز ئورنىنى تاپتى. 1950 ـ يىلى يازدا، سابىق يەكەن ۋىلايىتىنىڭ ۋالىسى ۋە پېشقەدەم سەنئەت ئەربابى مەرھۇم قاسىمجان قەمبىرىنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن تۇردى ئاخۇن ئاكا جاھالەتلىك كونا جەمئىيەتتە كۆمۈلۈپ قېلىش خەۋپىگە دۇچ كەلگەن «ئون ئىككى مۇقام» نى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، سىنىغا ئېلىش ۋە ئۆگىتىش خىزمىتىگە تەكلىپ قىلىندى. تۇردى ئاخۇن ئاكا بۇ تەكلىپنى تولۇپ ـ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن قوبۇل قىلىپ، ئۆزىنىڭ ياشىنىپ قالغىنىغا قارىماي ئېلىمىزنىڭ مۇزىكا تارىخىدا مەڭگۈ خاتىرىلىنىشكە ئەرزىيدىغان بۇ ئۇلۇغۋار ئىشقا بەل باغلاپ رەسمىي كىرىشتى.

1950 ـ يىلى 7 ـ ئايدا، تۇردى ئاخۇن ئاكا چوڭ ئوغلى ھوشۇراخۇننىڭ داپىنى تەڭكەش قىلىپ بېرىشى بىلەن بىرىنچى قېتىم ئۈرۈمچىگە تەكلىپ قىلىنىپ، 1951 ـ يىلى 12 ـ ئايغىچە بولغان بىر يېرىم يىل ئىچىدە «ئون ئىككى مۇقام» نىڭ ئاساسى قىسىملىرىنى ۋە 100 دىن ئارتۇق خەلق ناخشىلىرىنى دەسلەپكى قەدەمدە ئۈن ئالغۇ سىنىغا بەردى.

1951 ـ يىلى 12 ـ ئايدا ئۈرۈمچىدىن قايتىپ كېلىپ، يەكەن ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكىگە «مۇزىكا ئۇستازى» دىگەن سالاھىيەت بىلەن رەسمىي ئىشتاتقا قوبۇل قىلىنىپ، 1954 ـ يىلغىچە ئىشلىدى. ئۇ بۇ جەرياندا شاگىرت يېتىشتۈرۈشكە ئەستايىدىل بېرىلىپ، قىنتىقىنىپ ئۆگىتىش ئارقىلىق خېلى كۆپ ياش مۇزىكانتلارنى ۋە مۇقام ئېيتقۇچىلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈپ چىقتى. يەنە ئۇ ئاتىسى تەۋەككۇل ئاخۇندىن ئۆزىگە مىراس قالغان «باھارىم چىمەنزارىم» قاتارلىق 30 دىن ئارتۇق تەرتىپكە سېلىنغان، رەتلەنگەن ۋە ئىجات قىلىنغان ناخشىلارنى خەلقىمىزگە تەقدىم قىلدى. ئۇ ئۆزى «ھەممە دىخانلار بىر ئائىلە»، «دوستلۇق» قاتارلىق 10 نەچچە يېڭى مەزمۇنغا ئىگە ناخشىلارنى ئىجات قىلىپ، رەتلەپ چىقىپ ئەمەلىي ھەركىتى ئارقىلىق شۇ مەزگىلدىكى يەر ئىسلاھات كۈرىشىگە ئاكتىۋال پوزىتسىيە تۇتۇپ، قىزغىن ئاۋاز قوشتى.

1954 ـ يىلىنىڭ بېشىدا تۇردى ئاخۇن ئاكا بىلەن چوڭ ئوغلى ھوشۇر ئاخۇن ئىككىنچى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com



قېتىم يەنە ئۇرۇمچىگە تەكلىپ قىلىنىپ، 1955 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە بولغان 2 يىل ۋاقىت ئىـچىدە ئۈرۈمچىدە تۇرۇپ ئۆزىنىڭ ئومۇرلۇك ئىپتىخارى ، مىسلىسىز خوشاللىغى ۋە جـۇشقـۇن ھاسارىتى بىلەن چوڭ ئوغلى ھوشۇر ئاخۇنىنىڭ داپىنى تـەڭكەش قىلىشى ئـارقىلىق «ئون ئىككى مۇقام» نى ئۇنى ئالغۇ لىنتىسىغا پىلاستىنكىغا باشتىن ـ ئـاياق،چېلىپ ـ ئـېيتىپ بېرىپ ئۆزىنىڭ يىللاردىن بۇيان ئارزۇ قىلىپ كەلگەن مۇرات ـ مەقسىدىگە يەتتى، پارتىيىمىزنى، ھوكۇمىتىمىز- نى ۋە كەڭ خەلق ئاممىسىنى خۇشاللىققا چومدۇرۇپ رازى قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئىز - زەت ـ ھورمىتى كەڭ جامائەتچىلىك ئىچىدە تېخىمۇ ئاشتى.

تۇردى ئاخۇن ئاكىنىڭ ئەۋلاتتىن ـ ئەۋلاتقىچە ساقلاپ كەلگەن ۋە 1954 ـ يىلدىن 1955 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئۇنى ئالغۇ لىنتىسىغا ئالدۇرغان بىرىنچى قولماتېرىيالىنىڭ نەق«ئون ئىككى مۇ- قام» ئاھاڭلىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى توۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

1 ـ راك مۇقامى ــ 34 نـەغمە
(چوڭ نەغمىسى 21 ئاھاڭ، داستانى 10 ئاھاڭ، مەشرىپى 3 ئاھاڭ).

2ـ چەببىيات مۇقامى ــ 33 نەغمە
(چوڭ نەغمىسى 20 ئاھاڭ، داستانى 8 ئاھاڭ، مەشرىپى5 ئاھاڭ).

3 ـ مۇشاۋىرەك مۇقامى ــ 39 نەغـمە
(چوڭ نەغمىسى 22 ئاھاڭ، داستانى 8 ئاھاڭ، مەشرىپى 9 ئاھاڭ).

4 ـ چارىگاھ مۇقامى ــ 32 نەغمـە
(چوڭ نەغمىسى 16 ئاھاڭ، داستانى 8 ئاھاڭ، مەشرىپى 8 ئاھاڭ).

5 ـ پەنجىگا مۇقامى ــ 39 نەغـمە
(چوڭ نەغمىسى 24 ئاھاڭ، داستانى 10 ئاھاڭ، مەشرىپى 5 ئاھاڭ).

6 ـ ئۆزھال مۇقامى ــ 35 نەغـمە
(چوڭ نەغمىسى 21 ئاھاڭ، داستانى 6 ئاھاڭ، مەشرىپى 6 ئاھاڭ).

7 ـ ئەجەم مۇقامى ــ 21 نەغمـە
(چوڭ نەغمىسى 10 ئاھاڭ، داستانى 8 ئاھاڭ، مەشرىپى 3 ئاھاڭ).

8 ـ ئۇشاق مۇقامى ــ 37 نەغـمە
(چوڭ نەغمىسى 20 ئاھاڭ، داستانى 10 ئاھاڭ، مەشرىپى 7 ئاھاڭ).

9 ـ بایات مۇقامى ــ 19 نەغـمە
(چوڭ نەغمىسى 8 ئاھاڭ، داستانى 8 ئاھاڭ، مەشرىپى 3 ئاھاڭ).

10 ـ ناۋا مۇقامى ــ 27 نەغمە
(چوڭ نەغمىسى 16 ئاھاڭ، داستانى 8 ئاھاڭ، مەشرىپى 3 ئاھاڭ).

11 ـ سىگاھ مۇقامى ــ 20 نەغمە
(چوڭ نەغمىسى 10 ئاھاڭ، داسـتانى 6 ئاھاڭ، مەشرىپى 4 ئاھاڭ).

12 ـ ئىراق مۇقامى ــ 9 نەغمە
(چوڭ نەغمىسى 6 ئاھاڭ، داستانى يوق، مەشرىپى 3 ئاھاڭ).

«ئون ئىككى مۇقام» غا ئورۇنلاشتۇرۇلغان نەغمىلەرنىڭ ئومۇمى سانى 345 نەغمە (ئاھاڭ) بولۇپ، بۇنىڭغا مۇقاملارنىڭ يىغىندى جەۋھىرى بولغان «ئابۇچەشمە» (كوزياش بۇلاقلىرى) دىگەن مۇقامدىكى 15 نەغمىنى (ئاھاڭنى) قوشقاندا مۇقاملار تەركىۋىدىكى پۈتكۈل نەغمىلەرنىڭ (ئاھاڭلارنىڭ) ئومۇمى سانى 360 نەغمىدىن (ئاھاڭدىن) تەركىب تاپىدۇ.

«ئون ئىككى مۇقام» دىكى ھەربىر مۇقامنىڭ ئوزى چوڭ 3 يۈرۈش ئاھاڭلارغا بولۇنگەن بولۇپ، ھەر بىر مۇقامنىڭ ئاساسلىق گەۋدىسى ۋە ئاساسلىق نەغمىلىرىنىڭ ھەممىسى دىگىدەك ئۇنىڭ بىرىنچى قىسمىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان. بۇ مۇقاملارنىڭ بىرىنچى قىسمى «چوڭ نەغمە»، ئىككىنچى قىسمى «داستان»، ئۇچىنچى قىسمى «مەشرەپ» دەپ ئاتىلىدۇ. چوڭ نەغمە قىسمى «تەزە»، «نوسخا»، «جۇلا»، «سەنەم»، «چوڭ سەلىقە»، «كىچىك سەلىقە» «پەشرۇ»، «تەكىت» قاتارلىق تارماقلارغا بولۇنگەن، داستان، مەشرەپ قىسىملىرىمۇ 1 –، 2 –، 3 – ... قاتارلىق تارماقلارغا بولۇنگەن بولۇپ، ھەر بىر تارماق نەغمىنىڭ كوپچىلىگىدە مەرغۇل، چۇشۇرگىلەر بار.

بىز ئازاتلىقتىن بىرى تاكى ھازىرغا قەدەر تۇردى ئاخۇن ئاكا بىزگە قالدۇرۇپ كەتكەن ئۈن ئالغۇ لىنتىسىدىكى «ئون ئىككى مۇقام» دەك، مۇقامنى بىر قەدەر تولۇقراق بىلىدىغان بىرەر مۇقامچىنى ئارىمىزدا ئۇچرىتالمىدۇق. گەرچە ئازاتلىقتىن بۇرۇن ۋە كىيىن كوپلىگەن مۇقامچىلار ئوتكەن بولسىمۇ بۇلارنىڭ بەزىلىرى مەخسۇس «چوڭ نەغمىچى» (مۇقامنىڭ «چوڭ نەغمە قىسمى» نى ئېيتىدىغانلار) بولۇپ مۇقامنىڭ «داستان»، «مەشرەپ» قىسىملىرىنى بىلمەيدۇ، ياكى چالا بىلىدۇ. بەزىلىرى مەخسۇسلا «داستانچى» (مۇقامنىڭ «داستان قىسمى» نى ئوقۇيدىغانلار) بولۇپ «چوڭ نەغمە»، «مەشرەپ» قىسىملىرىنى بىلمەيدۇ. ياكى چالا بىلىدۇ. بەزىلىرى مەخسۇسلا «مەشرەپچى» (مۇقامنىڭ «مەشرەپ قىسمى» نى توۋلايدىغانلار) بولۇپ قالغان قىسمىنى بىلمەيدۇ ياكى دوراپ ئوقۇيدۇ، قىسقىسى بىرىنى بىلسە – بىرىنى بىلمەيدۇ. بىز بۇ ئەھۋاللارنى ئازاتلىقتىن كىيىن ھەر قايسى جايلاردىكى پىشقەدەم مۇقامچىلارنىڭ ئۈن ئالغۇ لىنتىسىغا ئېلىنغان قولىمىزدىكى نەق پاكىتلىق ماتىرىياللاردىن ئېنىقلاپ چىقتۇق. بۇنىڭدىن تۇردى ئاخۇن ئاكىنىڭ «ئون ئىككى مۇقام» نى باشقىلارغا نىسبەتەن ياخشى، پۇختا ۋە تەلتوكۇس ئۈگەنگەنلىگىنى كورىۋالغىلى بولىدۇ. ئۇنىڭ ئېيتقان مۇقامى ئوزىگە خاس يېقىملىق، گۈزەل ئۇسلۇپقا ئىگە بولۇپ كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى ئاسانلا ئوزىگە جەلىپ قىلىۋالىدۇ. ئۇنىڭ 75 يېشىدا ئاۋاز لىنتىسىغا بەرگەن «ئوشاق مۇقامى» مۇقەددىمىسىنىڭ ئاۋاز دائىرىسىدىن قارىغاندا، ئاۋاز دائىرىسى كەڭ ۋە بەكمۇ ئېگىز بولۇپ ئاڭلىغان كىشىلەرنى ھەقىقەتەن ھاڭ – تاڭ قالدۇرىدۇ. ئۇنىڭ ساز چالغان بارماق قوللىرىمۇ ناھايىتى تىز، ئەپچىل، جاراڭلىق ئاۋازلارنى چىقىرىشتا ماھىر ئىدى. ئۇ، ساتارنى خۇددى ئىسكىرىپكا چالغاندەك نەپىس، تىز، جاراڭلىق چالاتتى. شۇڭا ئۇنى جامائەتچىلىك «مۇزىكىنىڭ باشىسى» دەپ ئاتىشاتتى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە تۇردى ئاخۇن ئاكا ئۇزۇن يىللار داۋامىدا مۇزىكا، ئەلنەغمە ۋە مۇقام بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەنلىگى ئۈچۈن ئۇيغۇر خەلق ئاھاڭلىرىغا ئىنتايىن باي ئىدى. ئۇ ئۈرۈمچىدە مۇقامنى ئاۋاز لىنتىسىغا بېرىۋاتقان ۋاقتىدا ئالاھىدە ئايرىم ۋاقىت چىقىرىپ، سابىق شىنجاڭ ناخشا – ئۇسۇل ئومىگىنىڭ مۇزىكا دۇيىگە خېلى كوپ مۇقام ئاھاڭلىرىنى ئۈگۈتۈپ قويغان.

1955 – يىلى 12 – ئايدا ئۈرۈمچىدىن قايتىپ بېرىپ، يەكەندىن قەشقەرگە يوتكىلىپ

«جەنۇبى شىنجاڭ سەنئەت ئۆمىگى» (هازىرقى قەشقەر ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىگى) دە مۇزىكا ئۇستازى بولۇپ ئىشلىدى. بۇ يەردىمۇ ئۇ، ناھايىتى كوتۈرەڭگۈ روھ بىلەن ئىشلەپ بىر مۇنچە ياش مۇزىكانتلارنى يېتىشتۇرۇپ چىقتى. مۇقامدىكى ئاھاڭلاردىن پايدىلىنىپ شۇ مەزگىلدىكى ئىجتىمائى ھەركەتلەرگە ماس كېلىدىغان كونسېرت ئاھاڭلىرىنى رەتلەپ سەھنىلەشتۇردى. ئىش قىلىپ پارتىيە، ھوكۇمەت ئۇنىڭغا نىمە ۋەزىپە تاپشۇرسا ئۇنى شەرتسىز تولۇغى بىلەن ئاشۇرۇپ ئورۇنلىدى.

تۇردى ئاخۇن ئاكا پۈتۈن ئۆمرىنى ئەلنەغمە، مۇزىكىچىلىق ۋە مۇقامچىلىققا بېغىشلىغاندىن تاشقىرى مۇزىكا تەرەققىياتى ئۈچۈنمۇ ئىنتايىن كوڭۈل بولۇپ كەلدى. تۇردى ئاخۇن ئاكا 1954 ـ يىلى شىنجاڭ ئۆلكىلىك سىياسى كېڭەشنىڭ ئەزالىقىغا سايلانغان ئىدى. ئۇ، 1956 ـ يىلى 7 ـ ئايدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سىياسى كېڭەشنىڭ 2 ـ قېتىملىق «ئەزالار يىغىنى» غا قاتناشقاندا ، ياش مۇزىكانتلاردىن تەركىب تاپقان 30 كىشىلىك بىر مۇقام ئۈگىنىش كۇرسى ئېچىش ، دولەت شتاتىدىكى سەنئەت ئۆمەكلىرىمۇ مۇقامنى ئۈگىنىپ ، ئۇنىڭ مەزمۇنىنى زامانغا ماسلاشتۇرۇپ ئوزگەرتىپ سەھنىلەشتۇرۇش ، ئىمكانىيەت بولسا مەخسۇس مۇقامنى تەتقىق قىلىدىغان بىر ئورگان تەسىس قىلىشتىن ئىبارەت بىرمۇنچىلىغان ئىجابىي پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان ئىدى . ئۇنىڭ بۇ ئارزۇ ـ ئارمانلىرى ئەمەلگە ئېشىشتىن ئىلگىرى ( 1956 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى ) قەشقەر شەھرىدە ئۇ ، بەختكە قارشى تۇيۇقسىزلا ئالەمدىن ئوتتى ، بۇ ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر ئۈچۈن چوڭ بىر يوقىتىش بولدى . شۇنىڭ بىلەن بىز قەدىردان بىر سەنئەت پىشىۋاسىدىن ئايرىلدۇق .

خەلقىمىزنىڭ مەشھۇر سەنئەت ئەربابى ، ئاتاقلىق مۇقامشۇناس تۇردى ئاخۇن ئاكىدىن گەرچە بىز ئايرىلىپ قالغان بولساقمۇ ئۇنىڭ بىزگە قالدۇرۇپ كەتكەن « ئون ئىككى مۇقامى » بىز ئۈچۈن بى باھا قىممەتكە ئىگە تارىخى مىراس بولۇپ قالدى . بىز بۇ سەنئەت بۇلىقىدىن كەڭ تۇردە پايدىلىنىپ كەلدۇق ۋە كەلمەكتىمىز . ئۇ ، كىشىلەر قەلبىدىن يەنىمۇ چوڭقۇر ئورۇن ئېلىپ ئۇيغۇر ئەدەبىيات ـ سەنئەت تارىخىدا ئەۋلاتتىن ـ ئەۋلاتقىچە ئەبەدى نۇر چاچقۇسى .

ئازاتلىقتىن بۇيان پارتىيىمىزنىڭ پارلاق مىللى سىياسىتىنىڭ نۇرى ئاستىدا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كىلاسسىك مۇزىكىسى « ئون ئىككى مۇقام » نىڭ بىر تۈركۈم ئاھاڭلىرى ناخشا ، ئۇسۇللۇق مۇزىكىلارغا ۋە چوڭ تىپتىكى ناخشا ـ ئۇسۇل ئانسامبىللىرى ھەم مۇزىكا سىمپونىيەلىرىگە سىڭدۈرۈلگەندىن تاشقىرى ، « غېرىپ ـ سەنەم » ، « تاھىر ـ زوھرە » ، « پەرھاد ـ شىرىن » ، « رابىيە ـ سەئىدىن » قاتارلىق تارىخى داستانلارغا سىڭدۈرۈلۈپ، ئوپېرا تىياتىرلىرىدا سەھنىلەشتۈرۈلدى ۋە كىنو ئېكرانلىرىدا كورسىتىلدى . يېڭى مەزمۇندىكى دەۋرىمىزنى كۈيلەيدىغان بىرمۇنچىلىغان ناخشا ـ ئۇسۇللۇق دىراما ۋە سەھنە ئەسەرلىرىدە مۇقام ئاھاڭلىرىنى ئەينەن سىڭدۈرۈش ياكى ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ ئىشلىگەن ئاھاڭلارمۇ سەھنىلەردە كەڭ تاماشىبىنلارنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشىپ ئۇزىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى نامايان قىلماقتا . مۇزىكا ئىجادىيەتچىلىرىنىڭمۇ ھەممىسى دىگىدەك مۇشۇ تۇگۈمەس بۇلاق « ئون ئىككى مۇقام » ئاھاڭلىرىدىن پايدىلىنىپ ھەر شەكىل، ھەر خىل مەزمۇندىكى ئىجادىي توھپىلىرىنى ئۈستى ـ ئۇستىلەپ كەڭ خەلق

ئامىسسىنىڭ بەھرىمەن بولۇشىغا تەقدىم قىلماقتا . بۇ رەڭگا - رەڭ گۈللەرنىڭ تەكشى ئېچىلىشى، خوش ئاۋاز بۇلبۇللارنىڭ بەس - بەستە سايرىشىغا ئوخشاش بۇنداق گۈزەل ۋە يېقىملىق مەنزىرە ھەممە كىشىنى ھاياجانغا سالماي قويمايدۇ .

پارتىيە ۋە خەلق ھوكۇمىتىمىز ئۇيغۇر خەلق مۇزىكىچىلىقىنىڭ قان تومۇرى بولغان « ئون ئىككى مۇقام » نىڭ ھازىرقى ۋە كەلگۈسىدىكى تەرەققىياتىنى نەزەردە تۇتۇپ ، مۇقامنى تەتقىق قىلىدىغان ئورگان - ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارەت مۇقام تەتقىقات ئىشخانىسىنى قۇرۇپ ، ئۇنىڭغا مەخسۇس شتات ئاجرىتىپ بەردى .

بۇ ئىشخانا ھازىر تۇردى ئاخۇن ئاكىنىڭ بىزگە قالدۇرۇپ كەتكەن ئون ئالغۇ لىنتىسىدىكى « ئون ئىككى مۇقام » نى بىر - بىرلەپ ئۆگىنىپ ، يەنە بىر تەرەپتىن تەتقىق قىلىش بىلەن تەكرار ئاھاڭلىرىنى رەتلەپ ، بىر مۇقامدىن - بىر مۇقامغا ئالمىشىپ كەتكەن ئاھاڭلارنى ئوز ئورنىغا سېلىپ ، ئۇنىڭ نامۇۋاپىق تېكىستلىرىنى يېڭىلاپ ، قايتىدىن ئون ئالغۇ لىنتىسىغا ئېلىپ كەڭ ئاممىغا ئاڭلىتىش خىزمىتىگە كىرىشىپ كەتتى . شۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە خەلق ئىچىدىكى ھازىرغىچە ساقلىنىپ كېلىپ يىغىۋېلىنمىغان مۇقام ئاھاڭلىرىنى كەڭ دائىرىدە قېزىپ چىقىپ ، يىغىۋېلىش - توپلاش ۋە ئۇنى رەتلەش ، ئۆگىنىش خىزمىتىنى باشلىۋەتتى . تۇردى ئاخۇن ئاكىنىڭ بۇنىڭدىن 20 نەچچە يىل بۇرۇن كوڭلىدە مەۋج ئۇرغان ئارزۇ - ئارمانلىرى بۈگۈنكى كۈندە ئەمەلگە ئېشىپ تامامەن رېئاللىققا ئايلاندى .

بىزنىڭ ئۇلۇغ ۋە گۈزەل ياشناۋاتقان ۋەتىنىمىز « توتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش » تىن ئىبارەت پارلاق ۋەزىپىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئۈزۈن سەپەرگە ئاتلىنىپ كۈرەش قىلىۋاتقان بىر مۇھىم پەيتتە ، ئۇيغۇر خەلق كىلاسسىك مۇزىكىسى « ئون ئىككى مۇقام » نىڭ تۈرلۈك پوتلىكاشاڭلاردىن بوسۇپ ئوتۇپ، سوتسىيالىزىم دەۋرىدە ئۈزلۈكسىز راۋاجلىنىپ، بۈگۈنكى ھالەتكە كەلگەنلىكىنى خوشاللىق بىلەن كورگىنىمىزدە ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەشھۇر سەنئەت ئەربابى ، ئاتاقلىق مۇقامشۇناس ، مەرھۇم تۇردى ئاخۇن ئاكىنى ئىپتىخار بىلەن تىلغا ئالماي تۇرالمايمىز .

تۇردى ئاخۇن ئاكا ھازىرمۇ ۋە كەلگۈسىدىمۇ ئۇيغۇر خەلق مۇقامچىلىقىنىڭ پىر - ئۇستازى . بىز ئۇنىڭدىن ئەۋلاتتىن - ئەۋلاتقىچە ئۆگىنىمىز . ئۇنىڭ جاپا - مۇشەققەتكە باش ئەگمەيدىغان روھىنى ۋە مۇقامچىلىققا بېغىشلىغان مۇھەببىتىنى ئورنەك قىلىپ ، ئۇنىڭ تۈگىمەلمىگەن ئىشلىرىنى قەتئى داۋاملاشتۇرۇپ ، كوپ مىللەتلىك ۋەتىنىمىزنى 4 تە زامانىۋىلاشقان، يۈكسەك ماددى ۋە مەنىۋىي مەدەنىيەتكە ئىگە دولەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىشقا توھپە قوشۇش - ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەرنىڭ شەرەپلىك بۇرچىمىزدۇر .

# ئوچمەس يۇلتۇز

(ئوچېرك)

ئابلا ئەخمەدى

## 1

1937 - يىل باشياز.

شەھەر دەرۋازىسى ئېچىلىش بىلەن نەگىلا يولغا چىققان ئەسكى جىنازىدەك شالاقلاپ كەتكەن يار - يار ھارۋا سەككىز تاشقا يېتىپ كەلگەندە، ئەتىگەنلىك شەپەق قىزىل دەرياسىنىڭ پوتىكاپتەك لايىقا سۈيىنى قىپ - قىزىل قان رەڭگىگە بويىغان ئىدى. ھارۋىغا ئوخشاشلا ھالدىن كەتكەن ئاق بوز ئاختا دەم ئالدىغا مۈدرەپ، دەم كەينىگە تىرەجەپ، پاتقاقلىق كاتاڭ يولدا ھارۋىنى ئاران - ئاران سۆرەپ كېتىپ باراتتى. جۇل - جۇل ئاق ماتا يەكتەگنىڭ بىر پېشى بەلۋېغىغا قىستۇرۇلغان، تامبىلىنىڭ پۇشقاقلىرى تىزىغىچە تۈرۈلگەن ھارۋىكەش گەۋدىسىنى يېرىم ئېگىپ، ئوڭ مۈرىسى بىلەن ھارۋىنى مۈرىدەپ، ئۆزىنىڭ بۈگۈنكى تۈنجى خېرىدارلىرىنى تېزراق مەنزىلگە يەتكۈزۈپ قويۇشقا ئالدىرايتتى. مېھمانلارنىڭ بىرى يىگىرمە ياشلار چامىسىدا بولۇپ، ئىككىنچىسى ئەللىك ياشلاردىن ھالقىغان مويسىپىت ئىدى. ياشراقى ھارۋىنىڭ ئوڭ تەرىپىدە پۇتلىرىنى ساڭگىلاتقىنىچە چوقايغا مەھكەم يېپىشىپ ئولتۇراتتى. مويسىپىت كىشى بولسا، ئەترايقا ئالاق - جالاق نەزەر تاشلىغىنىچە ھالدا، لاڭگا كىگىزىغا مەھكەم چاپلىشىپ ئولتۇراتتى. شالىلىقلار، زەيكەشلەردىن كۆتۈرۈلىۋاتقان قارالاي پۇرىقى بىلەن ئاتنىڭ بەدىنىدىن كۆتۈرۈلگەن قاڭسىق تەر ھىدى، ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ئايىنىتىپ، ئۈچىنى سىقاتتى. يول بويىدىكى قېرى سۆگەتلەرگە ئۇۋا تۈزگەن شاخ سانغۇچلار شاختىن - شاخقا سەكرىشىپ، ئۆزئارا ۋىچىرلايتتى.

قايىقتىندۇر ئۇچۇپ كەلگەن بىر جۈپ سېغىزخان يولنى توغرى كېسىپ، ھارۋىنىڭ ئۈستىدىن دىگىدەك ئۆتۈپ كەتتى. مويسىپىت سوز باشلىدى:

— بالام روزاخۇن، سەن ئىلگىرى تۇرداخۇننى كورگەنمۇ؟

— كورگەن، - يىگىت بېشىنى كەينىگە قىيا بۇرىدى - دە، كېسىپلا جاۋاپ بەردى، - مەن تېخى ئۇنىڭغا داپەندىلىكمۇ قىلغان دىسىلە!

— ئوھوي، مۇنداق دىگىن؟ بۇ گەپچە سەنزە، تۇرداخۇن بىلەن قەدىناس ئىكەنسەن - دە؟

— شۇنداق دىسەممۇ بولىدۇ. تۇرداخۇن

ئاكام ھەر قېتىم قەشقەرگە كەلگەندە، بىزنىڭ ئۆيدىن بولەك يەرگە چۈشمەيدۇ.

بۇ ئىككى نەپەر يولۇۋچى گېپىنى قىلىۋاتقان كىشى ـ ئاتا ـ بوۋىسىدىن تارتىپ مۇقامچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن داڭلىق مۇقام ئۇستىسى تۇردى ئاخۇن ئەلنەغمە ئىدى. تۇردى ئاخۇن ئاكا 1881-يىلى قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ بۇلاقسۇ رايونى بارىن يېزىسىنىڭ توت كول كەنتى ① دە تۇغۇلدى. ئۇ، ئوسمۇرلۇك چېغىدىن باشلاپلا دادىسىنىڭ كەسپىگە چوڭقۇر ئىشتىياق باغلاپ، سازچېلىش، ناخشا ئېيتىشنى تىرىشىپ ئۆگەندى. جاپالىق مەشق قىلدى. يىگىرمە ياشلارغا كىرگەندە، ئۇيغۇر كىلاسسىك مۇزىكىسى ـ ئون ئىككى مۇقامنى خېلى تولۇق دەستىگە ئالدى ۋە دادىسى تەۋەككۇل ئاخۇن ئاكا بىلەن بىللە بۇلاقسۇ، ئاقتو، يېڭىسار، قەشقەر شەھىرى قاتارلىق جايلاردا ئايلىنىپ يۈرۈپ، توي ـ توكۈن، مەشرەپلەردە نەغمە قىلىپ، زور شوھرەت قازاندى. ئەنە شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە، كۈتۈلمىگەن بىر ۋەقە يۈز بەردى: بىر كۈنى، پۈتۈن بارىننى دىر-دىر تىترىتىدىغان دىنى مۇتەئەسسىپ غوجام قۇلى ئاخۇنۇمنىڭ مۇقام ئاڭلىغۇسى كېلىپ، تەۋەككۇل ئاخۇن ئاكا بىلەن تۇردى ئاخۇننى چاقىرتىپ ئادەم ئەۋەتتى، تەۋەككۇل ئاخۇن ئاكا بۇ تەكلىپنى قەتئىي رەت قىلدى. چۈنكى، غوجام قۇلى ئاخۇنۇم تولغان باي، شۇنداقلا ئىنتايىن زالىم ئادەم بولۇپ، يىل بويى ئوتتۇز-قىرىق نەپەر يالالچى، دېدەك بوسۇغىسىدىن كەم بولمايتتى. ئەگەر ئۇ تالا ـ تۈزگە چىقىپ قالغىدەك بولسا، يۇرت ـ جامائەت تاكى بۇ "زات" ئالدىلىرىدىن ئۆتۈپ، كەتكىچە يول بويىدا سەجدىگە باش قويغاندەك تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ، يەر سۈيۈشكە مەجبۇر ئىدى. تەۋەككۇل ئاخۇن ئاكا بۇگۈنگە قەدەر ئۇنىڭدىن ئوزنى قاچۇرۇپ، ئۇنىڭغا ئىگىلمەي كەلگەن ئىدى. ھازىرمۇ ئۇنىڭغا ئىگىلگىسى، ئۇنىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ نەغمە قىلىپ بېرىپ ئۇنىڭ كوڭلىنى ئاچقۇسى كەلمەيتتى. كېيىن بىلسۇن، ئۇنىڭ بۇ «گەدەنكەش» لىگى پۈتۈن ئائىلىسىنى خانىۋەيرانچىلىق كوچىسىغا تاشلىۋەتتى: غوجام قۇلى ئاخۇنۇمنىڭ "يارلىق"ى بىلەن ھېچقانداق يولەنچۈكى بولمىغان تەۋەككۇل ئاخۇن ئاكا پۈتۈن ئائىلىسى بىلەن يۇرتتىن قوغلاندى. ئۇ، يۇرت تارىلاپ يېڭىسارغا بېرىپ، لاۋادىكى توپىلاك ھاجى دىگەن كىشىنىڭ ھويلىسىدا خوشنا ئولتۇردى ۋە ئومرىنىڭ ئاخىرىغىچە يېڭىساردا ياشاپ، شۇيەردە ئالەمدىن ئوتتى. تۇردى ئاخۇن بولسا، يېڭىساردا بىر مەزگىل تۇرغاندىن كېيىن، ساتارنى قولتۇغىغا قىستۇرۇپ يەكەن، پوسكاملاردىن ئوتۇپ، قاغىلىققا بېرىپ توختىدى. ئاي كېپەخان ئاتچى دىگەن كىشىنىڭ يارىدىمى بىلەن ئوي ـ ئوچاقلىق بولدى. ئارىلاپ ـ ئارىلاپ يېڭىسار، قەشقەرلەرگىمۇ كېلىپ تۇردى. ھەر قېتىم قەشقەرگە كەلگىنىدە، قەدىناس دوستى، داڭلىق ئەلنەغمە قاسىم ئاخۇننىڭ ئويىگە چۈشەتتى. بىر خون ② دا نەغمە قىلاتتى. ئۇنىڭ تۇققىنىنىڭ ھويلىسىدىن ئاجرىتىپ بېرىلگەن بىر ئېغىزلىق ئويدە

① گېزىت ـ ژورناللاردا تۇردى ئاخۇن ئاكا توغرىسىدا ئېلان قىلىنغان بەزى ماقالىلاردا ئۇنىڭ قەشقەر يېڭىسار ناھىيىسىدە تۇغۇلغانلىقى ئېيتىلغان. تۇردى ئاخۇن ئاكىنىڭ شاگىرتلىرىدىن بىرى، قەشقەر ۋىلايەتلىك سەنئەت ئومىكىنىڭ پېشقەدەم سازەندىسى روزى ھوشۇر بۇ ماقالىلاردا يېزىلىش بارلىقىنى تەكىتلىدى. مەن بۇ يەردە روزى ئاخۇن ئاكىنىڭ مەلۇماتىنى ئاساس قىلدىم — ئاپتور.

② خون ـ ئوچتىن بەشكىچە سازەندىدىن تەركىپ تاپقان گۇرۇپپا.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

يېتىپ - قوپاتتى. تۇردى ئاخۇن ئاكا بۇ قېتىم قەشقەرگە كېلىش سەپىرىدە يېڭىشەردىكى داڭلىق ساتارچى جۇمائاخۇن ئەلنەغمىنىڭ ئۆيىگە چۈشكەن ئىدى. بۇ خەۋەر قاسىم ئاخۇن ئاكىنىڭ قۇلىقىغا يەتكەندە، خوشاللىقىدىن كېچىچە تۈزۈك ئۇخلىيالمىدى. قەشقەر شەھىرىدىكى يىگىرمە، خون ئەلنەغمىنىڭ خوشاللىقىمۇ ئۇنىڭدىن قېلىشمايتتى. ئۇلار مەسلىھەتلىشىپ، بۈگۈن تاڭ سۈزۈلمەستىلا داڭلىق تەمبۇرچى قۇنداخۇن ئاكا بىلەن ياش چاڭچى روزاخۇننى يېڭىشەرگە چىقارتىپ، تۇردى ئاخۇن ئاكىنى چاقىرىپ كىرىشكە چىقارتتى. هارۋىدا كېتىۋاتقانلار ئەنە شۇلار ئىدى.

ئۇلار تازا قىزغىن پاراڭلىشىپ كېتىۋاتقاندا، يېڭىشەر تەرەپتىن ئۇچقاندەك چېپىپ كەلگەن بىر توپ ئاتلىق چېرىك هارۋىنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كەتتى. ئات تۇياقلىرىدىن چاچرىغان پاتقاق لاي ئۈستىۋاشلارنى بۇلىغىدى. تۇردى ئاخۇن ئاكا ھەققىدىكى تەرىپلەر چېرىكلەرنى قاغاشقا ئالماشتى.

چاچقا مەھەللىدە، هارۋا يېڭىشەرگە يېتىپ كەلدى. يېڭى مەھەللىدىكى گۆرەخانىلار ئالدىدا، مال ئىگىلىرىنىڭ گۆرۈكەشلەر بىلەن باھا تالىشىپ تاكاللاشقىنى؛ شوپاڭلاردىن مەسلەرنىڭ

»ئاق كىگىز، قارا كىگىز،
رەڭدە بويىغان كىگىز.
ئىككىمىزنىڭ بويى تەڭ،
دوپپاڭنى ماڭا كەيگۈز.
يۇمۇلاق - يۇمۇلاق، خېنىم يۇمۇلاق،

سېنىڭ پاكىزاڭغا مەن ئامراق...«، دەپ قىزغىن - تاغىل ۋاقىراشلىرى قەدەمدە دىگىدەك ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

ئۇزۇن ئۆتمەي، هارۋا توختىدى. ئىككەيلەن هارۋىكەشنى رازى قىلىۋېتىپ، شەھەر دەرۋازىسى تەرەپكە يول ئېلىشتى. كېتىۋېتىپ، روزاخۇن ئۇشتۇمتۇت توختاپ قالدى. ئۇ، ساماۋەرخانا ئالدىغا قويۇلغان كارۋاتتا ئۆزى يالغۇز ئولتۇرغان تۇردى ئاخۇن ئاكىنى كۆرۈپ قالغان ئىدى. تۇردى ئاخۇن ئاكا ئاق پېشما، يۇمۇلاق يۈزلۈك ئادەم بولۇپ، ئاق چوتا يەكتەك ئۈستىدىن زەيتۇن رەڭ بەلۋاغ باغلاپ، سىرتىغا كەيگەن سىماۋى رەڭلىك چەكمەن تونىنىڭ ئالدىنى ئېچىۋەتكەن؛ سەرپۈش تۇمىقىنىڭ بىر چېتىنى بىلىنەر - بىلىنمەس قىستۇرۇپ، ئوڭ قېشى ئۈستىگە باسۇرۇپ كەيگەن بولۇپ، چوڭ - چوڭ قوي كۆزلىرى يېرىم يۇمۇقلۇق ئىدى. قىسقا، يارىشىملىق ساقال - بۇرۇت ۋە بەلۋېغىغا ئېسىۋالغان جەڭۋا قوش بىلەن ساقال تاغىقى ئۇنى تېخىمۇ سولەتلىك كۆرسەتەتتى.

— قۇنداخۇن ئاكا، — دېۋەتتى هاياجىنىنى باسالماي قالغان روزاخۇن ئۆزلۈك ئاۋازدا، — تۇردى ئاخۇن ئاكام ئەنە.

— قېنى؟ — خىيالەتتە كېتىۋاتقان قۇنداخۇن ئاكا روزاخۇننىڭ سوئال نەزىرىدە تىكىلدى. روزاخۇن قولى بىلەن ئىشارەت قىلىپ:

— ئەنە، ئاۋۇ ساماۋەردە ئولتۇرىدۇ، — دېدى.

ھەر ئىككەيلەننىڭ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈردى. ئۇلار كۈلۈمسىرىگەن هالدا ساماۋەرگە يېقىنلاشتى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم!

كۈتۈلمىگەن بۇ سالامدىن سەل تېڭىرقاپ قالغان تۇردى ئاخۇن ئاكا، يەردىن ئۆرۈپ چىققاندەكلا قېشىدا پەيدا بولۇپ قالغان بۇ ئىككەيلەنگە غىل - پاللا بىر كۆز يۈگۈرتتىدە، گويا بىر كىم كەينىدىن ئىتتىرگەندەك چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى ۋە:

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام! — دېدى سالامنى ئېلىك ئېلىپ، — مەن تېخى ئوخشاتتىممىكىن دەپتىمەن. ئوبدان تۇرلىمۇ غوجام، قۇناخۇن؟

— خۇداغا شۈكرى، ئۆزلىرىچۇ؟

— ئەلھەمدۇلىللا.

تۇردى ئاخۇن ئاكا سىنچى كوزلىرىنى روزاخۇنغا بىر سىكۇنتچە تىكتى — دە، ئۈنلۈك توۋلىۋەتتى:

— ھوي ھوشۇرلاقكامىنىڭ ئوغلى روزاخۇنمۇ سەن! چوپ — چوڭلار يىگىت بولۇپ قاپسەن ئەمەسمۇ! داداڭ تېپىلمىدىمۇ؟ قاسىماخۇنچۇ؟

— دادام…

روزاخۇن كوزلىرىگە غىللىدە ياش ئېلىپ، يەرگە قارىدى. قۇناخۇن ئاكا ئالدىراش چۈشەندۇردى:

— ھوشۇرلاقكام ئالەمدىن ئوتتى.

تۇردى ئاخۇن ئاكىنىڭ كۆلكە يېغىپ تۇرغان چىرايىنى قارا بۇلۇت قاپلاپ ئاۋازى تىترەپ كەتتى:

— ئەلھۇكمىللا، — دېدى ئۇ، قولىنى دۇئاغا كوتىرىپ، — رەخمەتلىكنىڭ ياتقان جايى جەننەت بولسۇن! ئامىن، ئاللاھۇ ئەكبەر. قاچان شۇنداق بولدى؟

— بەش يىل بولدى.

— كورسىلەماۋۇ قىسمەتنى! رەھمەتلىك ئالتۇندەك ئادەم ئىدى! ھەي… تاشنىڭ خېتى يامغۇر سۈيى بىلەن يۇيۇلۇرمۇ؟ گەر بەندىگە قازا يەتسە، بەندە قېچىپ قۇتۇلۇرمۇ؟! بۇنداق قىسمەت ھەممە ئادەمنىڭ بېشىدا بار. لېكىن…

ئۇ، بىر ھازا شۈك بولۇپ كەتتى. كېيىن بىردىن ئاۋازىنى كوتىرىپ سورىدى:

— سەن داداڭنىڭ ئىزىنى باساي دەمسەن، يا؟…

— باسامدىغان، باستى! — قۇناخۇن ئاكا ئالدىراش جاۋاپ بەردى، — چاڭنى تولۇق دەستىگە ئالغاندىن تاشقىرى، چوڭ نەغمىگە شۇنداق كېلىشتۈرۈپ داپ چالدۇكى، بەئەينى دادىسىنىڭ ئوزى!

— بەللى، يىگىت بولۇپسەن — دە، يىگىت! تۇردى ئاخۇن ئاكا بىر كۈلۈۋېتىپ، ئوز ئوزىنى ئىزاھلىدى، — بەزىلەر ئوغۇل بالىنىڭ ھەممىسىنى يىگىت دەۋېرىدۇ، بۇ توغرا ئەمەس! يىگىت دىگەن قانداق بولىدۇ، بىلەمسەن؟ كىم ئاتىسىنىڭ ئىزىنى بېسىپ، ئاتىسىنىڭ يولىنى تۇتسا، يىگىت دىگەن شۇ. بولمىسا، ئۇنداق ئوغۇلدىن مىغىزى يوق چىگىت ياخشى!

ئۇچەيلەن تەڭلا قاقاھلاپ كۈلۈپ كېتىشتى. كۈلكە ئارىسىدا، تۇردى ئاخۇن ئاكا ئىككەيلەننى كارۋاتقا تەكلىپ قىلدى. نان، چاي بۇيرۇتتى. چاي ئىچىشىپ ئولتۇرۇپ، قەشقەر شەھرىدىكى ئەلنەغمىلەرنىڭ ھال كۈنى، ئۇلۈك — تىرىكلەر توغرۇلۇق سوئال — جاۋاپلار بولدى. بۇ ئىككەيلەننىڭ ئوزىنى چاقىرغىلى چىققانلىقىنى ئۇققاندا، تۇردى ئاخۇن ئاكا تېخىمۇ ھاياجانلىنىپ كەتتى:

— رەخمەت، تۇققانلىرىم، رەخمەت! — دېدى ئۇ، ئورنىدىن سەل قوزغىلىپ، ئىككەيلەنگە ھورمەت بىلەن ئېگىلىپ، — ھەربىرلىرىنىڭ ماڭا شۇنچىلا ئىززەت — ئىكرام كورسەتكەنلىرىگە يارىشا، تۈزۈكرەك بىر ئىش قىلىپ بېرەلىسەم كاشكى…

تۇردى ئاخۇن ئاكا خېلى ئۇزۇن ئوز رەخالىق ئېيتتى.

— ھە، چايغا بېقىشسىلا، "قۇرۇق چايدىن كاچات ياخشى" دەپتىكەن. مەنمۇ تېخى ناشتا قىلمىدىم. قوساقنى ئوبدان تويغۇزۇپ يولغا چىقايلى.

— ……

ئۇلارپارا ئۇلاشقاچچاي ئىچىشىۋاتقاندا، ئاكا-ئۇكا مۇقامچى جۇماخۇن، قۇناخۇن ئاكىلار كىلىپ قىلىشتى. تۇردى ئاخۇن ئاكا ئۆزىنىڭ قەشقەرگە كىرىپ كەتمەكچى بولىۋاتقىنىنى ئېيتقاندا، جۇماخۇن ئاكا:

— ئوبدان بوپتۇ، — دىدى دەرھال ماقۇللۇق بىلدۇرۇپ، — كىرسىلە. كىرىپ، يار-بۇرادەرلەر بىلەن دىدارلاشسىلا. بولسا، مەنمۇ بىللە كىرسەم بەكمۇ ئوبدان بولاتتى...

— رەخمەت، ئاۋارە بولمىسىلا! ھېلىمۇ ئوزلىرىنى ئاز كۈيتمىدىم...

— كايىش دىگەن نىمىكەن ئۇ! سىلە بىلەن بىز بىر-بىرىمىزنىڭ ئىززىتىنى قىلىشمىساق، كىم بىزنى ئىززەتلەيدۇ؟! مىنىڭ ئورنىمدا ئاكام ئوزلىرى بىلەن كىرسۇن.

— رەخمەت ئۇقتانلار، رەخمەت!

..............................

2

يول — يەنە شۇ بايىقى كاتاك، پاتقاقلىق يول. ھاۋا تىنجىق. سىپتىچىلىق دەستىدىن نەپەس ئالماقمۇ تەس.

يولدا كىتىۋاتقىنى — چىلان توروق ئايغىر قوشۇلغان ياسىداق مەپە. مەپىنىڭ ئالدىدا تۇردى ئاخۇن ئاكا پۇتلىرىنى ساڭگىلاتقىنى ھالدا، ئەتراپتىكى ھەر بىر نەرسىگە ئالاھىدە نەزەر بىلەن كوز تىكىپ، مەردانە قىياپەتتە ئولتۇرۇپتۇ. پات-پات بىشىنى كەينىگە بۇراپ، مەپە ئىچىدىكى كەسپداشلىرىغا قاراپ، ئۇلاردىن سوئال سورايدۇ ياكى ئۇلارنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاپ بىرىدۇ. مەپىكەش بولسا، ھەدەپ قامچىسىنى قارسىلدىتىپ، مەپىدىن ئىككى قەدەمچە ئىلگىرىدا يۈگۈرۈپ دىگىدەك كىتىپ بارىدۇ.

بۇ مەپە — كەسپداشلارنىڭ تۇردى ئاخۇن ئاكىغا بولغان چەكسىز ھورمىتى. شۇنداقلا، چەكسىز سىخىنىشنىڭ بەلگىسى ئىدى!

..............................

مەپە كولدۇرمىلىرىنى جالدىرلىتىپ، قوۋم دەرۋازىدىن كىرىپ، قاسقان بازىرى، زەرگار بازارلىرىدا چاڭ چىقىرىپ، ساندۇق بازىرىدا توختىغاندا، ساندۇقچىلىق دۇكانلىرىنىڭ ئالدىدا قىزغىن پاراڭلىشىپ ئولتۇرغانلار ئىچىدىن غۇنچە بوي، ساقال-بۇرۇتىغا ئاق سانچىغان بىر كىشى ئىتتىك ئورنىدىن تۇرۇپ، ئالدىراش مەپە ئالدىغا يىتىپ كەلدى. مەپىدىن بىرىنچى بولۇپ يەرگە چۈشكەن تۇردى ئاخۇن ئاكا ئۇنىڭ باغرىغا ئوزىنى ئاتتى ۋە ئۇنىڭ بىلەن قۇچاغلىشىپ تۇرۇپ سوزلەپ كەتتى:

— قاسىم ئاخۇنۇم، غوجام، تىچ تۇرلىمۇ؟ ئوي ئىچى، بالا-چاقىلىرى ئىسسەندۇ؟

— ھارمىغايلا، تۇردى ئاخۇن! ياخشى، بىزنى تولا تەقەززا قىلماي، بۇگۇنلا كىرىپلا؟

— كىرمەمدىغان، غوجام! ھېلىغۇ ئىززىتىمنى قىلىپ، ئالدىمغا ئادەم چىقارتىپلا، ئوزۇممۇ بۈگۈن بولمىسا، ئەتە كىرىشكە تەرەددۇتلىنىپ قويغانتىم، دىسىلە! ...

گۇرۇدە ئولىشىپ كەلگەن كەسپداشلار تۇردى ئاخۇن ئاكىنىڭ گىپىنى ئۈزۈپ قويدى. قەدىناس دوستلار، كونا-يىڭى كەسپداشلار ئوز ئارا تىپچىلىق-ئامانلىق سوراشقاندىن كىيىن، تۇردى ئاخۇن ئاكا ساندۇقچىلىق دۇكانلىرىنىڭ بىرىنىڭ ئالدىغا قويۇلغان ئورۇندۇقتا باشلاندى. كەسپداشلار ئۇنىڭ ئەتراپىنى چورىدەشتى.

گەپ ئارىسىدا، پىشقەدەم ساتىرچى موللا نىكام سورىدى:

— ئۇكام تۇردى ئاخۇن، — دىدى ئۇ، — ئوزلىرى بۇ قېتىم قاغلىقتا بەك ئۇزۇن تۇرۇپ قالدىغۇ؟ نەچچە يىلنىڭ ئىزى شىرىن-سۆخەن-

سوھبەتلىرىنى تازىمۇ سېغىنىپ كەتتۇق .
ــھەي ، نىمىسىنى دەيلا ، ــ تۇردى ئا ــ
خۇن ئاكا يىغلىمىلىق كۈلۈمسىرىدى ، ــ ئادەم
بالا ــ چاقىلىق بولغاندا ، بوسۇغا ئاتلاپ
چىقمىغىمۇ تەسكە چۈشۈدىكەن . بىر كۈندە
مىڭ ۋاخ ھەر بىرلىرىنى ياد ئېتىپ تۇرسام ـ
مۇ ، بۇ تەرەپلەرگە كېلىشكە ئىرادە بولمىد ـ
دى . خۇدايىم بۇيرۇسا ، بۇ قېتىم قەشقەردە
ئۇزۇنراق تۇرۇپ ، ھەر بىرلىرىدىن ناھايە ـ
تى جىق نەرسىلەرنى ئۆگىنىپ كېتىش نىيـ
يىتىم بار .
ــبىزدە ئۆگەنگىدەك نىمە بار دەيلا ؟ ! ــ
قاسىم ئاخۇن ئاكا گەپكە ئارىلاشتى ، ــ بىز ـ
نىڭ ئۇزلىرىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈ ـ
شىمىزمۇ ، ئۇزلىرىدىن ئون ئىككى مۇقامنى
قېيامىغا يەتكۈزۈپ نەغمە قىلىشنى
ئۆگىنىۋېلىش ئۈچۈن تۇرسا ، ئېخى بىزدىن
ئۆگىنىدىغان نەرسىلىرى نىمىسى؟ ئادەمنى خىجىل قىلمىسىلا، ئۇنداق!
ــ بەللى ، بەللى ! ماۋۇ گەپنى كورسىلە
ئېخى ! ... قەشقەر دىگەن ئون ئىككى مۇ ـ
قامنىڭ يۇرتى . ھەر بىرلىرى ــ ئون ئىككى
مۇقامنىڭ ئاچقۇچلىرى . ئەگەر ئۆگىنىش
توغرا كەلسە ، ھەممىمىز بىر ــ بىرىمىزدىن
ئۆگەنسەك بولىدۇ . مانا شۇ چاغدا ، پىر ــ
ئۇستازلىرىمىزنىڭ روھى-پاكىمۇ مۇرات ـ
مەقسەتلىرىگە يېتىدۇ ...
تۇردى ئاخۇن ئاكا ناھايىتى ئۇزاق سوز ـ
لىدى . ئۇزىنىڭ قاغىلىق، پوسكام، يەكەن ،
مەكىتلەردە ئوتكۈزگەن ئېچىنىشلىق تۇرمۇش
سەرگۈزەشتىلىرىنى ھىكايە قىلىپ بەردى . ئۇ
يەرلەردىكى مۇقام ئۇستىلىرىنىڭ ئون ئىككى
مۇقامنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ نەغمە قىلىش يو ـ
لىدا كورسەتكەن تىرىشچانلىقلىرىنى تەكرار ـ
تەكرار تىلغا ئېلىپ ئۆتتى . كەپ ئارىسىدا

چاخچاق ، كۈلكىلەرمۇ ئۇزۇلمىدى. ئارىلاپ ـ
ئارىلاپ چاناقلارغا ياش قاپلىشىپ ، كوڭۈل ـ
لەر بۇزۇلۇپمۇ تۇردى .
نامازدىگەرگە ئەزان چىققاندا ، قاسىم ئا ـ
خۇن ئاكىنىڭ تەكلىۋى بىلەن ھەممەيلەن
ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى ــ دە ، ساتار ، داپ،
تەمبۇرلىرىنى قولتۇغىغا قىستۇرۇشۇپ، ھېيت ـ
كا جامەسىنىڭ ئارقا تەرىپىدىكى چوڭ كوچى ـ
غا قاراپ يول ئېلىشتى . ئۇيان ــ بۇيان
ئوتۇشۇپ تۇرغان يولۇۋچىلار يىگىرمە نەچچە
كىشىدىن تەركىپ تاپقان بۇ سازەندىلەر تو ـ
پىغا ھەيرانلىق بىلەن تىكىلىشىپ ، كوزلىرى
بىلەن ئۇلارنى خېلى يەرگىچە ئۇزۇتۇپ قې ـ
لىشتى . ھەممە نەرسىگە ئالاھىدە قىزىقىد ـ
غان كىچىك باللار بولسا ، تاكى ئۇلار باغ
كوچىسىنىڭ ئىگىز ئېرىق بېشى تەرەپتىكى
ئېغىزىدىن كىرىپ كەتكىچە ، ئۇلاردىن بىر ـ
دەممۇ ئايرىلمىدى .

×

تاملىرى ئاقارتىلمىغان كەڭ ــ كۇشادە
ئايۋاننىڭ سۇپىسى كەسپداشلار بىلەن تول ـ
غان ئىدى . توردە تۇردى ئاخۇن ئاكا ، ئۇ ـ
نىڭغا ياندىشىپ قۇناخۇن ئاكام، موللانىكام،
خۇداۋەردى ئاخۇن ئاكىلار ئولتۇراتتى. باش ـ
قىلارمۇ ياش ــ قورامىغا بېقىپ ، ئوز لايە ـ
غىدا جاي ئېلىشقان ئىدى . سۇپىنى لىق
ئالغان داستىخان ھەمەك ، كاكچا نانلار بە ـ
لەن تولغان ئىدى . ساھىپخان قاسىم ئاخۇن
ئاكا چاي قۇيۇش ، نان ئوشتۇش ، مېھمان ـ
لارنى مەزەگە ئېغىز تىگىشكە زورلاش بىلەن
پايپېتەك ئىدى . قىزىق چاخچاقلار ، كۈلكى ـ
لەر داستىخاننىڭ پەيزىنى ئاشۇراتتى.
كوز باغلاندى . تۆۋرۈككە ئورنۇتۇلغان
چىراقپايە ئۇستىگە قوندۇرۇلغان ساپال چى ـ
راقتا ئوت يېقىلدى . ئۆي ئىچى غۇۋا يو ـ

رۇق. چىگىت يېغىدىن چىققان قاڭسىق ئىس شادىلىق تۈگۈلۈكىگە قاراپ ئاقاتتى. ئۇي شۇنداق ئىسسىپ كەتكەن ئىدىكى، سىرتتىن تاسادىپى كىرىپ قالغان ئادەم گويا ھاماممغا كىرىپ قالغاندەك ھىس قىلىشى تۇرغانگەپ. تەئەججۇپكى، تۇردى ئاخۇن ئاكىنىڭ سىدلىق - سىپايى، شىرىن سۇخەن سوزلىرىگە مەغۇل بولغان بۇ كەسپداشلار ئۆزلىرىنى گويا باش كۈزنىڭ گۈزەل ئەتتىگىنى جەننەتتەك ساپ ھاۋالىق چاھار باغدا سەيلە - ساياھەت قىلىۋاتقاندەك ئازادە، خوشال - خورام سىزىشەتتى.

—قاسىم ئاخۇنۇم، غوجام، نىمانچىكا يىپىلا؟ — دىدى تۇردى ئاخۇن ئاكا سېمىز قوي گوشىنىڭ شورپىسى كەلتۈرۈلگەندە تەكەللۇپ بىلەن تىزلىنىپ، — بۇ ... بۇ ... ئادەمنى خىجىل قىلىپ، مۇنداق قىلمىسىلا بولاتتى! ...

— تەۋەككۇل ئاخۇن ئاكام بىلەن ئۆزلىرىنىڭ بىزگە قىلغانلىرىنى ئەسلىسەك، كۈندە بىر توگە سويۇپ ئالدىلىرىغا چىقسىمۇ ئەرزىيتتى. قانداق قىلىمىز؟ قولىمىزنىڭ قىسقىلىقىدىن مۇشۇنچىلىك ئىش قىلالىدۇق. كەم كورمەي، قول كەلتۈرۈپ بەرسىلە!

—شۇنداق قىلسىلا، تۇردى ئاخۇن!

—شۇنداق قىلسىلا. تۇردى ئاخۇن ئاكا!

—خوش، قېنى، ناز سالدىلى!

تۈشمۇ - تۈشتىن كوتىرىلگەن تەۋەججۇ - ئىلتىجالار ئالدىدا ئىنتايىن ئوڭايسىز ئەھۋالدا قالغان تۇردى ئاخۇن ئاكا:

—رەخمەت، غوجام، رەخمەت! ھەر بىرلىرىنىڭ مۇشۇنداق مېھماندوستلىقى، دەريادەك كەڭ كوڭلى - كوكسىنى دىمىسەم، ماڭا قەشقەردە نىمە بار؟! - دەپ كۆلدى - دە، نانغا قول ئۇزاتتى.

داستىخان يىغىلغاندا، ئالىلتاچان خۇپتەنگە ئەزان چىققان ئىدى. قىزىغى شۈكى، خا، ساھىپخان، خا، مېھمانلار سورۇننى يىغىشتۇرۇش نىيىتىدە ئەمەس ئىدى.

" ئۇلار زادى نىمە قىلماقچى؟ "

بۇ سوئالغا سورۇن ئەھلى جاۋاپ بەرسۇن:

— تۇردى ئاخۇن ئاكا، —دىدى ياش سادارچى ۋارىس ئاخۇن ئۈزۈندىن بۇيان كوڭلىگە پۈكۈپ كەلگەن بىر سوئالغا جاۋاپ تېپىشنىڭ تازا ياخشى پۇرسىتى كەلگىنىگە ئىچ - ئىچىدىن خوشاللىنىپ، - ئون ئىككى مۇقامنى كىم ئىجات قىلغان؟

بۇ غەلىتى سوئالدىن بەزىلەر كۈلدى. بەزىلەر بىر - بىرىگە مەنىلىك قارىشىلىشتى. تۇردى ئاخۇن ئاكا بولسا، بۇ يىگىتكە بىر پەس تىكىلىپ تۇرغاندىن كېيىن، ھەر بىر سوزىنى دانە - دانە قىلىپ، ئەستايىدىل جاۋاپ بەردى.

— بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ئون ئىككى مۇقامنى ئەۋلىيا - ئەنبىيالار ئىجات قىلغانمىش. راست شۇنداقمۇ؟ بۇ ماڭا قاراڭغۇ. دادامنىڭ ئېيتىشىچە، ھەربىر مۇقامنى يۈزلەپ - مىڭلاپ سادەندە ئىجات قىلغان ئىكەن. يىللارنىڭ ئوتۇشى بىلەن بىردىن - ئىككىدىن جۇغلىنىپ ئون ئىككىگە يىتىپتۇ. دادامنىڭ ئۇستازى تىخان تۇغلۇق ئون ئىككى مۇقامنى ئەڭ تولۇق بىلىدىغان زات ئىكەن. ئېپزىق ھاجىم، ھېلىم ئاخۇن، سېلىم ئاخۇن، مەھەممەت موللا (كاروشاك ئاخۇنۇم)، ئەمەت ئاخۇن ئىش بېشى، ئوراييمانىكام، يۇسۇپ غوجىكام، موللا تۇردىكاملار - ۋۇ ئەشۇ زاتنى ئۇستاز تۇتقان ئىكەن. مانا بۇ ئولتۇرغان ھەممىمىز شۇلارنىڭ شاگىرتلىرى. ئىلىدا مەھەممەت موللىنىڭ، يەكەندە سېتىۋالدى ئاخۇننىڭ شاگىرتلىرى بار. ئار-

مەزدا قاسىم ئاخۇن . قۇناخۇن، موللانىكامە-
لاردەك تولغان مۇقام ئۇستىلىرى ئولتۇرۇپ -
تۇ . ياش سازەندىلىرىمىز ئۇلاردىن كوڭۇل
قويۇپ ئۆگۈنىدىغان بولسا ، ئۆزلىرىمۇ ئىـ-
جات قىلسا ، كىم بىلىدۇ تېخىـى ، يـەنـە
قىرق - ئەللىك يىلدىن كېيىن ، مۇقام ئۇن
تۇت- ئونبەشكە يېتەمدۇ ؟ !

تۇردى ئاخۇن ئاكىنىڭ ئاجايىپ كەمتەرلىكى
كوپچىلىكتە ئۇنىڭغا نىسبەتەن تېخىمۇ چوڭقۇر
هورمەت تۇيغۇسى قوزغىدى . كۇسۇلداشلار ،
پەس ئاۋازدا ماختاشلار تەرەپ - تەرەپتىن
ياغماقتا ئىدى .

قاسىم ئاخۇن ئاكا سورىدى :

— ئۆزۈڭىزدىن بۇيان « ئابۇ چەشمە » دىـ-
گەن بىر مۇقام بارلىقىنى ئاڭلايمىز . لېـ-
كىن ، ئۇنىڭغا نەغمە قىلغان ئادەمنى كورۇپ
باقمىدۇق . شۇ هەقتە بىلىدىغانلىرىنى دەپ
بەرسىلە قانداق ؟

— ئوبدان ، دەپ بىرەي غوجام ، دەپ
بەرمەمدىغان ! - تۇردى ئاخۇن ئاكا بۇ مۇ-
قام توغرىسىدىكى قىياسلىرىنى سوزلىگەند -
دىن كېيىن كۇلۇپ تۇرۇپ مۇنداق دىدى ،-
« ئابۇچەشمە » نى ئون ئىككى مۇقام تۇۋ -
قان . مىسالەن دىسەم: « مۇشاۋرەك » هەمـ-
مە مۇقاملارنىڭ ئانىسى . ئۇنى ياخشى بىلـ-
گەن ئادەم باشقا مۇقاملارنى ئاسان ئۆگىنە-
ۋالالايدۇ . ئون ئىككى مۇقامنى ياخشى بىلـ-
گەن ئادەمنىڭ « ئابۇ چەشمە » نى بىلىشـ-
گى تەس ئەمەس .

تۇردى ئاخۇن ئاكا سوزىنى تۈگەتكەندە،
كوپچىلىك كەينى - كەينىدىن ئىلتىماس قىـ-
لىپ ، ئۇنى « ئابۇچەشمە » گە نەغمە قىلىپ،
ناخشىسىنى ئېيتىپ بىرىشكە كوندۇردى .

ئون نەچچە داپ، بىردەك تۈزۈلگەن سەكـ-
كىز ساتاردىن ياڭرىغان يېقىملىق ساداغا ئە-
گىشىپ « مۇشاۋرەك » مۇقامىنىڭ چوڭ نەغـ-
مە ، داستان ، مەشرەپلىرى كېچە ئاسمىنىـ-
غا سىڭىپ كەتتى . مۇقام ئاخىرلاشقاندىن
كېيىن ، تۇردى ئاخۇن ئاكا قانائەتلەنگەن
هالدا مۇنداق دىدى :

— باياتىن مەن دىمەپمىدىم ؟ ناهايىتى
ئوبدان نەغمە قىلىشىدىكەنلە . مۇشۇنداق
نەغمە قىلساق پادىشاغىمۇ يارايدۇ ، دىيىشـ-
سىلە ! مەن بەزى سازەندىلەرنى كورگەن :
ئۇلار ئوزى چېلىۋاتقان پەدىنىڭ، ئېيتىۋاتـ-
قان ناخشىسىنىڭ مەنىسىنى چۈشەنمەمدىكىن
تاڭ ، بىرسى " غىت " قىلسا ، بىرسى غات
قىلىپ ، تىڭشىغۇچىنىڭ كەيپىنى ئۇچۇرۇ -
دىكەن ...

ئۇنىڭ بۇ گىپى هەممەيلەننى كۇلدۇرۇ -
ۋەتتى . ئوزىمۇ قوشۇلۇپ كولۇپ كەتتى .
كۇلكە سەل بېسىققاندىن كېيىن :

— ئەن-نەغمە دىگەنپەتنۇسقا خونچىلاپ،
مېهمانىڭ ئالدىغا ئېلىپ چىقىدىغان مەزە
ياكى گېزەك ئەمەس . بەلكى سازەندىنىڭ
قوسىقىدىكى غەزىنە ، - دىدى ئۇ سوزىنى
داۋام قىلىپ ۋە كوپچىلىككە سوئال نەزە-
رىدە قاراپ قويدى . كوپچىلىك ئۇنىڭدىن
كوز ئۈزمەي، ئۇنىڭ يەنە نىمىلەرنى دىيىـ-
شىنى تەقەززالىق بىلەن كۇتمەكتە ئىدى ، -
- سەن ئەشۇ غەزنىنى كوتۈرۈپ سورۇنغا كىـ-
رسەن - دە،داستىخانغا توكىسەن . بۇ چاغـ-
دا هەممە ئادەمنىڭ كوزى ساڭا تىكىلىدۇ .
قۇلىقى ئاغزىڭدا، سازىڭدا بولىدۇ . سىلىق،
يېقىملىق چالساڭ ، رەخمەت ئوقۇيدۇ . داپ
هېيتكادا تاراڭلاپ ، ساتار ياۋاغدا غىتىلدايـ-
دىغان بولسا ، ئىشىڭ پىشقىنى شۇ- سىنى
تىللىشىدۇ ، قاغىشىدۇ . شۇڭا مەن دەيمەن،
ئادەم ئۈچ ئىشتا سىلىق بولمىسا بولمايدۇ :
بىرى،سەتىراچ سىلىق هۇنەر قىلمىسا، چوپـ-

قەتسىز قالىدۇ؛ ئىككىنچىسى، ئەلنەغمە سېلىق نەغمە قىلمىسا، ئاڭلىغۇچىنى بىزار قىلىدۇ؛ ئۈچىنچىسى، مۇئامىلىدە قوپال ئادەم ھەر قانچە غەنى بولغىنى بىلەن، ئەل ئىچىدە ھۆرمىتى بولمايدۇ ... ھە، ئەمدى «ئابۇچەشمە» نى باشلامدۇق؟

— باشلايلى!

تۇردى ئاخۇن ئاكا ساتارنى تۈزۈپ، نەغمىگە يەڭگىل ناخۇن ① قىلدى. ھەممە كۆزلەر ئۇنىڭ قولىدا، قۇلاقلار ساتاردىن ياڭرىغان يېقىملىق سادادا ئىدى. ئۆيدە تارناقنىڭ ساتارنىڭ تارىسىغا تەككەندە چىققان ئاۋازىدىن بولەك ھېچقانداق شەپە ئاڭلانمايتتى. نەغمە تۈگەپ، ئوتكۈنچى نەغمىسىگە كۆچكەندە تۇردى ئاخۇن ئاكا ئورنىدىن تۇردى - دە، قاسىم ئاخۇن ئاكىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ساتارنى ئۇنىڭغا ئىككى قوللاپ ئۇزاتتى.

— غوجام، قاسىم ئاخۇنۇم، — دېدى ئۇ چوڭقۇر ھۆرمەت ھېسسىياتى بىلەن، — ئۆزلىرى ساتارنى ئالسىلا. مەن داپ چالغاچ مۇقام ئوقۇي ...

ئىنتايىن ئوڭايسىز ئەھۋالدا قالغان قاسىم ئاخۇن ئاكا ئۆز نۆۋىتىدە بۇ قەدىرداس دوستىغا چەكسىز ھۆرمەت ۋە ئېھتىرام كۆرسىتىپ، خېلى ئۇزۇن تەكەللۇپ قىلدى، تۇردى ئاخۇن ئاكىنىڭ تەكرار - تەكرار ئىلتىجاسىنى نائىلاج قوبۇل قىلىپ، ساتارنى قوش قوللاپ قولىغا ئالدى. ئىككەيلەن يانمۇ - يان ئولتۇرۇشقاندىن كېيىن، تۇردى ئاخۇن ئاكىنىڭ بارماقلىرى داپ ئۈستىدە ئويناشقا باشلىدى. ساتارمۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ مۇڭلۇق سادا چىقاردى. تۇردى ئاخۇن ئاكىنىڭ ئوتلۇق نەپەسى كەسپداشلارنىڭ يۈرەك تارلىرىنى تىترىتىۋەتتى:

ماڭا رۇشەن بولۇر ئالەم، جامالىڭ جىلۋىدار ئولسە،
يورۇق ئەتمىش قاراڭغۇ كېچىنى تول ئاي ئاشكار ئولسە.
ئەجەپ مۇيلىك بايابان ئىشقى دەشتىدە تاپاۋەت يوق،
كورۇپ ئەيلەر پىغان بۇلبۇل، چىمەنلەرلا لەزار ئولسە.
كىشىدىن يا نە دولەت، ئالتۇن ئالسا بولغۇسى تۇپراق،
كۆل ئالا بولغۇسى ئالتۇن، كىشىنىڭ بەختى يار ئولسە.

..............................................

داۋايى يىغ تىلىنىڭ، ئادەمگە ھەر تۈرلۈك بالا تىلىدىن،
ئولۇم بەھراق تىرىكلىكتىن، كىشىكىم شەرمىسار ئولسە.

×

بۇ كېچە گويا بىر باشلىنىش بولدى. ئەتىسىدىن ئېتىبارەن، ئەلنەغمىلەر نۆۋەت بىلەن مۇقام كېچىلىكى ئوتكۈزۈپ، تۇردى ئاخۇن ئاكىنىڭ قوشۇقىدىكى "خەزىنە" نى داستىخانغا تۆككۈزدى. ئۆزلىرى بۇ كەمگىچە كەمكۆتە ئوقۇپ كەلگەن مۇقام تېكىستلىرىنى تۇردى ئاخۇن ئاكىنىڭ ئوقۇغىنى بويىچە تولۇقلىۋېلىشتى. ئاھاڭلارنىڭ ئارىلىشىپ كەتكەن جايلىرىنى رۇسلىۋېلىشتى. قايتا - قايتا چېلىش، تەكرار - تەكرار ئوقۇش نەتىجىسىدە، ئون ئىككى مۇقام كەسپداشلارنىڭ كۆڭۈل دەپتىرىگە ئوچمەس قىلىپ پۈتۈلدى.

شۇنداق كېچىلەرنىڭ بىرىدە، تۇردى ئاخۇن ئاكا ئۆزى ئىجاد قىلغان مۇقام — «بولومە»گە

① ناخۇن قىلىش — بارماق بىلەن چېكىپ چېلىش. ساتار ئادەتتە كادانچە بىلەن چېلىنىدۇ. تۇردى ئاخۇن ئاكىنىڭ ئىلغايدىن كەلگەن جانغ دولقان ۋاقىتلىرىدا ئادەمنىڭ زوقى كەلگەندە ناخۇن ئىشلىتىدىغان ئادىتى بار ئىدى.

نەغمە قىلىپ، ناخشىلىرىنى ئوقۇپ بېرىپ، كەسپداشلىرىنى تېخىمۇ قايىل قىلدى.

## 3

كۈز كۈنلىرى ئىدى. قوغۇن-تاۋۇز، شاپتۇل، توغاچ، ئۈزۈم، ئەنجۈر تازا مەي باغلاپ پىشقان بۇ كۈنلەردە، قەشقەردە باغ سەيلىسى، توي - تۆكۈن قىزىپ كېتىدۇ. سازەندىلەرمۇ گويا ئەتىۋا مېھماندەك، قول - قولغا تېگىشمەيدۇ. شەھەردىن دەرۋازا سىرتىغا قاراپ ئۇچقان مەپە توپلىرى كۈنبويى ئۈزۈلمەيدۇ. ساندۇق بازىرى ساندۇق سېتىۋالغۇچى خېرىدارلاردىن كۆرە، سازەندىلەرنى تويغا، چايغا تەكلىپ قىلىپ كەلگەن توي-مەرىكە ئىگىلىرى، بايۋەچچىلەرنىڭ چاي پۇلى، باغ قىلىرىنى ئېلىپ كەلگەن چاپارمەنلەر بىلەن تولۇپ كېتىدۇ.

ساندۇق بازىرى دېگىنىمىز ئانداقتۇر قاينام - تاشقىن بازارمۇ ئەمەس، بەلكى گوداڭ كوچىسى ئاغزىدىكى كونا بانكا بىلەن جازان كوچىسى ئاغزىدىكى ياڭاق سارىيى ئارىلىقىغا جايلاشقان بىر نەچچە دۇكاندىن ئىبارەت. دۇكانلارنىڭ ئالدىدىكى بوشلۇقنىڭ ئۈستى يېپىلغان بولۇپ، يىل بويى قار-يامغۇردىن خالى. ساندۇقچىلارنىڭ "تاق-تۇق، تاق-تۇق" قىلىپ يەڭگىل ئۇرغان بولقا ئاۋازى بىردەممۇ ئۈزۈلمەيدۇ. دۇكانلارنىڭ ئالدىدىكى بوشلۇقتا قاتار-قاتار قىلىپ بىر-بىرىنىڭ ئۈستىگە دەستىلىۋېتىلگەن ھەر خىل چوڭ - كىچىكلىكتە، ھەر خىل نۇسخىدا ياسالغان ساندۇقلار بۇ يەرنىڭ ئىسمى - جىسمىغا لايىق ساندۇق بازىرى ئىكەنلىكىدىن بەلگە بېرىدۇ. بۇ يەر شۇنداقلا سازەندىلەرنىڭ جەم بولۇش مەركىزى. تويدىن، مەشرەپتىن، باغ سەيلىسىدىن يانغان سازەندىلەر ئۇدۇللا مۇشۇ يەرگە كېلىپ، بىر - بىرى بىلەن دىدارلىشىدۇ. ئەتە نەگە بارىدىغانلىقى ھەققىدە مەسلىھەتلىشىدۇ. بۇ - ئۇلارنىڭ ئۇزۇن يىللاردىن بۇيانقى ئادىتى.

بۈگۈنمۇ شۇنداق بولدى: تۇردى ئاخۇن ئاكا ساندۇق بازىرىدىكى ئىككى چېتى ئېگىز ئۆسكەن سۆۋادان تېرەكلەر بىلەن قاپلانغان تارغىنا ئېرىق بويىدا كەسپداشلىرى بىلەن مۇڭدىشىپ ئولتۇراتتى. كۈتۈلمىگەندە، پۇتلىرى ئىنچىكە، كۆزلىرى كىيىكنىڭ كۆزلىرىدەك ئويناپ تۇرىدىغان، ئىگەر - جابدۇقلىرى كۈمۈش بېزەكلەر بىلەن بېزەلگەن ئاۋغان ئېتىغا مىنگەن ئەللىك ياشلار چامىسىدىكى بىر كىشى دەل تۇردى ئاخۇن ئاكىنىڭ ئالدىدا ئېتىنى توختاتتى. ئات ھەدەپ چاپچىپ تۇراتتى.

— تۇردى ئاخۇن، — دېدى ئۇ ھاكاۋۇرلۇق بىلەن، — ئىككى قېتىم ئادەم ئەۋەتسەم، ئەتىكى سەيلىمىزگە داخىل بولمايدىغانلىقىڭلارنى ئېيتىپلا. قانداق قىلىقلىرى بۇ؟ ھەر قانداق ئادەمدىن جىقراق چاي پۇلى بەرگۈچىلىكىمىز بار جۇمۇ!...

— مېنىڭچۇ مىڭ مارتە نەغمە قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ سەيلىسىنى قىزىتىپ بەرگىم بار ئىدى، — تۇردى ئاخۇن ئاكا مۇلايىملىق بىلەن ئۆزرە ئېيتتى، — بىر كەمبەغەل كاسىپنىڭ مەرىكىسىدە نەغمە قىلىپ بېرىشكە ۋەدە قىلىپ قويۇپتىكەنمەن. "كەمبەغەلنىڭ كۆڭلى خۇدانىڭ ئۆيى" دەيتىكەن. ئۇنى رەنجىتسەم ئەپلەشمەس...

تۇردى ئاخۇن ئاكىنىڭ گېپى تېخى ئۈزۈلمەستىن، ھېلىقى كىشى بوراندەك گۈكىرىدى:

— نىمە؟ ھۇ، ئىززىتىنى بىلمەيدىغان سولتەك!... چۇ!... ئۇ قانداق ئۇشتۇمتۇت پەيدا بولغان بولسا، شۇنداق ئۇشتۇمتۇت كۆزدىن يوقالدى. تۇردى ئاخۇن ئاكا چوڭقۇر بىر ئۇلۇغ - كىچىك تىنىدى - دە، تاماكا ئو-

راشقا باشلىدى. ھەممەيلەن چوڭقۇر سۈكۈتكە چۈمگەن ئىدى. تۇردى ئاخۇن ئاكا ئاماكىنى قاتتىق - قاتتىق بىر نەچچە قېتىم شورۇۋالغاندىن كېيىن، مەسخىرىلىك كۈلۈپ، غەزەپ بىلەن تۈكۈردى.

- كورۇشلىمۇ بۇ نائەھلىنىڭ ئەلپازىنى! - دىدى ئۇ، كوپچىلىككە قىيا بۇرۇلۇپ، - قوسىغىغا كىرىپ چىقسام، ھەممە ئادەمنى ئوزىگە ئوخشاش پۇل دىسە ئانىسىنىڭ ئەمچىكىنى كىسىدۇ، دەپ ئويلايدىكەن - دە!

ئۇ، ئاماكىسىنى يەنە بىر قېتىم قاتتىق شوردى، شۇ چاغ كىمدۇر بىرى چاخچاق قىلدى:

- بۇ گەپچىزە، ئوزلىرىنىڭ پۇل بىلەن خوشى يوق ئىكەن - دە!

- مانا، مانا... كورسىلە غوجام، بۇ گەپنى! پۇل بىلەن خوشى يوق ئادەممۇ بولامدۇ؟ لىكىن، پۇلنى دەپلا ھالال لەۋزىنى ھارام قىلغان بىلەن بولمايدۇ - دە!

- دىگەنلىرىڭىز راست، - دىدى چاخچاق قىلغان كىشى تەن بەرمەي، - ئەمما ئۇ كىشىنى ئىككى ئېغىز يالغان گەپ بىلەن يولغا سېلىۋەتكەن بولسىلا، كوڭۇللىرى بۇنچە ئازار يىمەيتتى - دە! كىم بىلىدۇ، ئەتە تۇرۇپ، ئوگۇنلۇككە ئۇ...

- يالغان گەپ قىلىش؟ نىمە دەۋاتقانلىرى بۇ، غوجام! ھېلىقىۇ ئۇنائەھلى ئىكەن، پادىشانىڭ ئالدىدا بېشىم كېتىدىغان ئىش بولسىمۇ، يالغان سورلىيەلمەيمەن دىسىلە! بۇ - ماڭا دادامنىڭ نەسىھىتى.

ھەممەيلەن قايىل بولغان ھالدا، بىر - بىرىگە مەنىلىك قارىشىۋېلىشتى. تۇردى ئاخۇن ئاكا مىيىقىدا كۈلۈپ تۇرۇپ سوزىنى داۋام قىلدى:

- دادام ماڭا مۇنداق بىر ھىكايىنى سوزلەپ بەرگەن ئىدى، - دىدى ئۇ، - بۇرۇنىسىدا بىر ئەر - خوتۇن ئوتكەن ئىكەن، ئۇلار قىرىق نەچچە ياشقا كىرگەندە، بىر ئوغۇل كورۇپتۇ. بالا ئىككى ياشقا كىرگەندە ئانىسى ئالەمدىن ئوتۇپتۇ. ئون ياشقا كىرگەندە، دادىسىمۇ قاتتىق ئاغرىپ يېتىپ قاپتۇ. "بالام، - دەپتۇ بىر كۈنى ئوغلىنى يېنىغا ئولتارغۇزۇپ، - مەن بولالمايدىغان ئوخشايمەن. بىساتىمدا ساڭا مىراس قالدۇرغىدەك ھىچ نەرسەم يوق. مانا بۇ بىلەيزۈك ئاناڭنىڭ تەۋەرۇكى ئىدى. ياخشى كۈنىڭ يامىنىغا كەلگەندە، دەردىڭگە دال بولار، - دەپ بىر پاي ئالتۇن بىلەيزۈكنى ئۇنىڭ چاپىنىنىڭ ئوڭ يېڭىگە تىكىپ بىرىپتۇ ھەم، - بۇنى ھىچكىمگە كورسەتمەي ساقلا. ئومرى يالغان گەپ قىلما. يالغان گەپ قىلىشقا ئادەتلەنسەڭ، جىنىڭغا زامىن بولىسەن..." دەپ تاپىلاپتۇ - دە، جان ئۈزۈپتۇ. بالا يىغلا-قاخشا دادىسىنى يەرلىگىدە قويۇپتۇ. بىر نەچچە يىلغىچە ئۇنىڭ - بۇنىڭ ئىش - كۈشىنى قىلىپ بىرىپ جان بېقىپتۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ، ئالا خورجۇنىنى مۈرىسىگە سېلىپ، جاھانكەزدىلىككە بەل باغلاپتۇ. يۈرتتىن چىقىپ، نەچچە كېچە - كۈندۈز يول مېڭىپ، بىر دەشتى - باياۋانغا كىلىپ قاپتۇ. قاياققا مېڭىشىنى بىلمەي تۇرغىنىدا، ئالدى تەرىپىدىن چاڭ - توزاڭ كورۇنۇپتۇ. بىر چاغدا قارىسا، چاڭ - توزاڭ ئارىسىدىن بۇلماقتەك سېمىز ئاتلارغا مىنگەن، يۈزگە سۈپەر ئارتىپ، قوللىرىدا ئايپالتا، قىلىچ، قالقان كوتەرگەن سەككىز نەپەر قاراقچى چىقىپ كەپتۇ. ئۇلاردىن يوشۇرۇنۇشنىڭ ئامالى يوق ئىكەن. يىگىت غەمگە پېتىپ تۇرغىنىدا، قاراقچىلار ئۇنىڭ يېنىغا كىلىپ، ئاتلىرىدىن چۈشۈپتۇ. قاراقچىلارنىڭ باشلى-

غى يىگىتنىڭ ياقىسىدىن تۇتۇپ تۇرۇپ:
"جانغا تۇرامسەن، مالغىمۇ؟ » دەپ سوراپتى-
كەن، يىگىت: "جانغا تۇرىمەن» دەپ جاۋاپ
بېرىپتۇ. "ئۇنداق بولسا، يېنىڭدا نىمە بول-
سا ھەممىسىنى ئالدىمىزغا قوي! ـ دەپ ۋا-
قىراپتۇ قاراقچىلارنىڭ باشلىغى، ـ بولمىسا
ھازىرلا كاللاڭنى ئالىمىز!» يىگىت بەلەيزۇ-
گىنىڭ مېھرىدىن كەچكىسى كەلمەي، بىر
مۇنچە يالغان گەپلەرنى توقۇپ، قاراقچىلار-
نى ئالداپ قۇتۇلماقچى بولۇپتۇ. قاراقچى-
لار ئۇنىڭ ھەممە يېرىنى ئاختۇرۇپ، خور-
جۇندىكى قېتىپ كەتكەن ناندىن بولەك ھېچ
نەرسە تاپالماپتۇ. ئاخىر، ئۇنى ئۇلتۇرۇۋې-
تىپ، يولىغا راۋان بولماقچى بولۇشۇپتۇ.
بۇ چاغدا يىگىت دادىسىنىڭ ۋەسىيىتىنى ۋە
ئۆزىنىڭ "جانغا تۇرىمەن» دىگەن ۋەدىسى-
نى ئېسىگە ئاپتۇ ـ دە، يېڭىنى سوكۇپ،
بەلەيزۇكىنى قاراقچىلارنىڭ باشلىغىغا ئۇ-
زۇتۇپتۇ. بۇ ئىشتىن ھەيران بولغان قاراق-
چىلار باشلىغى ئۇنىڭدىن: "باياتىن ھېچ
نەرسەم يوق دەۋاتاتتىڭ، ئەمدى نې-
مىشقا بۇنى ماڭا بېرىۋاتىسەن ؟
پاكى مۇشۇنى بەرسەم، جېنىم ئامان قالار-
مىكىن، دەپ ئويلاۋاتامسەن ؟ » دەپ سو-
رىغان ئىكەن، يىگىت: "ياق، ئۇنداق ئويلى-
غىنىم يوق. بەلەيزۇكنى سىلەرگە بەرسەم-
مۇ، بەرمىسەممۇ، ئۇلتۇرگىڭلار كەلسە، ئول-
تۇرۇۋېرىسىلەر. رەھىم قىلساڭلا ئولتۇرمەي-
سىلەر. مەن مۇنداق ئىككى نەرسىنى ئويلۇ-
دۇم: بىرى،دادام رەخمەتلىكنىڭ: ئومرى
يالغان گەپ قىلما، يالغان گەپ جېنىڭغا
زامىن بولىدۇ،دىگەن ۋەسىيىتىنى ئويلۇدۇم.
ئىككىنچىسى، باياتىن سىز: جانغا تۇرام-
سەن، مالغىمۇ دەپ سورىغاندا، مەن: جان-
غا تۇرۇمەن، دەپ جاۋاپ بەرگەن ئىدىم.

كېيىن ۋەدەمگە تۇرماي، بەلەيزۇكنى سى-
لەردىن يوشۇردۇم. شۇڭا سىلەر مېنى ئول-
تۇرمەكچى بولىۋاتىسىلەر. يالغان گەپ
قىلغان، ۋەدەمدە تۇرمىغان گۇناھىم ئۇچۇن،
مىڭ قېتىم ئولتۇرسەڭلارمۇ ھەق! مەندەك
بىر يالغانچىنى دۇنيادىن قۇرۇتقان
ئەجرىڭلار ئۇچۇن مانابۇ بەلەيزۇكنى سىلەر-
گە تۇتتۇمەن ... » دەپ كوزىگە ياش ئالغان
ئىكەن،قاراقچىلار باشلىغى تەسىرلەنگىنىدىن
كالا بوكىرىگەندەك بوكىرەپ يىغلاپ، يىگىتنى
مەھكەم باغرىغا بېسىپتۇ ۋە يەتتە نەپەر ئوغ-
لى بىلەن تەيەممۇم قىلىپ، ئىككى رەكئەت
نەپلە ناماز ئوقۇپ، مۇندىن ئىلگىرى قىل-
غان گۇنالىرىغا تۆۋە ـ تەسەۋۋۇپ قىپتۇ.
مۇندىن كېيىن ئىككىنچىلەپ يول توسۇپ قا-
راقچىلىق قىلماسلىققا قەسەم ئىچىپتۇ. يە-
تتە يىگىتنى ئۆزىگە سەككىزىنچى ئوغۇل قى-
لىپ، كېيىنكى ئومرىنى ھالال ئىشلەپ ئوت-
كۈزۈپتۇ.

تۇردى ئاخۇن ئاكا ھىكايىسىنى تۈگۈتۇپ،
يەڭگىل نەپەس ئالدى ـ دە، ئەتراپىدىكى-
لەرگە سوئال نەزىرىدە قاراپ قويدى. كوپ-
چىلىك چوڭقۇر ئويغا چوككەن ئىدى.

تۇردى ئاخۇن ئاكا مەنىلىك قىلىپ مۇن-
داق دىدى:

ـ دۇنيادا ئادەمدىن ئۇلۇغ نەرسە يوق.
مەيلى باي، مەيلى گاداي بولسۇن، ھەم-
مىسى ئوخشاشلا ئادەم. ئادەمدە لەۋزى ھا-
لاللىق، ئۆزىنىڭمۇ باشقىلارغا ئوخشاشلا ئا-
دەم ئىكەنلىگىنى بىلىشتىن ئۇلۇغ خىسلەت
يوق ...

×

ئەشۇ ۋەقەدىن كېيىن، تۇردى ئاخۇن ئا-
كىنىڭ كەسپداشلار ئارىسىدىكى ئابرويى
كۆنسىرى ئۆستى. گەرچە ئۇ يەنىلا نەچچە

يېرىگە ياماق چۈشكەن سىماۋىچەكمەن تونىدىن، كېزىگىنىڭ مويىي چۈشۈپ كەتكەن سەرپۇش تۇمىقىدىن ئايرىلمىغان بولسىمۇ، گېپى - گەپ، سوزى - سوز ئىدى. «چاي پۇلى»، «ئورۇمە» دىگەنلەرنىڭ كوپ قىسمىنى هال - كۈنى ناچار، بالاجانلىق كەسپداشلىرىغا بېرىۋېتەتتى. كۈنبوييىجامەنىڭ بوسۇغىسىدا بويۇن قىسىپ ئولتۇرۇدىغان يېتىم - يېسىر، غېرىپ - غۇرۋالارمۇ ئۇنىڭ سېخى قولىدىن ئوزىنىڭ رىسقىنى تېپىپ يەيتتى ...

كېيىنچە ئۇ، ئەلنەغمىلەرنىڭلا ئەمەس، شەھەرنىڭ نامرات هۈنەرۋەن - كاسىپ، هوپىگەرلەرنىڭمۇ دىلكەشدوستى، كوڭلىدىكى ئادىمىگە ئايلىنىپ قالدى. تاشمىلىق، بۇلاقسۇ، ئاقتۇ، يېڭىشەر، يېڭىسارنىڭ چەت - ياقا يېزا - كەنتلىرىدىمۇ ئۇ چالغان ساتارنىڭ مۇڭلۇق ئۈنى مىڭلىغان - ئونمىڭلىغان دىخان - چارۋىچىلارنىڭ مۇڭ - زارىغا تەڭكەش بولدى. بەزى سازەندىلەر ماڭسا - ماڭسا تۈگىمەيدىغان بۇ يوللار، هەپتىلەپ - ئايلاپ نەغمە قىلسا ستقىم تولغىدەك پۇل كورمەيدىغان بۇ سورۇنلار توغرۇلۇق گەپ ئاچقاندا، تۇردى ئاخۇن ئاكا:

— پىر - ئۇستازلىرىمىزدىن هېچكىمىمۇ پۇلنى دەپ نەغمە قىلغان ئەمەس، - دەيتتى كېسىپ، - سىلىمۇ بىلىشلا: ئەلنەغمىدىن شاهزادە چىقمايدۇ، شاهزادىدىن ئەلنەغمە چىقمايدۇ. بىز پۇل تېپىپ ئاسمانغا چىقىپ كەتكىنىمىز بىلەن، يەنىلا ئەلنەغمىنىڭ نەسلى. پانى ئالەمدىن دىلى سۇ ئىچمىگەن كەمبەغەلنىڭ دىلىنى مۇقام شارابى بىلەن سۇغۇرۇش — پىر - ئۇستازلىرىمىزنىڭ يولى. بىز ئۇلارنىڭ يۈزىگە ئاياق باسمىغىنىمىز تۈزۈك!...

4

ئوردام① سەيلىسىدىن يانغان ئۈچ نەپەر ئىشەكلىك دىۋە - خامانلاردەك تىزىلىپ كەتكەن قۇم بارخانلىرىنى ئارىلاپ تۈپ - توغرا يېرىم كۈن يول ماڭغاندىن كېيىن، بارخانلار ئارىسىدا يەككە - يىگانە چوخچىيىپ تۇرغان، ئەتراپى ئىگىز سۇۋادان تېرەكلەر بىلەن ئورالغان، ئادەمنىڭ زوقى كەلگىدەك بۈك - باراقسان مەۋىلىك باغ ئالدىغا كېلىپ ئىشەكلىرىدىن چۈشۈشتى. بۇلار — تۇردى ئاخۇن ئاكا، مەهەممەت شىرىپ ئاقساقال ۋە روزاخۇنلار ئىدى.

هاڭگىر قاي ئېچىلغان يوغان ئەگىندىن چىقىپ كەلگەن خىزمەتكار سىپاقىدىكى ئادەم روزاخۇننىڭ قولىدىكى ساتار بىلەن تەمبۇرنى كورۇپ دەرهال كەينىگە ياندى ۋە ئۇزۇن ئوتمەي، قاش - كوزى كىلىشكەن، پەرىلەردەك گۈزەل، توينىغا جابدۇغان خان - ئاغىچىلاردەك ئازادە كىيىنگەن، ياش - قورامى بىر-بىرىدىن ئانچە پەرقلەنمەيدىغان بىر جۈپ جۇۋان چىقىپ كەلدى - دە، سۈلكەتلىك سالامدىن كېيىن، ئۇلارنى ئىچكىرىگە تەكلىپ قىلدى. هېلىقى خىزمەتكار سىپاقىدىكى كىشى ئىشەكلەرنىڭ چۇلۋۇرىنى قولىغا ئالدى. ئۈچەيلەن ياش - قورامى بويىچە بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ئىچكىرىگە ئاياق باستى. هويلا شۇنداق كەڭ، شۇنداق ياسىداق ئىدىكى،

---

① ئوردام-يېڭىشەر ناهىيىسىنىڭ هاراپ گوڭگىشىسى بىلەن يېڭىسار ناهىيىسىنىڭ ساغان گوڭشېسى ئارىلىقىدىكى قۇملۇققا جايلاشقان قەدىمىي دىنىي زىيارەتگاھ. بۇيەرگە قاراخانىلارنىڭ ئىسلام دىنىنى بىرىنچى بولۇپ قوبۇل قىلغان هوكۇمدارى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان (ئابدىكېرىم سۇتۇق بۇغراخان) نىڭ ئوغلى ئەلى ئارسلانخان دەپنە قىلىنغان. ئەلى ئارسلانخان مىلادىيە 998 - يىلى بۇ يەردە دىنىي ئېتىقادى ئوخشىمايدىغان خوتەنلىك ئۇيغۇرلار بىلەن بولغان جەڭدە ... بولغان دىنىي غازاتتا شېهىت بولغان.

ماڭسا ـ ماڭسا باش ـ ئايىغىغا چىقىپ بولغىلى بولمايدىغان بۇ قۇم دېڭىزىنىڭ قاق ئوتتۇرىسىغا بۇ ھەشەمەتلىك ھويلىنىڭ قاچان، كىم تەرىپىدىن، قانداق بىنا قىلىنغانلىقىغا ئادەمنىڭ ئەقلى ھەيران ـ ھەس قالاتتى. مانا: ئەگىننىڭ ئىككى قاسنىقىدا ئىككى ئادەمنىڭ قۇچىقى يەتمەيدىغان، ھەر شېخى ئون غۇلاچ يەرگە سايە تاشلاپ تۇرغان ئىككى تۈپ ئۈژمە دەرىخى، تۆت تەرىپى مەغەز گۈللە بىلەن ئورالغان چاققانىغىنا كۆل، كۆل بويىدا شاھ سۇپا. سۇپىنىڭ بىر چېتىگە كانارا ئورنىتىلغان بولۇپ، بورداق قوينىڭ گۆشى ئېسىقلىق تۇرۇپتۇ. خام كېسەكتىن قوپۇرۇلۇپ، سىلىق سۇۋالغان ئاشپەزلىك ئوچىقىدىكى قازانغا تۆت پاي قاسقان قوندۇرۇلغان. قاسقاندىن پۇرقىراپ ھور چىقىپ تۇرۇپتۇ. ئوچاق ئەتراپىدا ئىككى ئادەم تىمىسقاپ يۈرۈپتۇ. ئۇيانراقتا ـــ پېشايۋانغا تۇتاشتۇرۇلغان بەدىشتە ساڭگىلاپ كەتكەن ھەر خىل، ھەررەڭدىكى ئۈزۈملەر كۆزنىڭ يېغىنى يەيدۇ. كۈن پېتىش تەرەپتىكى كۆڭگۈرىلىق تامدىن ھويلىغا نەزەر تاشلاپ تۇرغان ئۈرۈك، شاپتۇل، تۇغاچ، ئامۇت دەرەخلىرى ۋە بۇ دەرەخلەردە بەس ـ بەس بىلەن سايراۋاتقان سوپى ـ سوپىياڭ، كاككۇك، تورغايلارنىڭ يېقىملىق ئاۋازى جەننەتنى ئەسكە سالىدۇ. ئۈزۈندىن ـ ئۇزاققا سوزۇلغان پېشايۋان ئوتتاشتەك گىلەملەر بىلەن سەرەمجانلاشتۇرۇلغان. گىلەم ئۈستىگە قوش ـ قوش بەقەسەم يىگەندازلار سېلىنغان. مۇنداق قارىغاندا، بۇ ھەشەمەتلىك خانىدان قانداقتۇر داغدۇغىلىق مەرىكىگە تەرەددۇت قىلىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى.

ئۈچەيلەن پېشايۋانغا يېقىنلاشقاندا، جۇۋانلاردىن بىرى كەكلىكتەك يورغىلاپ، مېھمانخانا ئىشىكىگە كەلدى ـ دە، ئىچكىرىگە بوينىنى سوزۇپ:

ـــ مېھمانلارنى ئۆيگە باشلامدۇق، پېشايۋانغىمۇ؟ ـ دېدى.

ـــ ئۆيگە باشلاڭلار! ـ دېگەن بوغۇق سادا چىقتى ئىچكىرىدىن.

ـــ ئۆيگە ئىلتىپات قىلىشسىلا، ـ دېدى جۇۋانلار ئىشىكنىڭ ئىككى قاسنىقىدا تۇرۇپ.

ئۈچەيلەن ئۆيگە كىرىشتى. كۆزنى چاقنىتىدەك ئېسىل جاھازلانغان بۇ ئۆينىڭ تۆرىدە ـ قەۋەت ـ قەۋەت كۆرپە ـ يىگەندازلار ئۈستىدە بورداقتا سالغان توڭگۇزدەك سېمىز، توگىدەك ئۈستىخانلىق بىر ئادەم جۈپ ماموق ياستۇقتا بىر يېنى بىلەن يانپاشلاپ، پۈتلىرىنى ئۈزۈن سۇنغىنى ھالدا دالىمىپ ياتاتتى. ئۇنىڭ ئاياق تەرىپىدە ئون يەتتە، ئون سەككىز ياشلار چامىسىدىكى ئاددىيلا كىيىنگەن، ئورۇقتىنا بىر چوكان بېشىنى يەردىن ئۈستۈن قىلماي ئولتۇراتتى.

ـــ ئاخىر كەپسىلەر، ـ دېدى ھېلىقى كىشى ئورنىدىن قوزغىلىپمۇ قويماستىن، ـ تازا ھاردۇق يەتكەندۇ؟ ئولتۇرۇڭلار! ھە، ئۈستۈنرەك چىقىڭلار! كۆرپىگە ئولتۇڭلار، كۆرپىگە!ـ ئاندىن جۇۋانلارغا ۋاقىرىدى، ـ ئاۋۇ بالىنىڭ قولىدىكى سازنى ئېلىش!

بۇيرۇق دەرھال ئورۇنلاندى: ساتار بىلەن تەمبۇر دېرىزە تەكچىسىگە يۆلەپ قويۇلدى. تۆردى ئاخۇن ئاكاملار يىگەندازدىن جاي ئېلىشتى.

قىسقىغىنا ھال ـ ئەھۋال سوراشتىن كېيىن داستىخان سېلىنىپ، چاي ـ مەزە، تىزىپ تۇرىدىغان پېتىر مانتا كەلتۈرۈلدى. داستىخان يېغىلغاندىن كېيىن، سازەندىلەر پېشايۋانغا تەكلىپ قىلىندى. «ئاماق» لەقەملىك ھېلىقى كىشىمۇ سىپايىلىق بىلەن ئۆيدىن

چىقىپ، قاق ئوتتۇرىدىن ئىككىگە بولۇنگەن پەشايۋان سۇپىسىنىڭ كۈن چىقىش تەرىپىگە سېلىنغان قېلىن توشەك ئۈستىدە يانپاشلىدى. ئۇرۇق چوكان بولسا ئۇنىڭ ئاياق تەرىپىدە تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ، ئاچقۇچتەك ئۇرۇق، نازۇك قوللىرى بىلەن ئۇنىڭ ھەم گوشلۇك، ھەم تۈكلۈك پاقالچاقلىرىنى ئاۋايلاپ تۇتۇشقا باشلىدى. ساتار، تەمبۇر بىردەك سازلىنىپ، داپەندىنىڭ بارماقلىرى داپنى زۇۋانغا كىرگۈزگەندە، ھويلا بىردىن ـ ئىككىدىن كىرىپ كەلگەن يالاڭتوش، يالاڭياق بوۋايلار، ئوتتۇرا ياشلىقلار، ياشلار بىلەن تولۇپ كەتتى. شاھ سۇپىسىنىڭ ئاستى ـ ئۈستى، كولىنىڭ ئەتراپى، ھەتتا ئەگىنىنىڭ سىرتىمۇ بوش ئەمەس ئىدى. ئىلگىرىكى قېتىملاردا پەشايۋاننى لىق ئېلىپ ئولتۇرىدىغان يۇرت كاتتىلىرىدىن بىرەرسىمۇ كورۇنمەيتتى.

ناخشا ـ ساز تازا ئەۋجىگە چىققان چاغدا، باياتىن قاستان ئەتراپىدا تىمىسقاپ يۈرگەنلەردىن بىرى تولدۇرۇپ مانتا تىزىلغان ساپال تەخسىلەرنى كوتۈرۈپ كېلىپ، ئاۋۋيالاڭتوشلەرنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇشقا باشلىدى. ھېچكىمدىن " چۇرۇق " قىلغان ئاۋاز چىقمايتتى.

كوز باغلىناي دىگەندە، ئولتۇر ـ قوپنىڭ ھەممىسى دىگەندەك مانتىغا ئېغىز تېگىپ بولدى. خىزمەتكارلار، ئاشپەزلەرمۇ ئۇدۇل كەلگەن يەردە يۇكۇنۇشتى. بۇ ھالنى كورگەن تۇردى ئاخۇن ئاكاسا تارنى شۇنداق ئىشتىياق بىلەن چېلىپ، ناخشىنى ئاجايىپ ئىسسىق نەپەس بىلەن ئېيتتىكى، نامراتلىق، مەھكۇملۇق دەستىدىن يۈرەك ـ باغرى خۇن بولۇپ كەتكەن ئەشۇ بىچارىلارنىڭ قەلبىنى ئەسىر قىلىپ، ۋۇجۇدىنى يەر بىلەن بىر تۈزقان قىلىۋەتتى.

"دۇنياغا كېلىپ رەنجى بالالار كورۇپ ئوتتۇم،
ئول رەنجى بالادەشتىدەمەن ئورگۈلۈپ ئوتتۇم.
يۇردۇم بۇ ئەدەم دەشتىدە دائىم لەبى تەشنا،
بادەخى جىگەر پارا سۇپەت، كوزى خۇن ئوتتۇم.
ھەيرەتتە چىمەن ئىچرە كېزىپ خەستە ھۇۋەيدا،
سۇرئەت ئىلەچۇن بادى سابادىن بۇرۇن ئوتتۇم..."

"ۋادەرىغا، سەددەرىغا، كەتتى ئومرۇم بىلمىدىم،
يەل بىلەن يامغۇر مىسالى ئوتتى ئومرۇم بىلمىدىم.

.......................................

......................................."

" ئۇشاق "، " پەنجىگاھ " مۇقاملىرى ئالمىشىلغان چاغدا، ئاللىقاچان ئىككىنچى توخۇ چىللىغان، " تاماق " خاقسىراپ ئۇيقۇغا كەتكەن ئىدى. " سېكىلەك " ( تۇردى ئاخۇن ئاكا ھېلىقى ئۇرۇق چوكاننى شۇنداق ئاتايتتى ) تېخىچە ئوز ئىشىنى داۋام قىلىۋاتاتتى. كوزلىرىدىن ئېتىلىپ چىقىۋاتقان ياش مونچاقلىرى قارا چىراقنىڭ يورۇغىدا گۈلچىنىسىگە قونغان شەبنەمدەك يالتىرايتتى. ئۇدۇل كەلگەن يەردە زومچەك ـ زومچەك ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن يالاڭتوشلەرنىڭ چىرايىنى كورگىلى بولمايتتى...

تۇردى ئاخۇن ئاكا قاتتىق بىر " ئۇھ " تارتىپ، ساتار بىلەن كامانچىنى تامغا يولەپ قويغان چاغدا، تەرەپ ـ تەرەپتىن تەكلا كوتۇرۇلگەن " ئۇھ " تارتىشلار كېچە ئاسمىنىغا سىڭىپ كەتتى.

×

— كېتەيلى، ـ دىدى تۇردى ئاخۇن ئاكا ئەتىسى چۈش مەھەلدە ھەمرالىرىغا، ـ " ئاچچىق، ئاچچىق " دىسە، بۇ يەرنىڭ ئىسسىگە قاراپ شۇنداق ئاتىشىۋالغاندۇ؟ دەپ

ئويلاپ يۈرۈپتىكەنمەن. بۈگۈن ھەممىنى بىلـ
دىم : بۇ يەردىكى بىچارىلارنىڭ يىگىنى زەـ
ھەر ، كەيگىنى كىپەن ئىكەن ئەمەسمۇ!
ھېچنەرسىنى چۈشەنمىگەن ھەمرالار ئۇـ
نىڭغا سوئال نەزىرىدە تىكىلىشكەندە، ئۇ:
ــئاۋال بۇ دوزاقتىن كېتىۋالايلى، يولدا
ماڭغىچە ھەممىنى دەپ بېرىمەن، ـ دېدى.
بىرەر ھەپتە تۇرماقچى بولۇپ كەلگەن بۇ ساـ
زەندىلەرنىڭ بىر كۈنمۇ تۇرماستىن كېتىشـ
كە تەرەددۇتلانغىنىدىن خەۋەر تاپقان "تاـ
ماق» قاتتىق ساراسىمگە چۈشتى. ئۇ، تۇردى
ئاخۇن ئاكىنىڭ ئالدىدا قول باغلاپ تۇرۇپ
ھېچبولمىسا يەنە ئىككى كۈن تۇرۇپ بېرىشـ
نى ئىلتىماس قىلدى. تېخىمۇ ياخشى كۈتۈشـ
كە، قايتاشىدا ئوبدان رازى قىلىشقا ۋەدە
قىلدى. لېكىن تۇردى ئاخۇن ئاكا قاپىقىنى زاـ
دى ئاچماستىن، ئۇنىڭ تەلىۋىنى قەتئىي
رەت قىلدى. ئىلاجىسىز قالغان "تاماق» ئۇـ
لارنى يولغا سېلىۋېتىشكە مەجبۇر بولدى ۋە
ئۆزىنىڭ ئاجايىپ سېخىلىقىنى كۆرسىتىپ
قويۇش نىيىتىدە، دوغا بەگنىڭ تەڭگىسى①
دىن بەش سەرنى پەتنۇسقا سېلىپ، تۇردى
ئاخۇن ئالدىغا قويدى. تۇردى ئاخۇن ئاكا بولسا،
ھېچقاچان قىلمايدىغان قىلىقنى قىلىپ، ئۇ
پۇلغا رازى بولماي "تاماق» بىلەن خېلى ئۇ
زۇن تاكاللاشتى. ئىنتايىن ئوڭايسىز ئەھۋالـ
دا قالغان "تاماق» ئەمدىلا ھويلىسىغا كىرـ
گەن، ئەمما تېخى جىڭلاپ ئۈلگۈرمىگەن تىكمە بىر تاغار بۇغدايىنى
قوشۇپ بېرىشكە مەجبۇر بولدى...
ئۇلار يولغا چۈشتى. "تاماق» نىڭ "جەنـ
نەت» ى قەۋم بارخانلىرى ئارىسىدا كۆزدىن
يوقالغانغا قەدەر ھېچكىممۇ چىش يېرىپ
بىر ئېغىز گەپ قىلمىدى. باش
ئۈستىدە ھارۋىنىڭ چاقىدەك
ئېسىلىپ تۇرغان تومۇز قۇياشى بۇ بىپايان
قۇملۇقنى تونۇردەك قىزىتىۋەتكەن ئىدى.
ھەممەيلەن چىلىق ـ چىلىق تەرگە چۆمگەن
بولۇپ، ئاران نەپەس ئالاتتى. ئېشەكلەر ھاـ
سىراپتتى، دەممۇ ـ دەم خارتىلداپتتى، پۇشقۇـ
راپتتى.
ئاخىر، تۇردى ئاخۇن ئاكا گەپ باشلىدى:
ــ كوردىڭلارمۇ بۇ دەيۈزنىڭ نىيىتىنىڭ
يامانلىقىنى! ـ دېدى ئۇ، چىشلىرىنى غەزەپ
بىلەن غۇچۇرلىتىپ،ـ بىز نەغمە
قىلىپ بەرسەك، ئۇ جازانىخور ئوڭدا يېتىپ،
كوككىمىزنى سېتىپ يەيدىكەن ئەمەسمۇ!
ئۇنىڭ سوزلىرىدىن ماۋۇلار ئايان بولدى:
" تاماق » ئاچچىق تەۋەسىدىكى بۇ قۇملۇقـ
نىڭ خاقانى بولۇپ، شۇ ئەتراپتىكى نەچچە
يۈز ئويلۇك نامرات دېھقاننىڭ ھايات ـ ماـ
ماتى ئۇنىڭ چاڭگىلىدا ئىكەن. ئۇنىڭ جازاـ
نىسىنىڭ ئېغىرلىقىدىن يۇرتنى تاشلاپ، سەرـ
گەردانلىق كوچىسىغا كىرىپ كەتكەن دېھقان
ئائىلىسىنىڭ سانىنى ھېچكىممۇ بىلمەيدىكەن.
ئۇ تېخى مۇنداق بىر ھىلىنى ئويلاپ تېپىپـ
تۇ: ئەتىيازدىن كۈزگىچە ھەپتىدە،
ئايدا بىرەر قېتىم ئەلنەغمە تەكلىپ قىلىپ
" تۇنەك » ئۆتكۈزۈدىكەن. ناخشا ـ سازغا
ئىشقىۋاز نامرات دېھقانلار يىراق يوللارنى بېـ
سىپ، ئۇنىڭ ھويلىسىغا ياغىدىكەن ۋە ناخـ
شا ـ ساز ئاڭلىغاچ، بەش ـ ئوندىن مانتىنى ئېغىر
جازانە ھېساۋىغا نىسى يەيدىكەن ـ دە، پۇلىغا
ئومىدا ياكى كۈزدە ئاشلىق تولەيدىكەن.
" تاماق» نىڭ بۇ يول بىلەن قىلغان تاپاۋىتى
سازەندىلەرگە تولىگەن چاي پۇلىدىن نەچـ
چە ئون ھەسسە ئېشىپ كېتىدىكەن. تۇردى
ئاخۇن ئاكىلار كەلگەن چاغلاردا بولسا، پۈتۈن
يۇرت ئۇنىڭ قەرزىغا ئىلىنىدىكەن.
كوردىڭلارمۇ بۇ دەيۈزنىڭ يامانلىقىنى!ـ

① دوغا بەگنىڭ تەڭگىسى ـ قەشقەردىكى يەرلىك
كومۇش پۇلى.

دىدى تۇردى ئاخۇن ئاكا ئىچ ـ ئىچىدىن خۇرسىنىپ، ـ سەن كۈن بويى نەغمە قىلىپ، ئۇنىڭ كوڭلىنى ئاچىسەن. ئۇ بولسا ساڭا تۇيدۇرماستىن كوكۇڭنى سېتىپ پۇل تاپىدۇ. ئونلاپ يىللىقچى، بىر قانچە دىدەك ئۇنىڭ خىزمىتىدە بولىدۇ… تېخى بىر جىنىغا ئۇچ خوتۇن ـ ئىككىسى تالالىق، بىرى ئوي ئىچىلىك …

ئۇ سەل توختاپ سورىدى:

ـ دىققەت قىلدىڭلىمىكىن، ھېلىقى " سىكىلەك " توختىماي كوز يېشى قىلىپ چىقتى؟

ـ ھەئە، بېچارىنىڭ دىلى بەكمۇ ئۇزۇلگەنلەك كورۈندۇ.

ـ توغرا بايقاپسىلەر. ئۇنىڭ دادىسى جازانىغا بوغۇلۇپ قېلىپ، ئۇنى ئەنە شۇباداڭ قوساقتا كىچىك خوتۇنلۇققا بەرگەن ئىكەن. ئۇ بېچارە كۈندۈزى ئاۋۇ خېنىملارغا دىدەكلىك، ئوينىڭ يۇندە ـ يۇمبۇشلىرىنى قىلسا، كېچىسى باش توخۇ چىللىغىچە " تاماق " نىڭ ئۇچىسىنى تۇتۇپ چىقىدىكەن. شۇڭا بۇ ئويدىكىلەر ئۇنى كەمسىتىپ: " خامانلىق خوتۇن " دېيىشىدىكەن. ھەي تەڭشەلمىگەن جاھان … ھەي تەڭشەلمىگەن جاھان!… "ئالىمىڭنى كەڭ ياراتتىڭ، زامانەڭنى تار؛ ئىتلىرىڭنى خار ياراتتىڭ، مۇشۇكلىرىڭنى زار " دىگەن شۇ ـ دە!

ئۇ بېشىدىن تۇمىقىنى ئېلىپ، بەلۋېغىنىڭ ئۇچى بىلەن ئوتتۇرىدا پاكىز چۇشۇرۇلگەن بېشى ۋە يۈز ـ كوزىدىكى تەرنى ئېرتتى. ئوچۇق كوكرىگىنى تۇمىقى بىلەن بىر نەچچە قېتىم يەلپىپ قويۇپ، يەنە بېشىغا كەيدى. ئاندىن:

ـ ئەتىگەن بىر يىللىقچىدىن بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، يۈرىگىمنى بورە تاتلىغاندەك بولۇپ كەتتىم. تىلگىرىمۇ بىر نەچچە قېتىم بۇ يەرگە كېلىپ، ئۇنىڭغا نەغمە قىلىپ بەرگىنىمگە مىڭ پۇشايمان قىلدىم. دەسلەپ بىر تېيىنمۇ ئالماي كېتەيلى، دىگەن يەرگە كەلگەن ئىدىم، كېيىن ئويلانسام پەقەت ئەپلەشمەيدىكەن… ئۇ خەقنى قاخشاتسۇن، سەن نەمىشقا ئۇنى قاخشاتمايسەن!؟ جازانىخورنىڭ بىر تال موييىنى يۇلغىنىم ـ يۇلغان! دىدىم ـ دە، ئومرۇمدە قىلىپ باقمىغان ئەسكىلىكنى قىلىپ، ئۇنى چىقىرىتىۋەتتىم! ـ دىدى.

ـ ئوبدان قىلدىلا. تۇردى ئاخۇن! ـ مەھەمەت شىرىپ ئاقىراقال سوز قاتتى، ـ ئۇنىڭچە بولسا، بىر تېيىنمۇ بەرمىسە. ئۇنداق خەقنىڭ يىلىگىدە سىز ئىچىدىغان پېخسەتتەن ئالمىغان پۇلنى كىمدىن ئالىمىز!؟

ـ … …

ـ قىد ـ خ ـ خ ـ خ ! …

ئېشەككە ھەيۋە قىلغان سادا ئۇچەيلەننى تەڭلا كەينىگە قاراشقا مەجبۇر قىلدى: بوغداي ئارتىلغان ئېشەك ئىگىسىدەكلا ئورۇق ۋە ھالسىز بولۇپ، ئۇلاردىن ئەللىك قەدەمچە ئارقىدا قالغان ئىدى. ئىگىسى تىنماستىن ئۇنىڭغا ھەيۋە قىلاتتى، ساغرىسىدىن تۇتۇپ، ئالدىغا ئىتتىرەتتى.

تۇردى ئاخۇن ئاكا ئېشىگىنى توختاتتى. ھەمرالىرىمۇ توختاشتى.

ـ ھەر قايسىلىرىنى يولدىن قويۇدىغان بولدۇم ـ ھە! ـ دىدى دېخان ئوزىنى ئاقلاپ، ـ بۇ جانىۋار بەك قېرى، ئۇنىڭ ئۇستىگە خەخنىڭ… ھەي… قەشقەرگە يېتىپ بارغىچە ئولۇمىمنى كورسىتىدىغان بولدى ـ دە!

ئۇ جىم بولۇپ قالدى. تۇت ئېشەك قالاشىپ يۈرۈپ كېتىشتى. كېتىۋېتىپ، تۇردى ئاخۇن ئاكا ئۇنىڭ ھال ـ كۈنىنىڭ قانداقلىقىنى سورىدىغان ئىدى، ئۇ مۇڭدىن ئوچ ـ توت يىل ئىلگىرى "ئاماق" تىن جازانىغا

ئىككى چارەك ئۆرۈۋالىق بوغداي ئالغانلىقىنى، بىر نەچچە قېتىم مۇقام ئاڭلاپ نىسى مانتا يېگەنلىكى؛ شۇنىڭ بىلەن توگمەس قەرزگە بوغۇلۇپ قالغانلىقىنى چوڭقۇر ھەسرەت بىلەن سوزلەپ بەرگەندىن كېيىن:

— ئۈچ يىلنىڭىزى تولەيمەن، تولەيمەن، تۆلىگەنسېرى قەرزىم ئاۋۇپ، يەتمىش چارەككە يېتىپتۇ، — دەپ قوشۇپ قويدى.

تۇردى ئاخۇن ئاكىنىڭ قەددى بارغانسېرى پۈكۈلۈپ، ھازىرلا ئېشەكتىن يىقىلىپ چۈشىدىغاندەك قىلاتتى. سىياقىدىن بىرا قىلاتتۇن يىگىرمە ياش قېرىپ كەتكەندەك كورۈنەتتى. ئۇزمەي "ئۇھ" تارتاتتى. كوزلىرىدە ئوت چاقنايتتى. ئۇ، بىردىن قەددىنى روسلىدى-دە، ئېشەكتىن چۈشتى. ھېچنەرسىنى چۈشىنەلمىگەن ھەمرالىرى ئېشەكلىرىنى توختىتىپ، ئۇنىڭ ھەر بىر ھەركىتىنى ھەيرانلىق ئىلكىدە كۆزىتىشكە باشلىدى.

تۇردى ئاخۇن ئاكا قويۇن يانچۇقىدىن باياتىن "تاماق" تىن ئالغان "چاي پۇلى" نى چىقاردى.

— ئۇكام، — دېدى ئۇ، دىخانغا يېقىنلىشىپ. ئاۋازى ئادەتتىن تاشقىرى تىترەيتتى، — بۇنى دەرتلىرىڭگە دەرمان قىلسىلا. بۇغدايىنمۇ ئويلىرىگە ئېلىپ كەتسىلە.

— بۇ... بۇ... ھەربىرلىرى...

— تۇردى ئاخۇن ئاكا دىخانغا بىر نەچچە ئېغىز كوڭۈل كوتىرىدىغان گەپلەرنى قىلىپ قويۇپ، دەرھال كەينىگە ئورۇلدى-دە، ئېشىكىگە مىندى.

بۇ كۈتۈلمىگەن ئالىيجاناپلىقتىن پۈتۈنلەي خۇدىنى يوقاتقان دىخان يا رەھمەت ئېيتىشنى ۋە ياكى ئۇنىڭ كەينىدىن قوغلاپ، ئالدىدا پاقىراپ تۇرغان تەڭگىلەرنى قايتۇرۇپ بېرىۋېتىشنى بىلەلمەي، قۇم بارخانلىرى ئارىسىدا قاندىقتۇر غايىپ قول تەرىپىدىن ياسالغان ھەيكەلدەك قېتىپلا قالغان ئىدى...

يېرىم سائەت چامىسىدا جىم-جىت مېڭىشقاندىن كېيىن، تۇردى ئاخۇن ئاكا قاتتىق بىر ئۇلۇغ كىچىك تىندى-دە، ھەمرالىرىغا بۇرۇلۇپ، ئوزىگە يات بىر ئاۋازدا سوزلەپ كەتتى:

— نىمە دېگەن تەڭشەلمىگەن جاھان-ھە، بۇ! بەزىلەر كۈنبويى ئوڭدا يېتىپ، ھەسەل بىلەن ھالۋا يېسۇن؛ يەنە بەزىلەر كېچە-كۈندۈز تەر توكۇپ ئىشلەپمۇ قەرزدىن قۇتۇلالمىسۇن!... ئەي خۇدا، ئالەمدىكى بۇ ناھەقچىلىكنى قاچانمۇ كورەرسەن!؟

ئۇ بىر ھازا جىم بولۇپ كەتتى. ئېشەكلەر گويا قوقاس ئۈستىدە كېتىۋاتقاندەك، پۇتلىرىنى ئاۋايلاپ يوتكەيتتى.

تۇردى ئاخۇن ئاكا بېشىنى ئېگىز كوتىرىپ، ئەتراپقا ئازا سىنچىلاپ بىر نەزەر تاشلىدى-دە، توۋەندىكى مىسرالارنى يۇقىرى ئاۋازدا تەلقىن قىلدى:

يارايدۇما ئاھ-جىران ئىلكىدىن پەريادلار قىلسام،
بېرىپ ھەق ئالدىدا، دەستى پەلەكتىن دادلار قىلسام.
ئەگەر دادىمغا يەتمىسە، چىقىپ ئىشق چاقماغىن،
پەلەكنىڭ ئويىگە ئوتلار يېقىپ بەربادلار قىلسام...

بۇ ياڭراق خىتاپ گويا ئافراسىياپنىڭ نەئرىسىدەك، ئاسمان - ساناقسىز قۇم بارخانلىرى ئۈستىدە چېقىپ، قانچە ئەسىرلەردىن بۇيان غەپلەت ئۇيقۇسىدا ياتقان بۇ بىپايان جەزىرىنى دەس ئورنىدىن تۇرۇپ، بۇ تەڭسىز ئالەمنى ئوڭتەي - توڭتەي قىلىۋېتىشكە دەۋەت قىلماقتا ئىدى...

ئەشۇ ۋەقەدىن كېيىن، تۇردى ئاخۇن ئاكا بىر قىسمىلا بولۇپ قالدى. ئولتۇرسا-

قوپسا زاماندىن زارلايتتى. كەسپداشلىرى بىلەن بىر يەرگە جەم بولۇپ، ئون ئىككى مۇقام توغرىلىق مۇڭدىشىش، ياش سازەندىلەرگە ئۆگىتىش، پىشقەدەم سازەندىلەر بىلەن تەجرىبە ئالماشتۇرۇش، ئون ئىككى مۇقامنىڭ كەلگۈسى تەقدىرى ئۈستىدە قايغۇرۇش ئۇنىڭ بىردىن - بىر دىل خوشلۇقى ئىدى.

1940 - يىللىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، شىڭشىسەينىڭ زالىملىقى چېكىگە يېتىپ، قەشقەر شەھىرىنى قاتتىق ۋەھىمە قاپلاپ كەتتى. كۈندە دېگىدەك قولغا ئېلىنىشلار، ئۆلتۈرۈشلەر بولۇپ تۇردى. بۇ هال تۇردى ئاخۇن ئاكىنىڭ غەزىۋىنى مىڭ گەز ئۆرلەتتۈەتتى. ئۇ، قەدىناس دوستلىرى بىلەن خوشلىشىپ، قاغىلىققا قايتىپ كەتتى ۋە شۇ كەتكىنىچە، تاكى ئازاتلىققا قەدەر قەشقەرگە ئاياق باسمىدى.

## خاتىمە

ئۇزۇن يىللار تەتۈر چوگىلىگەن پەلەكنىڭ چاقى ئاخىر ئۆز ئىزىغا چۈشتى: سان-ساناقسىز ئىنقىلاۋىي قۇربانلارنىڭ ئىسسىق قېنى بەدىلىگە، ۋەتىنىمىزدە ئازاتلىق تېڭى ئاتتى. ئەمگەكچى خەلق ئۆز تەقدىرىنىڭ خوجايىنلىرىغا ئايلاندى، پىشقەدەم مۇقام ئۇستازى تۇردى ئاخۇن ئاكىمۇ ھەقىقىي يوسۇندا ئۆز قەدرىنى تاپتى. پارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتى ئۇيغۇر كلاسسىك مۇزىكىسى ئون ئىككى مۇقام مۇزىكىلىرىنى توپلاش ۋە رەتلەش ئىشىنى ئىنتايىن مۇھىم بىر خىزمەت سۈپىتىدە تۇتتى. 1950 - يىلى يەكەن ۋالىسى (ئەينى ۋاقىتتا يەكەن ۋىلايەت ئىدى)، پىشقەدەم سەنئەت ئەربابى يولداش قاسىمجان قەمبىرىنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن، تۇردى ئاخۇن ئاكا ئون ئىككى مۇقامنى سىنىغا ئېلىش خىزمىتىگە تەكلىپ قىلىندى. شۇ يىلى 8 -، 9 - ئايلاردا ئۇرۇمچىدە ئون ئىككى مۇقامنىڭ بىر قىسىم ناخشىلىرى دەسلەپكى قەدەمدە سىنىغا ئېلىندى. 1955 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىز قۇرۇلۇش ئالدىدىن قىلىنىۋاتقان داغدۇغىلىق خىزمەتلەر ئىچىدە ئون ئىككى مۇقامنى قايتىدىن لېنتىغا ۋە سىنىغا ئېلىش ئىشى ئىشلەندى. بۇ ئىشتا تۇردى ئاخۇن ئاكىنىڭ ئون ئىككى مۇقامنى ساتار چېلىپ ئېيتىپ بېرىشى، ئۇنىڭ ئوغلى هوشۇر ئاخۇننىڭ داپ چېلىپ بېرىشى ئاساس قىلىندى. بۇ خىزمەتكە يەنە مەشھۇر داستانچى روزى تەمبۇر، مۇقامشۇناس زىكرى ئەلپەتتا، ئاتاغلىق ناخشىچى ئابدۇۋېلى جارۇللا يۈپ، مۇزىكا شۇناس يولداش ۋەن تۈكشۈلار يېقىندىن قاتناشتى. شۇنداق قىلىپ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ يوقۇلۇپ كېتىش ئالدىدا تۇرغان بۇقىممەتلىك تارىخىي مەدەنىي مىراسى تەل-تۆكۈس قۇتقۇزۇپ قېلىندى. تۇردى ئاخۇن ئاكىمۇ تەلتۆكۈس مۇرات - مەقسىدىگە يەتتى.

تۇردى ئاخۇن ئاكا بۇ ئۆچمەس تۆھپىسى ئۈچۈن، پارتىيە ۋە خەلقنىڭ يۈكسەك هۆرمىتى ۋە ئەتىۋارلىشىغا ئېرىشتى. 1952 - يىلدىن تاكى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە يەكەن ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكى، جەنۇبىي شىنجاڭ رايونلۇق سەنئەت ئۆمىكى (هازىرقى قەشقەر ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكى) دە رەسمىي مۇقام ئۇستىسى بولۇپ خىزمەت قىلدى. بۇ جەرياندا ئۇ، دادىسى تەۋەككۇل ئاخۇن ئا-

كىدىن مىراس قالغان «باھارىم - چىمەنزارىم» قاتارلىق 30 نەچچە ناخشىنى خەلققە تەقدىم قىلدى. «ھەممە دىخانلار بىر ئائىلە» قاتارلىق مۇزىكىلارنى ئىجات قىلدى.

ئۇيغۇر كىلاسسىك مۇزىكىسى - ئون ئىككى مۇقام تارىخىدا مۇھىم ئورۇن تۇتقان، خەلقنىڭ ئون ئىككى مۇقامدىن ئىبارەت بۇ قىممەتلىك تارىخى مەدەنىي مىراسىنى ساقلاپ قېلىشتا ئۆچمەس خىزمەت كۆرسەتكەن مۇنەۋۋەر مۇقامشۇناس، مۇقام سازەندىسى ۋە مۇقام ئۇستازى تۇردى ئاخۇن ئاكا ئون ئىككى مۇقام قۇتقۇزۇلۇپ ئىككى ئاي ئۆتكەندە، يەنى 1956 - يىلى 6- ئاينىڭ 8- كۈنى 76 يېشىدا بەختكە قارشى ئالەمدىن ئۆتتى ۋە ئۆزىنىڭ ۋەسىيىتى بويىچە، قەدىناس دوستى، مۇقامشۇناس قاسىم ئاخۇن ئاكىنىڭ ھەزرەت توغاچلىق مازىرىدىكى قەۋرىسى يېنىغا دەپنە قىلىندى.

تۇردى ئاخۇن ئاكا ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، يولداش ۋەن تۇڭشۇنىڭ جان كۆيدۈرۈپ ئىشلىشى نەتىجىسىدە، ئون ئىككى مۇقام نوتىلىرى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 10 يىللىقىغا بېغىشلانغان مۇھىم سوۋغا سۈپىتىدە 1965 - يىلى مۇزىكا نەشرىياتى ۋە مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن 2 قىسىملىق كىتاپ بولۇپ نەشر قىلىندى. يېقىندا، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تاپشۇرۇغىغا ئاساسەن، قەشقەر مەمۇرى مەھكىمە مەدەنىيەت باشقارمىسى مەرھۇمغا ئالاھىدە خاتىرە مەقبەرىسى تۇرغۇزۇش ئىشىغا ھەددى تۇتۇش قىلماقتا.

خەلقىمىزنىڭ غۇرۇرى، مۇقام پىرى تۇردى ئاخۇن ئاكىنىڭ پەخىرلىك نامى گويا بىر ئۆچمەس يۇلتۇزدەك، ئەۋلاتلار قەلبىدە مەڭگۈ ياشايدۇ!



# خەيرلىك كېچە

(ھېكايە)

ئابلىمىت سابىر

ئاقۋاش تاغ چوققىسى قىزغۇچ رەڭلىك تاج كەيگەندەك جۇلالىنىشقا باشلىدى. كەچ كىرگەن بولسىمۇ چەكسىز سايدىن تومۇز تەپتى تېخى كەتمىگەن، ئىسسىق شامال ئۇرۇپ تۇراتتى. چىلان ياغىچىدەك يالتىراپ تۇرىدىغان ئۇزۇن دەستىلىك ساتارنى ئېشىكىنىڭ ئالدىغا قويغان، ئۇزۇن قاشلىرى قىرودەك ئاقارغان بوۋاي كۈن ئولتۇرغاندا ساي ئىچىدە قورايدەك كورۇنۇپ تۇرىدىغان بۇ كونا ئوتەڭگە يېتىپ كەلدى. جاپالىق سەپەر ئۇنىڭ ئاجىز گەۋدىسىگە ھاردۇق بېتكۈزگەن بولسىمۇ كوزلىرى شۇنچە روشەن ئىدى.

تاملىرى شورىداپ، قارا بوران دەرۋازىسىنى بىر تەرەپكە قىيسايتىپ قويغان خارابە مەنزىلگاھ بىردەمدىلا ئادەمگە تولۇپ ئاۋات جايغا ئايلىنىپ كەتكەن ئىدى. چاكارلار سەپەردىن قىزىق كەلگەن ئاتلارنى يېتىلەپ سوۋۇتاتتى. ھارۋىكەشلەر بولسا توپا باسقان ئوقلىرىنى ياغلاپ، بۇزۇلغان ئولتاڭلارنى ئوڭلايتتى. سودىگەرلەر تاغار - تاغار ياڭاق، يىمىشلەرنى، تايلىق بەقسەم، ئەتلەس - شايىلارنى ئوتەڭنىڭ ئىگىز سۇپىسى ئۈستىگە يىغىشتۇرۇپ بولۇپ، كۆزلىرى بولسا ئىسلىشىپ كەتكەن ھوجرىلارنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ ئوزىنى يەلپۈشەتتى. بېشىغا ئۇزۇن قارا كورپە تۇمىقىنى كەيگەن ئوتەڭ خوجايىنى قېرى ئايال چوڭ قازانغا تاشلانغان بىر قوينىڭ گوشىنى بالدۇرراق پىشۇرۇش ئۈچۈن چالما ئوچاق ئىچىگە يانتاق، شاۋاقلارنى ئالدىراش تىقىۋاتقان ئىدى.

بوۋاي ئېشىكىدىن چۈشۈپ، ساتارنى قولتۇقىغا قىسقان ھالدا ئوتەڭ ئىچىگە مېڭىۋىدى، ئوتەڭ خوجايىنى ۋاقىردى:

— بوۋاي ئاۋال ئوتەڭ ھەققىنى تولەۋېتىڭ.

بوۋاي ئاق بوز يەكتىكىنىڭ پېشىدا ساڭگىلاپ تۇرغان يانچۇقىغا قولىنى سالدى - دە، ساقلىنىپ قالغان بىر تەڭگە پۇلنى چىقىرىپ خوجايىنغا ئۇزاتتى.

— بوۋاي بۇ نېمە قىلغىنىڭىز، - دېدى خوجايىن نارازى بولۇپ، - قۇدۇق سۇيى توختاپ كەتكىلى 3 يىل بولدى. يولۇچىلار ئىشلىتىدىغان سۇنى يىبىرىم كۈنلۈك جايدىن قاپاقتا توشۇپ كېلىۋاتىمىز. سىزنىڭ بۇ پۇلىڭىز بىر قېتىملىق چاي ھەققىگىمۇ يەتمەيدۇ.

بوۋاينىڭ يۈزىنى قىزىللىق باستى. ئەگەر ئۇنىڭ يانچۇقىدا يەنە بىر نەچچە تەڭگە پۇل بولسا ئىدى، چەكسىز باياۋاننى باغرىغا بېسىپ پۇل ئۈچۈن ياشاپ كېلىۋاتقان بۇ خوجايىنغا ھەممىنى تاشلاپ بەرگەن بولاتتى.

— خوجايىن خېنىم، بارى شۇ ئىكەن، ھوجرىلار يېتىشمىسە، ئوگزىدە بولسىمۇ يېتىۋېرىمەن.

خوجايىن ئايال كىرلىشىپ كەتكەن قاشلىرى ئاستىدىكى يوغان كوزلىرىنى بوۋايدىن ئالدى-دە، ئۈنچىقمىدى. بۇ ئۇنىڭ باش كوزىنىڭ سەدىقىسى ئورنىدا بوۋايغا بىر كۈنلۈك قونالغۇ بېرىشكە رازى بولغىنى ئىدى.

بوۋاي ئېشىگىنى ئوتەڭ چېتىدىكى توغراق ياغىچىغا باغلىغاندىن كېيىن كېچىكىپ قالغان ئەسرى نامىزىنى ئوقىدى ھەمدە ھوجرىلاردىن يىراقتا تام ياقىلاپ ئولتۇرۇشقان ئادەملەر يېنىغا بېرىپ چالما ئۈستىگە ئولتۇردى. ئۇلار يالاڭياق جونداق كىيىملەرنى كىيىۋالغان بولۇپ ھوجرىلار ئالدىدىكى سېمىز، شايى كوينەكلىك سودىگەرلەرگە ئوخشىمايتتى. بەزىلىرى توپىتەك چىگىۋالغان كىچىككىنە توشىگىنى بېشىغا قويۇپ سوزۇلۇپ يېتىشاتتى. بەزىلىرى، يېرىلىپ كەتكەن پۇتىنىڭ ئالقانلىرىنى ياغ بىلەن داغلايتتى.

— بالام قەيەرگە كېتىۋاتىسەن؟ — سورىدى بوۋاي چاچلىرى ئوسكەن قارامتۇل بالىدىن.

— قەشقەرگە، — دېدى بالا بېشىنى كوتىرىپ، — قەشقەر تۈرمىسىدە ئاكامنىڭ سولىنىپ ياتقىنىغا 3 يىل بولدى. پۇلى بارلار ئاللىقاچان قايتىپ كەلدى. بىچارە ئاكام زەي تۈرمىدە ھازىرغىچە يېتىۋاتىدۇ. كورۇشكىلى كېتىۋاتىمەن.

— سەنچۇ؟ — دېدى بوۋاي بالىنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ پۇتىنى داغلاۋاتقان ياش يىگىتكە قاراپ.

— مەنمۇ قەشقەرگە بارىمەن. ئاڭلىشىمچە قەشقەردە مەدىكارچىلىق خېلى پۇلغا يارايدىكەن، قىش چۈشكىچە ئاز-تولا ئىشلەپ كىيىم-كېچەكلەرنى غەملىۋالايمىكىن دەپ ماڭدىم.

— بالا-چاقاڭ يوقمۇ؟

— ئويلەنمىدىم، — دېدى يىگىت، — جاھاننىڭ ھەممە يېرى قاتتىقچىلىققا تولۇپ كەتتى. بىزدەك دوپپىسى چۈشسە خۇدانىڭ زىمىنىغا چۈشىدىغان يېلىڭ ئادەملەرنىڭ ئويلىنىشىگە نىمە قۇدرىتى دەيسىز؟

— بۇ دەرت-ئەلەملەرنى بىز تارتىپ تۈگەتسەك بولاتتى، — دېدى بوۋاي چوڭقۇر تىنىپ، — ئاتا-بوۋىلارنىڭ قان-يېشى ئاخىرى سىلەرگىمۇ مىراس بولۇپ قالدى.

قوشۇمىسىنى تۈرۈپ قېلىن تاپىنىدىكى پىچاق بىسىدەك ئېچىلىپ تۇرغان يورۇق ئىزىغا قىزىق ياغنى تېمىتىۋاتقان ھېلىقى يىگىت بېشىنى كوتىرىپ مېھرىۋانلىق بىلەن بوۋايغا قارىدى:

— بوۋا، سىزمۇ بىزگە ئوخشاش دەرتمەن ئوخشىمامسىز؟

— شۇنداق، يۇرتتىن ئايرىلغان سەرگەردانمەن. يەكەن، قاغىلىق تەرەپكە كېتىۋاتىمەن، — بوۋاي ئورۇق بارماقلىرى بىلەن چەچمە ئاق ساقىلىنى سىلىۋالغاندىن كېيىن داۋام قىلدى، — يۇرتىمىزنى موللا ئىشان قاپلاپ كەتتى. ئۇلار مىڭنى ئادەم توپلاپ، ئەلنەغمە قىلىپ كىشىلەردىن دىيانەتنى كو-

تەردىك، دەپ مېچىت ئالدىغا بېرىپ 40 دەر-
رە ئۇردى. كېيىن ئىشەككە تەتۈر مىندۇرۇپ
سازايى قىلماقچى بولغانىدا كىشىلەر قۇتۇل-
دۇرۇپ قالدى. ئاخىرى ئانا يۇرتنى تاشلاپ
چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدۇم.

— بەدنىيەت ئىپلاسلار،— دېدى يىگىت غە-
زەپلىنىپ،— ئۇلار چەبولسا ھەممە كىشى مول-
لا، ئىشانلارغا ئايلىنىپ كەتسە، كۈن بويى
ئۆيىدىن چىقماي تائەت-ئىبادەت قىلسا....
مۇتەئەسسىپلىك كۈچەيگەن بۇ كۈنلەردە يا-
شاش ھەقىقەتەن تەس.

ئۇلار بىردەمدىلا سىردىشىپ قېلىشتى. يو-
لۇچىلار بوۋاينىڭ ئەتراپىغا يىغىلىپ قېتىپ
كەتكەن نانلىرىنى چىقىرىشتى — دە، بىرلىك-
تە كەچلىك تاماق يېيىشتى.

كەچ كىرىپ قاراڭغۇ چۈشۈشكە باشلىدى.
ئوتەڭ خوجايىنى بىر تىزىق پىلىكنى ما-
لىشىپ كەتكەن چويۇن چىراققا سېلىپ يېقىپ
قويدى. ئۇنىڭ ئېرىبولسا ئوۋلاپ كەلگەن سې-
مىز كىيىكنى مۈرىسىدىن ئېلىپ يەرگە تاش-
لىدى. ئەندى سودىگەرلەر ھوجرا ئالدىدا
بەدەشقان قۇرۇپ تەگنە بىلەن كەلتۈرۈلگەن
گۆشنى پارچىلاپ يېيىشمەكتە ئىدى.

— ھازىر چۈگچىلىك تاۋىرى بۇياققا كەل-
مەيدىغان بولۇپ كەتتى. ھوكۇمەت ئۇرۇش
بىلەن بولۇپ كەتكەنمىش. يەنە بىزنىڭ شا-
تاۋارلىرىمىز بازارنى ئىگىلىمەيدىغان بولدى،
دېدى بىر سودىگەر.

— ئۆتكەن ئايدا ئۈرۈمچىگە بىر ھارۋا سە-
گەز بېرىپتىكەن، ئاڭلىغان خەۋەرگە قارىغان-
دا ئۈرۈمچىنىڭ سودىگەرلىرى ھارۋىدىن چۈ-
شۈرمەيلا تالاپ كېتىپتىمىش.

— ھە، بۇ ئىشلارغا ئانچە قىزىقىپ كەت-
كىلى بولمايدۇ، — دېدى باشلىرى پاقىراپ
تۇرغان سودىگەر بىر تال سۆگەكنى غاجاۋ-
تىپ، — ھازىر پۇل پاخاللاشقان چاغ. بىر
دوۋە قۇرۇق قەغەزنى تۇتۇپ قېلىپ، ۋەيران
بولىدىغان ئاقىۋەتتىن ھەزەر قىلمىسىمۇ بول-
مايدۇ.

ماغدۇرى ئۈزۈلۈپ تامغا يۆلۈنىۋالغان
يولۇچىلار ھەچنەرسىنى چۈشەنمىگەندەك، ئۇ-
لارغا كوز تىكىپ ئولتۇرۇشاتتى.

— بوۋا، ئۇ نىمىلەر ئوزىنىڭ گېپىنى قى-
لىدۇ، — دېدى بىرسى بوۋايغا يېقىنلىشىپ.—
بىزمۇ بىردەم ساز چېلىپ كوڭلىمىزنى ئې-
چىپ ھاردۇغىمىزنى چىقارمايمىزمۇ.

— توغرا دەيسەن — دېدى بوۋاي بىردىن
ئۇنىڭ گېپى دىلىغا يېقىپ. چۈنكى ئۇنىڭ
بۇ سۆيۈملۈك دىلكەشنى قولىغا ئالمىغىنىغا
3 كۈن بولغان، شۇڭا دىل پىراقى خۇددى
بۇلاق سۈيىدەك ئېتىلىپ تۇراتتى، — ئۇلار
تىللا، تەڭگىلەرنى جىرىڭلاتسا، بىزمۇ ناخشا-
سازلىرىمىزنى جاراڭلىتايلى.

ئۇ ساتارنى قولىغا ئالدى. ساتارنىڭ پە-
دىلىرىگە زوقمەنلىك بىلەن تىكىلدى — دە،
ئورۇق بارماقلىرى بىلەن كامالچىنى سىلىق
سۈركىدى. مۇڭلۇق ساتار ھاياتلەززىتىنى
ئاڭلىغاندەك، دولقۇنلۇق سادا ئاستا كوتىرى-
لىپ چىقتى.

ئاسماندا ئاي ئاستا ئۈزەتتى. يىراقتىن
مەنزىلگە قاراپ كېلىۋاتقان كارۋانلار قوڭ-
غۇرۇغىنىڭ ھارغىن ئاۋازى ئاڭلىناتتى. بو-
ۋاي پەنجىگاھ مۇقامىنىڭ داستان قىسمى-
نى ئورۇنلاپ بولغاندىن كېيىن قولىدىكى
كامالچىنى لەرزان سۈركىدى — دە، جولا ھەم
سەنەم قىسمىغا كوچتى. ساتار جىمجىت سە-
ھەردىكى تاغ كەكلىگىدەك يىڭنانلىق سايراپ
كەتتى. ئۇ بىردەم گەۋدىسىنى ئىگىپ پەدى-
لەردىن ئېتىلىپ چىقىۋاتقان ئاشىق- مەشۇق-
لارنىڭ مۇڭزارىنى ئاڭلىماقچى بولغاندەك

قىلاتتى. بەزىدە گەۋدىسىنى كوتىرىپ كوكسىنى كېرەتتى - دە، چىرايىدا خوشاللىق كۈلۈمسىرەش پەيدا بولاتتى.

— بوۋا، ئاتىڭىزغا رەھمەت، ئەجەپمۇ چالدىڭىز، سۇنغان كوڭۈللەرنى ياشارتىپ، دىللارنى ئېرىتىپلا تاشلىدىڭىزغۇ، - دېدى بىرسى كوز يېشىنى ئېيتىپ.

شۇنداق، بىز كەمبەغەللەر دەردىمىزنى ناخشا، مۇزىكا بىلەن چىقىرىمىز، بۇ ناخشىلار ئاتا - بوۋىلىرىمىزدىن قالغان. نۇرغۇن ئۇيغۇر قىز - يىگىتلىرى بۇ ناخشىلار بىلەن ئوزىنىڭ مۇرات - مەقسەتلىرىنى، ئارزۇ - ئارمانلىرىنى ئىپادىلىگەن. پۈتۈن ئالەمگە مەشھۇر ناخشىلار، - دېدى بوۋاي.

— بوۋا، سىز بۇ نەغمىلەرنى قەيەردىن ئۆگەنگەن؟ - سورىدى يەنە بىرى.

— مەن ساتارنى ئاتامدىن ئۆگەنگەن. ئۇ مۇشۇ ساتارى بىلەن پۈتۈن دۇنيانى كەزگەن ئىكەن. كېيىن ئۇ ماڭا مىراس بولۇپ قالدى. مەنمۇ مۇشۇ ساتار بىلەن ھاياتىنى كۆيلەپ ئومرۇمنى ئوتكۈزدۇم.

— بارىكاللا بوۋاي، تۇغۇلىشىڭىزمۇ ناخشا بىلەن، ھاياتىڭىزمۇ ناخشا - ساز ئىچىدە ئوتكەن ئىكەن - دە.

— شۇنداق، ناخشا - مۇزىكا مېنىڭ كۈچ - قۇدرىتىم، دىل ئارامىم، مەن ئۇنىڭدىن بىر كۈنمۇ ئايرىلالمايمەن.

بوۋاي بىر پىيالە چاي ئىچتى - دە، پېشانىسىدىكى تەر تامچىلىرىنى ئېيتتى. ئادىتى بويىچە ئوشاق مۇقامنى باشلىدى. ئۇنىڭ ئىسسىق قېنى دولقۇنلۇق دەريادەك ئوركەشلەيتتى. ئەمدى ئۇ، ساتار ئاۋازىغا تەڭكەش قىلىپ ئۇنلۇك ئاۋازىنى قويۇۋەتتى. ئەتراپتا ئوزىنى بېسىپ جىمجىت ئولتۇرغان كىشىلەر دەرھال جۇر بولۇشتى. ۋەيرانە ئوتەكنىڭ ئاسمىنىدا ئۇنلىغان كىشىلەرنىڭ دولقۇنلۇق كۈيى جاراڭلاشقا باشلىدى.

— تەخسىر، - دېدى ھوجرا ئىچىدە ئولتۇرغان سودىگەرلەرنىڭ بىرى يېنىدىكى سېمىز سودىگەرگە قاراپ، - بۇ قېرى ئادەم سۆرەتلىك شەيتانمۇ نېمە؟ مەن ئومرۈمدە ئەلنەغمىلەرنى كوپ ئاڭلىغان. لېكىن بۇنىڭدەك يېتىشكەنلىرىنى كورمىگەن ئىكەنمەن.

— زامانى ئاخىرىدا، - دېدى سېمىز سودىگەر، - بۇنداق چول-جەزىرىدىكى يالغۇز ئوتەڭدە كۈنلەرنىڭ بىرىدە مۇشۇنداق مەشرەپنىڭ قىزىپ كېتىشى كىمنىڭ خىيالىغا كەلگەن؟

ئۇلار ئاخىر ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ ھوجرا دېرىزىسى ئالدىغا كېلىشىپ مەشرەپ مەيدانىغا قاراشتى. بۇ چاغدا كونىراپ كەتكەن چەكمىنى سېلىۋەتكەن يىگىتلەرنىڭ بىرسى ئۇسۇلغا چۈشكەن ئىدى. ئۇ قارىداپ كەتكەن قوللىرىنى لاچىن قاناتلىرىدەك ئويناتىپ سورۇن ئىچىنى ئايلانماقتا ئىدى. بوۋاينىڭ بولسا كوزىگە ياش كەلگەن بولۇپ، ئاپپاق ساقاللىرى ئۈزلۈكسىز تىترەيتتى.

— تەخسىر، سىلىنىڭ قەشقەردىكى ساماۋەرخانىغا مۇشۇنداق ئەلنەغمىچىلەردىن بىرسى تازا لازىم جۇمۇ، - دېدى ھىلىقى سودىگەر بوۋاينىڭ ئالدىغا ئورۇمە قىلىپ چۈشكەن پۇللارغا كوزى قىزىرىپ.

بۇ گەپ سېمىز سودىگەرگە يېقىپ قالدى. چۈنكى بۇنداق ئەلنەغمىچى بولغاندا ساماۋەرخانا بازار تېپىپلا قالماستىن، مۇشۇنداق بىر قېتىملىق مەشرەپ بىلەنلا كىشىلەرنىڭ يانچۇغىدىكى بىر تالاي پۇلنى سوزۇۋالغىنى بولاتتى، شۇڭا ئۇ ئىختىيارسىز ھوجرىدىن چىقتى.

— بوۋاي قەشقەرگە كېتەمسەن؟ ماقۇل

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



كورسەڭ كارۋانلارغا قوشاپ قوياي، ئۇلار سېنى ئالغاچ كەتسۇن، — دېدى ئۇ.

— ھېممەتلىرىڭگە رەھمەت باي، — دېدى بوۋاي قولىدىكى سازنى توختۇتۇپ، — خۇدا مېنىڭ مۇشۇنداق چوللىك ئىچىدە سەپەر قىلىشىمنى نېسىپ قىپتۇ. مەن يەكەن، قاغىلىقنىڭ ئېتەكلىرىگە بېرىپ سەھرالارنى ئايلىنىپ يۇرتداشلار بىلەن كورىشەي.

— ھەي ئاخماق، — دېدى ھېلىقى سودىگەر باينىڭ تەرىپىنى ئېلىپ، — بۇ 3 قېتىم ھەج قىلغان ئادەم. قەشقەردە چوڭ ساماۋەرخانىسى بار. سەن بارساڭ شۇ يەردە تۇرىسەن. باي ھاجىم يېتىپ بارغاندىن كېيىن ساڭا يېڭىچە تون — سەرپايلارنى كەيگۇزىدۇ. راھەت كورىسەن. سەندىن كېتىدىغىنى پەقەت ساماۋەردە ئەلنەغمە قىلىپ بەرسەڭلا بولىدۇ.

— مەن كىچىكىمدىن تارتىپ بۇنداق ئىشقا ئادەتلەنمىگەن، — دېدى بوۋاي رەت قىلىپ، — قەپەزدىكى قۇشتەك باشقىلارغا يالىنىپ راھەت كورگەندىن كورە ئوز ئەركىم بىلەن مۇشۇنداق سىرىقتال ئوتكىنىمۇ ياخشى.

— ئوز بەختىڭنى بىلمىگەچ تۇرىقىڭ شۇ، ئومۇر بويى بىر نېنىڭ ئىككى بولمىغاي.

ھېلىقى سودىگەرنىڭ بۇ گېپى بوۋاينىڭ قەلبىگە تۇز سەپكەندەك غەزىۋىنى قوزغىۋەتتى.

— سىلەر مېنى ساماۋەرخانىلاردا ئەلنەغمىچى قىلىپ قويۇشۇڭلا پۇل تېپىش ئۇچۇنغۇ، سىلەرگە پۇل بولسىلا بولىدۇ. ئوز شوھرىتىڭلار ئۇچۇن چار باغلارنى سالسىلەر، لېكىن ئىنسانلار ئۇچۇن بىرەر مەدرىس ياكى مەكتەپ ئېچىپ قويۇشنى خالىمايسىلەر. سىلەردەك ئادەملەرنىڭ بۇ دۇنياغا نېمەكېرىكى؟!

بوۋاينىڭ كوزى چاقماق چاقنىغاندەك غەزەپكە تولغان ئىدى. مەشرەپچىلەرمۇ قادىلىپ تۇرۇشاتتى. شۇڭا سودىگەرلەر ۋاقتىنىڭ ئەپسىزلىگىنى بىلىپ ئۇنچىقمايلا كىرىپ كېتىشتى.

ئۇ كۈنى مەشرەپ تۈن يېرىمىدا ئاياقلاشتى. ئۇ بامدات نامىزىدىن كېيىن كىشىلەر ئورۇمە قىلىپ تاشلىغان پولنىڭ بىرقىسمىنى يول خىراجىتى ئۇچۇن ئالدى — دە، قالغىنىنى يول ئۇستىدىكى مۇساپىرلارغا تارقىتىپ بېرىۋەتتى.

— بوۋا، سىز قېرىپ قالغان ئادەم، ھەممىسىنى ئېلىڭ! — دېيىشتى ئۇلار.

— ياق يىگىتلەر، مېنىڭ ئالغىنىم بىر كۈنلۈك يېمەكلىكىمگە يەتسىلا بولىدۇ. سىلەر قەشقەرگە بېرىپ ئىش تاپقىچە كىشىلەرگە مۇھتاج بولۇپ قالماڭلار. كوپرەك ئېلىڭلار، — دېدى بوۋاي.

ئۇ خوشلىشىپ يولغا چىقتى. مۇساپىرلار ئۇنى ئوتەڭ چېتىدىكى سايغىچە ئۇزۇتۇپ بېرىشتى. ئارىدىن 2 كۈن ئوتكەندە بۇ ئەشەكلىك بوۋاينىڭ 6 شەھەرگە مەشھۇر بولغان ئۇيغۇر 12 مۇقامىنىڭ يېقىن زاماندىكى ئاتىسى تۇردى ئاخۇن ئاكا ئىكەنلىگى مەلۇم بولدى. ئوتەڭ خوجايىنى چېكىسىگە ئۇرۇپ — دە، بۇ ئۇلۇغ ئادەمگە يوللۇق تۇتالمىغىنىغا پۇشايمان يېدى. سودىگەرلەرنىڭ كوزلىرى چەكچىيىپ، ھەيرانلىقتا چومۇشتى. كىمدۇر بىرى ئوتەڭنىڭ قىزىل توپىلىق تېمىغا مۇشۇنداق دەپ يېزىپ قويىدى:

"ئۇلۇغ مۇقامشۇناس تۇردى ئاخۇن ئاكام مۇشۇ ئوتەڭدە بىر كېچە قونۇپ ئوتۇپ كەتكەن"،



قۇربان ئىمىن

( ناخشا ـ مۇزىكىلىق دراما )

## بىر پەردە، بىر كورۇنۇش

قاتناشقۇچىلار

1 ـ تۇردى ئاخۇن — 75 ياش تېتىك، خۇشخۇي مۇقامچى
2 ـ هوشۇر ئاخۇن — 55 ياش تۇردى ئاخۇننىڭ ئوغلى داپەندى
3 ـ قاسىماخۇن — 68 ياش مۇلايىم، خوشچاقچاق سازەندە
4 ـ تۇتى — 55 ياش قاسىماخۇننىڭ ئايالى
5 ـ مەمتاخۇن — 30 ياش قاسىماخۇننىڭ شاگىرتى، شوخ، داپەندى
6 ـ روزاخۇن — 45 ياش 〃 〃 〃 چاكچى

(1983 ـ يىل 15 ـ فېۋرال. قەشقەر)

## 1 ـ پەردە

### بىرىنچى كورۇنۇش

ۋاقتى : 1956 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ هاۋا ئوچۇق بىر كۈنى.
ئورنى : قەشقەر شەهرى قاسىماخۇن ئەلنەغمىنىڭ ئويى.
سەهنە تۈزۈلىشى : ئوي ئىچى ئوبدان سەرەمجانلاشتۇرۇلغان.
ئوڭ تەرەپتە سۇپا بولۇپ، پاكار جوزا ئۈستىگە داستىخان سېلىنغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



سۇپىنىڭ يېنىدا ئىچكىرىگە كىرىش ئىشىكى بولۇپ، گۈللۈك مەلەكزە تارتىلغان، ئۇدۇلدىكى تامغا ساتار ئېسىلغان، سول تەرەپتە تاشقىرىدىن كىرىش-چىقىش ئىشىكى ئېچىلغان.

بىر شىگىگىل شوخ مۇزىكا ساداسىدىن كېيىن پەردە ئېچىلىدۇ.

قاسىماخۇن ( تاشقىرىدىن كىرىپ): تۇتىخان، تۇتى خېنىم!

تۇتى ( ئىچكىرى ئۆيدىن چىقىپ): خوش قاسىماخۇن. يادا قانداق ئەمىر - پەرمانلىرىبار؟ بەجانىدىل تەييارمەن .

قاسىماخۇن تەييارلىغىمىز قانداق بولدى؟

تۇتى ھەممىسى تەخ بولدى. ھازىر مانتۇغا خېمىر يۇغۇرۇپ قويدۇم.

قاسىماخۇن ئاۋال داستىخانغا نىمە قويىمىز؟

تۇتى ئاۋال يۇمشاق مەزە بىلەن سىنچاي قويىمىز . ئاندىن بىر چىنىدىن قايماق چاي بېرىمىز، مانتۇقويىمىز، ئاندىن بىر چىنىدىن چاچتەككەسكەن ئۇگرە ئېلىپ كېلىمىز . ئاخىرىدا پولو تارتىمىز، قانداق؟

قاسىماخۇن بۇمۇ ياخشى، خوتۇن! ھەممىدىن ئېسىلى مېھماننى ياخشى كۈتۈۋېلىش. ئاندىن قالسا مېھمان قايسى غىزانى، نىمىنى ياخشى كورىدۇ، كوڭلى نىمىنى تارتىدۇ؟ بۇنى چۈشۈنۈش. بىلەمسىلە ؟

تۇتى تازا ئوبدان گەپ.

قاسىماخۇن ئانداق بولسا ...

تۇتى سىلە نىمە قىل دەيلا ؟

قاسىماخۇن بىزنىڭ شاگىرتىمىز قېنى؟

تۇتى داپنى ئوتقا قاقلاۋاتىدۇ.

قاسىماخۇن ( ئۆيگە قاراپ ): مەمتاخۇن، ھوي مەمتاخۇن!

مەمتاخۇن ( ئۆيدىن داپنى كوتەرگەنچە يۈگۈرۈپ چىقىپ): خوش، ئۇستام.

قاسىماخۇن ئاۋال تائام، بەداز كالام.

مەمتاخۇن ئاۋال ئۇستامغا سالام!

قاسىماخۇن بارىكاللا!

تۇتى قاسىماخۇن، مەن بىر سورىۋالاي: مېھماننىڭ كوڭلىدىكى نىمىكەن؟

قاسىماخۇن قاراڭلار، بىزنىڭكىگە كېلىدىغان مېھمان ناھايىتى ئۇلۇغ مېھمان، ئۇ خەلقنىڭ ئىچىدىكى بىباھا گوھەر، سەنئەت غەزنىمىزنىڭ ساقچىسى، تاڭ سەھەرنىڭ يورۇق يۇلتۇزى، مېنىڭ قەدىردان كەسپدىشىم.

مەمتاخۇن ئۇستام، ئۇ كىشى زادى كىم؟

قاسىماخۇن ئۇ كىشى ئىززەتكە لايىق، ھورمەتكە مۇۋاپىق...

تۇتى قەشقەرنىڭ ۋالىسىغا ئوخشىمامدۇ ئەمىسى؟

مەمتاخۇن ئۇستام، بۈگۈن بۇ ئۆيگە ۋالى كىلەمدۇ؟

قاسىماخۇن ئۇ كىشى ئەمەس ۋالى، لېكىن ئۇ ئالتۇن مىسالى.

تۇتى ئۇ كىشى نەدىن كېلىدۇ؟

قاسىماخۇن بىزنىڭ ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكىمىزدىن كېلىدۇ.

مەمتاخۇن ئانداق بولسا بىر پىشقەدەم سازەندە. مەن بىلىمەن، بەك ئېسىل ئادەم، جاھاندا ئۇنداق بىر ئەلنەغمىچى كەم تېپىلىدۇ.

قاسىماخۇن بەللى يارايسەن شاگىرت!

تۇتى ( ئېرىگە ): ماڭا قارىسىلا قاسىماخۇن! سىلىدىنمۇ ئۇستا ئەلنەغمىچى بارمۇ؟ سىلە دېگەن ئالتەشەھەردە باش كۆتەرگەن، ئالتۇن لىگەندە ئاش كۆتەرگەن تۇغما سازەندە. قاسىماخۇن ئەلنەغمەدىسە پۈتۈن شىنجاڭدا سىلىنى تونۇمايدىغان كىشى يوق.

مەمتاخۇن خان ئاچا ناۋاتتەك گەپ قىلىلا جۇمۇ؟ مېنىڭ ئۇستام مانا مۇشۇنداق ( بەشمادىغىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ قويىدۇ ).

قاسىماخۇن ھەرماتادىن ھەر ماتانىڭ نەرقى بار، ئادەمدىن ئادەمنىڭ پەرقى بار. شۇنى بىلەمسىلەر، ئالتۇننىڭ قەدرىنى زەرگەر بىلىدۇ.

مەمتاخۇن ( تۇتىغا قاراپ ): ئاچا، بۇمۇ قايماق چايدەك گەپ، زەرگەر زەرگەرنى سۇندۇرمايدۇ. ياخشى ئادەم ئالتۇننى مىس دېمەيدۇ. ئالتۇن ھەرقاچان ئالتۇن.

قاسىماخۇن ھە، بولدى، ئەمدى ئۆز گېپىمىزگە كېلەيلى.

تۇتى ئۇنداق بولسا، ئەمىر ـ پەرمانلىرى ...

مەمتاخۇن مېنىڭ خىزمىتىم؟

قاسىماخۇن بىزنىڭ ئېزىز مېھمىنىمىز كاۋاپقا ئامراق.

تۇتى كاۋاپ؟

مەمتاخۇن ( شوخلۇق بىلەن ): ئاچا بەررە كاۋاپ، شاشلىك... ( توۋلايدۇ ).

قاسىماخۇن بۈگۈن بۇ قەدىرلىك مېھمانغا ئېغىلدىكى پاقلاننى سويىمىز، كاۋاپ قىلىمىز.

تۇتى كاۋاپ دېگەن بازاردا جىق تۇرسا، كىچىك پاقلاننى سويۇپ نېمە قىلىسىز؟

مەمتاخۇن ( قاسىماخۇننىڭ ئالدىغا كېلىپ ): ئۇستام، شۇنداق قىلىلى. مەن تازا قول بالىسى قىلدۇرۇپ سېمىز قوينىڭ گۆشىدە ئەتكەن، زىرە، قارمۇچى بار ئوخشىغان كاۋاپتىن ئون زىخ ئېلىپ كېرەي.

قاسىماخۇن بەرىكەت ئۆيدە بولىدۇ، ئىززەت قىلساڭ ئىززەت تاپىسەن، چايناپ يېسەڭ لەززەت تاپىسەن، ئېزىز مېھماننىڭ خاسىيىتى ئۇلۇغ. قوينى سويۇڭلار.

مەمتاخۇن ئاچا، بوپتۇ سويايلى، قورۇق گەپنى قويايلى، ئۇستام، پاقلاننى مەن، مەن سوياي ،

تۇتى مەمتاخۇن، سەن داپەندى تۇرساڭ، قانداق پىچاق تۇتالايسەن؟

مەمتاخۇن ئاچا، مەنمۇ؟ مەن دېگەن شەمشەر. مېنىڭ جۇغۇم كىچىك، كىچىك تۇرغۇنۇم بىلەن ھەممە سالادا بار جۇمۇ؟ ( كۈلكە ).

قاسىماخۇن يارايسەن شاگىرت! ئوغۇل بالىغا يەتمىش ئىككى ھۈنەر ئازلىق قىلىدۇ. (مەمتاخۇن خۇشاللىقى بىلەن سەكرەپ ، داپنى ئوينىتىپ ئۆيگە يۈگۈرۈپ كىـ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



رىپ كېتىدۇ ـ دە ، ئالدىغا پەشتامال تارتىپ، پىچىغىنى ئوينۇتۇپ، ئىككەيلەنگە تازىم قىلغانىدىن كېيىن سىرتقا چىقىپ كېتىدۇ).

**تۇتى** ( ئېرىگە ) ئەمدى شۇنداق قىلىدىغان بولدۇقمۇ؟

**قاسىماخۇن** ھەئە، سىلە تېخىمۇ چاققانراق بولۇڭلار.

**تۇتى** قاسىماخۇن! ( ئەكىلەپ ): قەدىناس يىگىت! مەن سىلىنىڭ خىزمەتلىرىگە قا- چان سۇس قارىغان؟

**قاسىماخۇن** ھىچقاچان، بۈگۈنمۇ سىپكىلەك ۋاختىڭلار دىكىدەك چەبدەس بولساڭلاردەيمەن

**تۇتى** ( ناز قىلىپ ): مېنىڭ چا، ئىككى قولۇم، ئىككى پۇتۇم بار. مېنىڭ قازىنىم بوياقچىنىڭ كۈپى ئەمەس، تاماق دىگەن ئوت قالىغاندا پىشىدۇ.

**قاسىماخۇن** ھە؟ ئوت قالىغاندا پىشىدۇ ! مەن ئوت قالاپ بېرەي ئەمىسى ( ئويگە ماڭ- ماقچى بولىدۇ .)

**تۇتى** ( ئېرىنىڭ ئالدىنى توساپ): كايىپ كەتمىسىلە، مەن بار.

**قاسىماخۇن** ئەگەر سىلە ئالدىراپ قالىدىغان ئىش بولسا خۇلۇم ـ خوشنىلىرىمىز ئوبدان ئۇلاردىن بىر ئىككىسىنى ياردەمگە قىچقارمايلىمۇ؟

**تۇتى** كىمنى قىچقىرىمىز؟ چولپانىخانىنىمۇ ياكى ھەسەلخانىنىمۇ ؟

**قاسىماخۇن** مەيلى، قايسى بولسا.

**تۇتى** ( باشقىدىن ئېچىلىپ ): بولدى، ھەممىگە ئۆزۈم تېتەيمەن. زادى بۈگۈن قانچە مېھمان بولىدۇ ؟

**قاسىماخۇن** ئەتىگەن دىدىمغۇ. بىرلا.

**تۇتى** بىرلا ؟

**قاسىماخۇن** شۇنداق.

**تۇتى** ۋاي ـ ۋوي، شۇ بىرلا كىشىگە شۇنچىلا قىلىپ كىتەمدۇق؟

**قاسىماخۇن** خوتۇن،چىرايلىق خوتۇن ! چىراق بىر، پەرۋانە ئون. ئەلۋەتتە بىرتوپ پەرۋانە بىر چىراقنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىدۇ ـ دە.

**تۇتى** جايىدا. مەنمۇ بىر پەرۋانە، چورىلىرىدە ئايلانغىنىم ئايلانغان.

**قاسىماخۇن** جان تەسەددۇق.

**تۇتى** ( ھاياجانلىنىپ توۋەندىكى ناخشىنى ئېيتىدۇ ):

كىمكى ئۆز جانانىغا جاننى تەسەددۇق ئەيلىسە،
بولغۇسى ھاسىل مۇرات يارى تەسەددۇق ھەم دىسە.
يار ئۈچۈن، مېھمان ئۈچۈن جانىم بىلەن خىزمەت قىلاي،
ساھىپخانە شات بولۇر خانىدانلەر گۈللىسە.

( تۇتى ناخشىسىنى ئاياقلاشتۇرۇپلا ئىچكىرى ئويگە كىرىپ كېتىدۇ. قاسىماخۇن قوزۇقتىكى ساتارنى ئېلىپ سۇپىغا ئولتۇرىدۇ )

**قاسىماخۇن** ( ساتارغا قاراپ): كەلگىنە قەدىناس ئامرىغىم! سەن بىر گۈل، مەن بىر بۇلبۇل، سەن چىراق، مەن پەرۋانە، سەن باغ، مەن باغۋەن. ئاشىق، مەشۇغىنىڭ ۋەسلىگە

يەتكەندەك ئىككىمىز بىر سايرىشۋالايلى!

( دىگەندىن كىيىن ھاياجان بىلەن توۋەندىكى شېئىرغا بىر پەردە مۇقام ئوقۇيدۇ)

ناخشا مۇقام ئاھاڭىدە )

بوۋىلار ياققان چىراقنىڭ ۋارىسى بولماق كېرەك،
غەزنىمىزنىڭ ئاچقۇچىنى جايىغا قويماق كېرەك .
تۇتسا مەككەم ئالتۇن ئاچقۇچنى كىلەر ئەۋلادىمىز،
پىشقەدەملەر كوڭلىنى توق ھەم خوشال تۇتماق كېرەك.
دەرت ـ ئەلەمنى بىللە تارتتۇق ئەي ساتارىم سەن بىلەن،
ئەندى كورگەن بۇ باھارغا مەدھىيە قوشماق كېرەك.
خىسلىتى ھورمەتكە لايىق بىر قەدىردانىم كىلۇر،
بۇلبۇلۇم بىل، ئىپتىخارىنىڭ شاخىغا قونماق كېرەك!

روزاخۇن ( سىرتتىن ئالتۇن ھەل بىلەن نەقىشلەنگەن « ئون ئىككى مۇقام » دەپ ھوسنىخەت يېزىلغان كىتاپنى قىزىل دۇخاۋىغا ئوراپ، چوڭ بىر پەتنۇستا كوتۇرۇپ كىرىپ ): خوشخەۋەر قاسىمكا!

قاسىماخۇن ( ساتارنى سۇپىدا قويۇپ، ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن روزاخۇننىڭ ئالدىغا بېرىپ، پەتنۇس ئۇستىنى ئاستا ئېچىپ، كىتاپنى قولىغا ئېلىپ : ) ئون ئىككى مۇقام! ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئون ئىككى مۇقامى، بىزنىڭ مۇزىكا بايلىقىمىز، سەنئەت خەزىنىمىزدىكى قىممەتلىك گوھەر ( كىتاپنى سۆيۇپ ، پىشانىسىغا سۇرتىدۇ ).

روزاخۇن بۇ گوھەرنى تۇردى ئاخۇن ئاكام ئالغاچ كەپتۇ.

قاسىماخۇن روزاخۇن، مىھماننىڭ ئوزى قېنى؟

روزاخۇن ئىشىك ئالدىدا…

قاسىماخۇن ھە؟ ساقلاپ قالدىمۇ؟ مەن ئالدىغا چىقاي(كىتاپنى يەنە پەتنۇسقا قويۇپ، ئىككەيلەن ئىشىك ئالدىغا چىقىپ، مېھماننى ئىززەت ـ ھورمەت بىلەن ئويگە باشلاپ كىرىشىدۇ).



تۇردى ئاخۇن ئەسسالامۇئەلەيكۇم.

قاسىماخۇن ۋە ئەلەيكۇم ئەسسالام! قەدەم تەشرىپلىرىڭگە مۇبارەك بولسۇن!

تۇردى ئاخۇن ئوزلىرىدىن بولسۇن!

ھوشۇر ئاخۇن ئوزلىرىدىن بولسۇن!

قاسىماخۇن قېنى، يۇقۇرى چىقايلى، تىنچ ئامان كىلىشتىلەر؟

تۇردى ئاخۇن خۇداغا شۇكۇر…
(روزاخۇن ئويىدىن چاي ئېلىپ چىقىدۇ)

قاسىماخۇن (زىيادە ھاياجانلىنىپ سەھ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



نە ئالـدىغا كېلىدۇ ـ دە، مېھمانغا بېغىشلانغان تۇۋەنـدىكى تۇنۇشتۇرۇشنى دېكـ
لىماتسىيە قىلىدۇ ):

بارمۇ دۇنيادا مۇرات ـ ئەرمانىغا يەتكەن كىشى،
تاش چېپىپ ئۇستەك ئېلىپ بوستانىغا يەتكەن كىشى؟
يوق ئېكەن ئىشق ئەھلىنىڭ داستانىنى ۋاراقلىسام،
تارتىسىمۇ مىڭ بىر جاپا جانانىغا يەتكەن كىشى.

( تۇردى ئاخۇننى كورسۇتۇپ ):

بىزدە بار مەقسەتلىرى گۇللەپ ئېچىلغان قەھرىمان،
بەختىيار بولدى بۇ ھور دەۋرانىغا يەتكەن كىشى.
كىمكى سويسە كەسپىنى ئاخىر مۇرادى ھەل بولۇر،
قەدرىنى بىلمەك كېرەك دورانىغا يەتكەن كىشى.
بىر پىيالە چاي بىلەن قىلدى تەشەككۇرنى بايان،
بۇ سائادەت پەيتىدە مېھمانىغا يەتكەن كىشى

( چاي تەقدىم قىلىنىدۇ. تۇردى ئاخۇن ئورنىدىن تۇرۇپ تازىم بىلەن پىيالىـ
نى قولىغا ئالىدۇ ).

تۇردى ئاخۇن رەخمەت
قاسىماخۇن مەرھەمەت ( ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىدۇ . ئويگە قاراپ ):
قېنى سىلە، بۇيان چىققىلار!

تۇتى (خۇشخۇيلۇق بىلەن چىقىپ، تۇردى ئاخۇنلارغا تازىم بىجا كەلتۈرۈپ): ئەسـ
سالام، تۇردى ئاخۇن ئاكا!

تۇردى ئاخۇن ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، تۇتى خېنىم، سالامەت تۇرلىمۇ؟

تۇتى شۇنچىلىك، ئايىغىمىزدىن شامال ئوتۇپ تـۇردى (ئېرىگە قاراپ): ھوي، تۇر-
دى ئاخۇن ئاكامنى كېلىدۇ ـ دەپ، بۇرۇنراق ئېچىپ دېمەمدىغان ماڭا؟

قاسىماخۇن قەھرىمانىنى كەلگەندە كورگىنىڭ ياخشى. قارا، تۇردى ئاخۇن بۇ قېتىم ئۇ ـ
رۇمچىدە ئون ئىككى مۇقامنى مانا بۇ ئوغلى ھوشۇر ئاخۇن بىلەن لېنتىغا ئال ـ
دۇرۇپ كەپتۇ (كىتاپنى قولىغا ئېلىپ ئايلىغا كورسۇتۇپ): مانا بۇ كىتاپ
تۇردى ئاخۇننىڭ ئوچمەس توھپىسىنىڭ تارىخى گۇۋاچىسى.

تۇتى ناھايىتى ياخشى قىپتۇ. ئوچمەس ئەجرى قالدۇرۇپلا مانا. مۇبارەك بولسۇن!

ھەممە مۇبارەك بولسۇن!

تۇردى ئاخۇن ئوزلىرىدىن بولسۇن!

روزاخۇن تۇردى ئاخۇن ئاكام ئون ئىككى مۇقامنى تولۇق بىلىدىغان، پاكىز ساقلاپ
كەلگەن غەزىنىچى. غەزنىسىنىڭ ئاچقۇچىنى خەلققە تاپشۇرۇپ مەقسەت ـ مۇرادىغا
يەتتى.

تۇردى ئاخۇن رەخمەت ـ ئازات زامانىمىزغا، ھەر قايسىلىرىدەك قەدىردان زاماندىشلىرىمىز-
غا رەخمەت!

مەمتاخۇن (پەتنۇسقا ئېلىنغان تەخسىدە كاۋاپ كوتۇرۇپ كىرىپ): مانى ••• پىشقەدەم ئۇستازىمىز تۇردى ئاخۇن ئاكامغۇ بۇ؟

تۇردى ئاخۇن بەللى، رەخمەت مەمتاخۇن! مانا ئۇزلىرىمۇ چوپ - چوڭ يىگىت بولۇپ قاپلا. قاسىماخۇندىن ياخشى ئۇگىنەيلى.

مەمتاخۇن ئوبدان، ئومرۇم بويى ئۇن ئىككى مۇقامنى ئۇگىنىپ، ھەر بىرلىرىنىڭ چىرىغى - نى ياقىمەن.

تۇتى ھازىر مەمتاخۇن 6 مۇقامنى تولۇق ئۇگىنىپ بولدى.

تۇردى ئاخۇن ياخشى. بىز پىشقەدەملەرنىڭ ياشلاردىن ئۇمىدىمىز چوڭ. ياخشى ئۇگىنىڭلار، ياخشى ئىجاتكارلاردىن بولۇڭلار.

روزاخۇن ئۇزلىرى بىزگە تەۋەرۇڭقالدۇرغان12مۇقام255نەغمىسىنى ئۇز ئىچىگە ئالىدىكەن، ھە؟

تۇردى ئاخۇن شۇنداق، بۇنى پەقىردىن قاسىماخۇن ياخشىراق بىلىدۇ.

قاسىماخۇن يوقسۇن، ئۇزلىرى بىر چىنار، كەمىنىلىرى بىر يوپۇرماق، ئۇزلىرى بىر بۇ - لاق، كەمىنىلىرى بىر تامچە.

تۇردى ئاخۇن ئۇنداق بولامدىغان، جاناپلىرى بىر دەريا دىسىلە، بىر دەريا.

تۇتى (تۇردى ئاخۇنغا): تۇردى ئاخۇن ئاكا، تامغىمىسۇ تەييار. بىر پىيالە چاي ئىچكەچ بىر پەدە ساز قىلىپ بەرسىلە قانداق؟

تۇردى ئاخۇن خوش خېنىم، ئاۋال قاسىماخۇندىن كەلسۇن!

قاسىماخۇن يوقسۇن، بۇلبۇل سايرىغان شاختا تومۇچۇق سايرىيالمايدۇ. خوش ئەمسە، پەيزلىرىگە بەرىكە تىلەيمىز.

تۇردى ئاخۇن (ساتارنى ئالىدۇ. قالغانلار چاڭ، داپنى ئالىدۇ. تۇردى ئاخۇن توۋەندىكى شېئىرنى ئاھاڭىدا ئېيتىدۇ:)



ھايىتىم ئوتتى سەرسانلىق،
سەرگەردانلىقتا، غۇربەتتە.
چېلىپ كەلدىم ساتارىمنى
رىيازەتتە، مۇھەببەتتە.
مۇقامىم ياڭرىدى قەشقەر،
خوتەن، يەكەن دىيارىدا،
تېرىقچە كورمىدىم راھەت،
ئاقاردى چاچمۇ كۇلپەتتە.

ياشانغاندا ئېرىشتىم مەن سائادەتنىڭ باھارىغا،
گۇلۇستان بۇلبۇلى كۇلدى سەھەردە ياخشى پۇرسەتتە.
خۇشالمەن خەلق بىلەن بىللە، ۋەتەنگە بارلىغىم تەقدىم،
بېسىڭلار ئىز باسار ياشلار يەنە ئالغا داۋامەتتە.

(مۇقام ئاياغلىشىش بىلەن ئۇسۇل مۇزىكىسى چېلىنىپ، ئۇسۇل - ناخشا قاينايدۇ. "رەخمەت - رەخمەت" دىگەن ئاۋازلار ياڭرايدۇ). (پەردە چۈشىدۇ)

(تۈگىدى) (قىستۇرما رەسىمنى ئابلىمىت كامىل سىزغان)

www.uyghurkitap.com

# مۇقام ئوغلى ھەققىدە داستان

سەمەت دۇگايلى

دەريا كەبى ئويغاق بۇ ھايات،
ئەبەدى ياش، قېرىماس مەڭگۇ.
ئىنسان ئاڭا ھېرىسمەن يولداش،
قايىنار دىلدىن توختىماس سۆيگۇ.
ھايات غالىپ، كۈچلۈك نەۋقىران،
ئۇھېمىشە مىسلىسىز كوركەم.
چىن مەناسى بىلەن گۈزەللىك،
بولغاچ ئاڭا مەھكەم مۇجەسسەم.
تاڭدا چوغدەك تاۋلىنار شەپەق،
ئالتۇن لىباس يېپىنار جاھان.
باش كوتەرگەندەك بولار زېمىن،
كۈلكە بىلەن يېپىلار ئاسمان.
قۇياش چىقار خوشال ئېچىپ يۈز،
نۇرى بىلەن يۇيۇنار ئالەم.
چۇرۇقلۇشار شاتلىنىپ قۇشلار،
قارشى ئالار ئۇنى ھەر ئادەم.
ھەتتا جانسىز تاغۇ - تاشلارنىڭ،
چوقققىسىنى بېزەيدۇ تاۋلاپ.
سۇ يۈزىدە ياشايدۇ ئۇزاق،
مەرۋايىتتەك چېچىلار ئايتاپ.

كەچتە ئالەم ئۇزىتار ئۇنى،
ئالتۇن نۇرلار قالىدۇ يەنە.
گويا كۇنلۇك مۇساپىسىدىن،
قىلغىنىدەك بىر پەس تەنتەنە.
تۈندە چىقار ئالدىراپ تېز ئاي،
ئەتراپىدا يۇلتۇزلار بېزەك.
ئوخشار ئاسمان پايانسىز باققا،
ئۇندا بارى ئالتۇنرەڭ چېچەك.
ئۇچار چاپقۇر شاماللار دائىم،
يوق ئۇنىڭدا بىر تىنىق تىنىم.
ئاقار سۇلار، شىۋىرلار گىيا،
ھەركەتتە بۇ ئالەم، ئەمەس جىم.
بۇ ھەممىسى بىرەر ھاياتقا،
ئەبەدىلىك كۈچ ۋە چىن مەنا.
ئاشار شۇڭا ئۇنىڭ قىممىتى،

زوق ئويغاتقۇچ تەسىرى يانا.
لېكىن ئۇنىڭ ھەقىقى قەدرى،
ئىنسان بەرگەن گۈزەللىكىدە.
كوركەم، ياشلىق نەۋقىرانلىقى،
مېھنەت، ئوملۇك ئەۋزەللىكىدە.
ئۇنىڭ ئالى مەزمۇنى ئادەم،
ئىنسان بىلەر ئۇنى ئەتىۋا.
ئۇ تۇيغۇلار بىلەن ھەمنەپەس،
ئۇ ھىسلاردا تۇرار بىباھا.
ھەر كىشىنىڭ ھايات دۇنياسى،
بولار ئۇنىڭ ئومرىگە بېزەك.
ئومۇر ئاققان يۇلتۇزكى بىلسەڭ،
ياكى سەھەر پەيتىدىكى تۇتەك.
ھايات بابى ئېچرە بار ئومۇر،
يىتەر مىڭ يىل قالدۇرغان ئىزى.

بۇ ئىزلارنى يۇيالماس ھەتتا،
ئەسىرلەرنىڭ بوران دېڭىزى.
بۇ ئىز يىللار كوكسىگە باسار،
شەۋكىتىدىن يوقالماس تامغا.
يىللار كىتەر، ئەسىرلەر تۈگەر،
لېكىن ئىزلار ئوچمەس ھېچ چاغدا.
ئۇ ئوخشايدۇ ئوچمەس قۇياشقا،
كوز قامىشار پارلاقلىغىدىن.
دىللار يوروپ، يۇرىدۇ قانلار،
ئۇنىڭ تەپتى - ھارارىتىدىن.
مېنىڭ يۇرەك ئەلبۇمىم ئىچرە،
بار بىر مۇنچە ئەشۇنداق قۇياش.
ئۇلار مېنىڭ جىسمىمگە تۇتاش،
ئۇلار مېنىڭ ئىشىمدا يولداش.
ئۇلار مېنىڭ بۇيۇك ئېلىمنىڭ،
ئاسمىنىدا ئوچمەيدىغان نۇر.
ئۇلار مېنىڭ بۇيۇك خەلقىمگە،
سوۋغا قىلغان بىھېساپ غورۇر.
ئۇلار مېنىڭ ئەجدادلىرىمنى،
خانتەڭرىدەك يۇكسەك قىلغۇچى.
ئۇلار ئەقىل نۇرى كۇچىدا،
جاھالەتكە قەۋرە قازغۇچى.
ئۇلار ئىشى بىباھا ماياك،
ئەۋلادىغا كورسەتەر نىشان.
ئۇلار نۇردەك ساپ روھى بىلەن،
تومۇرلاردا ئاقار بولۇپ قان.
ئۇلار قەلبى رۇشەن، ئوچۇق، ساپ،
ئالەم شۇڭا ھېمىشە يورۇق.
خەلقى سۇيەر ئۇلارنى قىزغىن،
ئۇلار شۇڭا جاھاندەك ئۇلۇغ.
ئۇلۇغلارنى ئۇلۇقلايدىغان،
ئۇلۇغ تارىخ ياشايدۇ مەڭگۇ.
ئۇ ئىنسانىنى ئۇتىدۇ سەگەك،
ھايات ئۇچۇن ئۇرغۇتۇپ سويگۇ.
ئۇنى يازار خەلق يۇرىگى،
ئۇنىڭ بېتى تومۇر ئۇرۇشتا.
ئۇنىڭ رېڭى ئېلىمنىڭ قاندىن،
ئوقۇلىشى يۇرەك سوقۇشتا.
مەن ۋەتەنىنىڭ سادىق ئوغلىمەن،
خانتەڭرىنىڭ باغرىدا ئوسكەن.
ئاقار يۇلتۇز دىسەم ئوزەمنى،
شۇ زىمىنغا كەتمەسكە كوچكەن.
چۇنكى ئېلىم مېنىڭ دىلىمغا،
قۇياشلارنى ئېۋەتتى كوپلەپ.
مەن ئۇلاردىن سېزىمەن قۇۋەت،
ۋۇجۇدۇمدا ھەسسە - ھەسسەلەپ.
شۇ قۇياشلار ياراتتى مۇقام،
ئۇ جاھانىنىڭ ئەڭ ئالى پەخرى.
ئۇنى خەلقىم چالدى ئەسىرلەپ،
دېڭىزلاردەك توكۇلدى ئەجرى.
بۇ مۇقاملار كەلدى مىڭ يىلنى
داستان، مەشرەپ كۇيىگە قېتىپ.
ھەر جۇلاسى، سەلتەنە ئۇچۇن،
ئەسىرلەنى مەزمۇنەن چېتىپ.
ئۇ كوكۇللەر دۇنياسىغا شاھ،
ئەل دىلىدەك جۇشقۇنلۇق دەريا.
ئۇ توختىماي جاراڭلار ئەبەت،
ئۇ يارىتار غايەۋى دۇنيا.
ئۇ مىسالى بىر ھەسەن - ھۇسەن،
ھەر ئاھاڭى مىسلى سۇزۇك رەڭ.
ئۇ ئالەمنى بېزەيدۇ كوركەم،
قەلپ دۇنياسى كۇلەر يوروپ تەڭ.
ئۇ بىر دۇنيا، ئۇ بىر خەزىنە،
ئۇنى توپلاپ يىغدى كوپ سۇلتان.
ئۇلارنى جەم قىلدى شۇ تاپتا،
بىزنىڭ ئېزىز بۇ يېڭى دەۋران.
مەن قۇرلىرىم كارۋانلىرىنى
باشلاپ كەلدىم بۇ يەرگە شۇ تاپ.
كوكوش ئالماس قىر چوققىلىرىدا
چاقنىغاندەك بولدى زەر ئاپتاپ.

كوز قامىشار بۇ ئۇلۇغ نۇردىن،
بار ئىچىدە بۇ يۈك ئامانىنا.
ئەشۇ ئايال ئەقلى، ئەجرىدىن،
بولغان مۇقام قايتىدىن بەرنا.
ئۇ ياشىغان ئوتتۇز نەچچە يىل،
ئىشى قىلار ئەقىللەرنى لال.
قايسى كۈچ ئۇ، كەلگەن قاياقتىن؟
ئۇ مۇقامنى تاپقۇزدى كامال.
مەن ئۇنىڭ ساپ روھى، بارلىقىن،
"مۇستىبۇن" دىن كورۇپ تۇنجى رەت؛
ھاجاندىن تىترىگەن ئۇزاق،
ۋە قەلبىمدە سەزدىم زور قۇۋەت.
مەن قەلەمگە سىڭدۇرۇپ ئۇنى،
سەھنىلەرگە باشلىدىم دەسلەپ.
مەن شۇچاغدا خەلقىم مېھرىنى،
كوزلىرىدە كوردۇم توپلەپ.
ئۇمۇ ئاددى بىر ئىنسان ئىدى،
لېكىن قەلبى يورۇق بىر قوياش.
مەن بايقىدىم ئەجرىدىن شۇنى،
قىلدىم ئۇنى خەلقىمگە يولداش.
ھەسسىياتىم شۇنىڭدىن بىۋيان،
سەزەر دائىم ئاجايىپ ھوزۇر.
يازدى كوپلەپ شائىرلار ئۇنى،
قۇر توكۇلدى، تاشقىنلاپ غورۇر.
مەن كورسەتتىم قانخور جاھالەت ـ
دۇشمەن ئىدى ئۇنىڭغا دائىم.
ئۇنىڭ يورۇق قەلبى نۇرىدىن،
شەپەرەڭدەك سېزەتتى ۋايىم.
مېنىڭ تۇيغۇم كوردۇ ئېنىق،
ھەسەت چېكى كەتتى كومەلمەي.
ئۇنىڭ ئەجرى پارلاپ تېخىمۇ،
ياشىغانتى، ياشايدۇ ئۆچمەي.
مېنىڭ يۈرەك ئەلبۇمىم ئىچرە،
قۇياش ئادەم بىر ئەمەس يالغۇز.
ھەسەن ـ ھۈسەن شولىسى چېچىپ،
تۇرار باشتا مۇھتەرەم ئوغۇز.
بار پەخىرلىك ئورۇندا ـ تورده،
ئافراسىياپ، باتۇر تەكرىقۇت.
بار دانىشمەن خاس ھاجىپ يۈسۈپ،
ۋە خەلقىمنىڭ شەۋكىتى مەخمۇت.
تۇرار ئەشۇ سەپتە ھەممىسى،
ئوز جايىدا، مۇناسىپ يەردە.
بار ئەقىلدار ناۋايى، لۇتپى...
بار سەككاكى•••••• غەزەلدە، كۈيدە.
مەن قۇرلىرىم دۇر دانىسىنى،
تامام يىيىپ چاچماقچى ئەمەس.
راستىن دىسەم پىكرىم بىر دەريا،
ئۇلۇغلارغا دولقۇنلار پەۋەس.
مېنىڭ يۈرەك ئەلبۇمىم ئىچرە.
بار يەنە بىر ھورمەتلىك كىشى.
ئوزى ئاددى، قەلبى چوغ ئاتەش،
ئۇلۇغ شۇنچە قالدۇرغان ئىشى.
ئۇ پارلايدۇ كۈندۈزى كۈندەك،
ئاينى خىرە قىلار كېچىدە.
ئۇنىڭ ئىسمى تۇرداخۇن ئاكا،
ئۇ ياشايدۇ مۇقام ئىچىدە.
ئۇ ماڭا ئوز، زاماندىش ئادەم،
مەن بىلىمەن ئۇنى ئوزۇمدەك.
مەن ئاڭلىغان ئۇنىڭ سوزىنى،
گويا ئوزۇم ئەيتقان سوزۇمدەك.
ماڭا تونۇش ئۇنىڭ دىدارى،
تونۇش ئۇنىڭ بەستى ـ مادارى.
تونۇش ئۇنىڭ نۇرلۇق چېھرىسى،
تونۇش ئۇنىڭ داڭلىق سىتارى.
ئۇ ناتونۇش مىڭلاپ يىللارنى،
بۇ دەۋرىمگە تونۇشتۇرغۇچى.
ئۇ قەلبىدىن سويگەن مۇقامنى،
يوقاتماستىن تونۇشتۇرغۇچى.
ئۇنىڭ كۈيى ئۇنىڭ جىسمىدىن،
ساپ قەلبىنى ئايرىيدىغان كۈچ.

ئۇنىڭ قەلبى ۋەتەن، خەلقىگە،
سەزگەنلىكتىن بىھساپ چوڭ بۇرچ.
مەن قوشۇمەن ئۇنى داستانغا،
قەلبىمدە لىق ئۇنى ئۇلۇغلاش.
ئۆزى كەتتى ئالەمدىن ئەبەت،
لېكىن مېھرى دىلىمگە تۇتاش.
ئۇ مۇقامنى كوردى ئاتىدەك،
ئۆتتى ئومرى ئۇنى ئۇلۇغلاپ.
ئۇ مۇقامغا چىن ئوغۇل ئىدى،
قالار مۇقام بىلەن تەڭ ياشاپ.
بۇ داستاننى بېغىشلاپ ئاڭا،
ھورمىتىمنى قىلىمەن ئىزھار.
گويا ئۇمۇ كېلىپ يېنىمغا،
كورسەتكەندەك بولىدۇ دىدار.
داستانىمنىڭ مەزمۇنلىرىدىن،
كورۇنسە بەس، ئۇنىڭ ئىزلىرى.
ھورمەتلىسە دەيمەن تېخىمۇ—
ئۇنى ئۇنىڭ ئوغۇل-قىزلىرى.
شۇ تاپ ئۇنىڭ كۇيىنى توۋلاپ،
سەھنىلەردە ئۇزمەكتە ياشلار.
بىلەر خەلقىم ئوز مۇقامىنى،
بىلەر ھەتتا سۇ، گىيا، تاشلار.
ھەممە ئىشنىڭ بولار سەۋەبى،
مەنالارغا ئىگە ئاچقۇچى.
مېنى داستان يېزىشقا ئۇندەپ،
كەلدى بۇگۇن ئىلھام چاچقۇچى.
ئوچۇق، سالقىن تاڭ سەھەردىلا.
مەن رادىيودىن ئىشىتتىم ناخشا.
بىر ئاڭلاپلا تونۇدۇم ئۇنى،
ئۇ ئالدىمغا كەلدى شۇ تاپتا.
ساتار سازى ئىشىدىگەن تونۇش،
ھەر ئاھاڭى بىر ئابى ھايات.
يۇرەكلەرگە بېرەر يېڭى قان،
ۋە دىللارغا يايىدۇ قانات.
ئاڭلاپ شۇ دەم مۇقام كۇيىنى،
تەسىرلىنىپ ئالدىم چوڭ نەپەس.
يىگىۋاشتىن سەزدىم مۇقامدا،
بارلىقىنى زور كۇچىنىڭ پەۋەس.
شۇ سەۋەپتىن گويا مۇقامدىن،
كوز ئالدىمغا نۇرلار توكۇلدى.
ھاياجاندا ئالدىم قەلەمنى،
بەت يۇزىگە دۇرلار توكۇلدى.

1

ھوزۇرلۇنۇپ ئەسكە ئالسام مەن،
بىرگە ئوتكەن ئىدۇق كوپ كۇنلەر.
تا ھېلىمۇ قۇلاق تۇۋىمدىن،
كەتمەس پەقەت يېقىملىق ئۇنلەر.
سېنىڭ بىلەن تۇردا خۇن ئاكا،
شات ئوتەتتى ھېمىشە چاغلار.
كۇي چۇشكەندەك بولاتتى كوكتىن،
ئاڭلىغاندا توت تەرەپ-ياقلار.
سەن ناخشىنىڭ ماھىرى ئاكا،
بولغان سازنىڭ ئارامى دىلىنىڭ.
قېرىپ قالغان بولساڭمۇ لېكىن،
كۇچى چوڭتى ناخشىلىرىڭنىڭ.
سېنىڭ ناخشا-سازىڭ ئوزۇڭدەك،
دەۋرىمىزدىن تاپقان يېڭى جان.
شۇڭا ناخشا-سازىڭ ھېلىمۇ،
كوكلەر ئارا قىلماقتا جەۋلان.
سېنىڭ ناخشا-سازىڭ شۇ تاپتا،
شۇنچە يارقىن، خۇددى نۇرلۇق تاڭ.
كۇيلىرىڭدىن بىلىنەر روشەن،
زامانەمگە مېھرىڭ زور ئوكيان.
سېنىڭ ناخشا-سازىڭ شۇ تاپتا،
جاھالەتكە ياغدۇرار ۋولقان.
(ئۇنۇتمايتتىڭ بولمىغاندا تاڭ،
يەپ كەتمەكچى ئىدى ئۇ زامان).
ئۇ زۇلمەتلىك كونا جاھالەت،
ئەل بويىنىغا سالماقچى زەنجىر.
كوممەكچىدى ئۇلار مۇقامنى،

يوقاتماقچى بولۇپ بىرمۇ-بىر.
يېڭى دەۋران قۇتقازدى سېنى،
ھەم قۇتقازدى مۇقامنى تولۇق.
قۇتقازدى ئۇ مەرىپەتسىنمۇ،
باشلاندى تاڭ شۇنچە جۇشقۇنلۇق.
سەن مۇقامنى توۋلىدۇڭ شۇندىن،
گويا ئېقىن كەلدى زور باشتىن.
كويۇڭدىكى مۇكەممەل دولقۇن،
يەتمىلگەن شۇ ئۇزاق ئوتمۇشتىن.
مەن بىلىمەن ناخشا - سازىڭدەك،
كەچمىشلىرىڭ ماڭا بەك يېقىن.
ئاڭلاۋىتىپ سازىڭنى شۇتاپ،
ئاقار ساڭا دىلىمدىن ئېقىن.
سەن ياتىسەن شۇدەم قەۋرەڭدە،
ئوزۇڭ ئوسكەن تۇپراق قوينىدا.
لېكىن توھپەڭ، ئەجرىڭ ئۇنچىسى.
يالتىرايدۇ يىللار بويىندا.
مانا شۇتاپ چىقار لابادىن،
ئوزۇڭگىلا مەنسۇپ ئاۋازىڭ.
ئويغاتماقتا يەرۇ - زېمىننى،
تەڭكەش بولۇپ ساتارىڭ - سازىڭ.
شۇڭا ھېچكىم دېمەيدۇ سېنى،
مەۋجۇت ئەمەس جىسمى دۇنيادا.
سەن ھاياتسەن، مۇقامىڭ ھايات،
سېنىڭ جايىڭ تۇمەن دىللاردا.
ئاڭلاۋىتىپ ناخشا - سازىڭنى،
تەپەككۇرۇم ساماغا ئۇچتى.
كوز ئالدىمغا كەلدى ئوتمۇشۇڭ،
كورۇنۇشلەر بىر - بىرلەپ كوچتى:
كىچىك ئىدىڭ، ئون ياش مەزگىلىڭ،
ئوت ياناتتى ئوماق كوزۇڭدە.
يۇتۇن يېزا سۇيەتتى سېنى،
كۇي سېزەتتى قىلغان سوزۇڭدە.
داداڭ ئىدى كەمبىغەل - يوقسۇل،
مېھنەت بىلەن قەددى پۇكۇلگەن.

لېكىن ساتار چالسا، پەدىگە-
تۇمەن - تۇمەن ئاھاڭ كومۇلگەن.
ئۇ ۋاقىتلار زۇلمەت تۇن ئىدى،
قوياش يۇزى دائىما تۇمان.
كوكتە ئۇچۇپ يۇرگىنى بۇلۇت —
ئەمەس. بەلكى ئىدى زار - پىغان.
تەقدىر گويا قىلغاندەك ئەتەي،
يوقسۇللارغا يولمۇ تار ئىدى.
ئۇلار سۇيسە ھاياتنى ئەگەر،
قىسمەتلىرى سىرتماق - دار ئىدى.
سېنىڭ داداڭ ياشايتتى ىداله،
تەقدىر دېشى يوقسۇللار بىلەن.
چەكسىز كۇلپەت - ئەلەمنى كورگەچ،
قۇربىمايتتى كوزلىرىدە نەم.
ئۇ ساتارنى ئالسا، يوقسۇلغا
ئاقار ئىدى دەريا مۇھەببەت.
زالىملارنىڭ زۇلۇملىرىغا،
ياغار ئىدى سەل بولۇپ نەپرەت.
ئۇ ساتارنى ئالسا قولىغا،
سوزلەر ئىدى مەزلۇم ھالىنى.
پەدىلەرگە سىڭدۇرەر ئىدى،
دەرت-ئەلەملىك ئاھۇ - زارىنى.
ئۇ ساتارنى ئالسا قولىغا،
مۇڭ توكەتتى يۇلتۇزلار كوزى.
شىددەت بىلەن تولغانسا دەريا،
ياش قۇياتتى بۇلۇتلار يۇزى.
ئۇ ساتارنى ئالسا قولىغا،
تەڭ يىغلايتتى شامال ھوكىرەپ.
غەزەپلەرگە قوشۇلۇپ يەنە،
كېتەر ئىدى بىردىن گۇكىرەپ.
ئېغىر ئىشتىن يانغان ھەر ئاخشام،
ئۇ ساتارنى ئالاتتى قولغا.
چالاتتىدە چۇشۇپ ئاق بېشى،
چوكەتتى بىر تېگى يوق ئويغا.
...ز تۇنىنىڭ ھەر بىر كېچىسى،

ساتار چالسا داداڭ ئوگزىدە.
دېڭىزىگە چۆمۆپ خىيالىنىڭ،
قارار ئىدىڭ مۆڭلۈق كوزىگە.
شۇنداق بىر كۈن قالدىڭسەن سوراپ:
" دادا، دائىم مۆڭلۈق، غەمكىنسەن.
ئۈيقۇڭمۇ ھېچ كەلمەيدۇ زادى،
سەۋەبىنى سوزلەپ بەرگىنسەن."
كوزلىرىدە چاقنىدى ئاپتاپ،
ساڭا ئۇزاق تىكىلدى كۈلۈپ.
لېكىن يەنە كىرپىكلىرىدە،
قالدى سۈزۈك شەبنەم كورۈنۈپ.
ۋە شۇدەمدە ئالدى ئېغىر تىن،
يېرىلغاندەك بولدى كوكرىگى.
دىدى: " بالام، كىچىكسەن تېخى،
تەتۈر ئىكەن پەلەكنىڭ چەرخى.
ئىرىكتاپلار سۈرگەندە ئىشرەت،
ئەمگەكچىلەر تارتىمىز زۇلۇم.
مانا مەنمۇ ياپ ـ ياش تۇروپلا،
خازان بولدۇم، موكچەيدى غۇلۇم.
تارچىلىقتىن مەزلۇم، يوقسۇللار،
مېڭىشقىمۇ تاپالمايمىز يول.
قىش ـ ياز تىنماي ئىشلىسەك يەنە،
ئوتەر سىقىم دان كورمەي بۇ قول.
باي ـ بەگلەرنىڭ زۇلمىدىن بىزگە،
چىقارساقمۇ گۇنا ئۈن ـ تىۋىش.
"مۆڭلۈق"، "غەمكىن" بولۇشۇم بىلسەڭ،
بېشىمدا بار ئالەمچە تەشۋىش.
شۇڭا ھەر كەچ چالمەن ساتار،
دەرتلىرىمنى پەسەيتىمدۇ ئۇ.
بايلار ئۈچۈن، زالىملار ئۈچۈن،
نەپرىتىمنى كوپەيتىمدۇ ئۇ.
سەنمۇ ساتار چېلىشنى ئۈگەن،
ساڭا يولداش بولار بۇ، بالام.
"بۇنىڭ كۈيى يۈرەككە داۋا"،
دەيدىغانتى ماڭىمۇ ئاتام.

ساتار ئۈگەن، مۇقاملار ئۈگەن،
خەلقىمىزنىڭ كۈيچىسى بولغىن.
ئۇلار ئۈچۈن چالغىن كۈنۈ ـ تۈن،
ئۇلار ئۈچۈن غەيرەتكە تولغىن.
پەدىلەرگە قوشساق غەزەپنى،
ئاھاڭلىرىڭ بولىدۇ خەنجەر.
زالىمغا ئات، يېرىلسۇن كوكسى،
چالغىن، زۇلمەت پۈتكەنگە قەدەر.
بىز ئەجدادىڭ كۈتكەنتۈق ئۇزاق،
بىزگە نېسىپ بولمىدى يورۇق.
سەن بولساڭمۇ يەتسەڭ شۇچاققا،
ئارمانىمىز قالمايتتى قۇرۇق.
ئالتە ئەۋلات چالغان بۇ ساتار،
سەن ۋارىس بول يەتتىنچىسىگە.
ۋارىس بولغىن ئەجداتلىرىڭنىڭ،
مۇھەببىتى ۋە نەپرىتىگە.
بىلگىن بالام، مۇقام ئېلىڭنىڭ،
مىڭ گوھەردىن ئېسىل بايلىغى.
ئۇ خەلقىڭنىڭ پۈتۈن ئالەمگە،
ماختانغىدەك پەخرى، شاتلىغى.
تېكىستلىرى مەنا بۇلىغى،
يازغان ئۇنى ئۇلۇغ ناۋايى.
يازغان يەنە ھۆۋەيدا، مەشرەپ،
بىلال، رۇشەن، ئەمىر، ئاتايى......
بۇلار ساڭا ئالتۇننىڭ كانى،
قولغا ئالساڭ ئالەمچە بايسەن.
بولۇپ مۈلكۈڭ، بولمىسا ئۇلار،
ھامان روھىڭ بىلەن گاداسەن.
زامان بىزگە بەرمىدى يەر ـ سۇ،
نېسىپ بولماي كەلدى ئوي ـ ساراي.
ئەمما، بالام، بىز مۇقام بىلەن،
كاتتا بايدىن ئونىمىڭ ھەسسە باي.
ئۈگەن، كوڭۈل قويۇپ ئەقىل بەر،
مېنىڭ ساڭا مىراسىممۇ شۇ.
مېنىڭ ئەمەس، ئەجدات، خەلقىڭنىڭ،

www.uyghurkitap.com


ساڭا تۇتقان سوۋغىسىمۇ شۇ ......»
شۇ سوزلەرنى ئەيتتى ئۇ داداڭ،
كوزلىرىدە ھاياجانلىق ياش.
بەردى ساڭا خاسىيەتلىك دەرس،
كورمەي ھەرگىز سېنى گۇدەك، ياش.
شۇندىن تارتىپ ھەر كۈن، ھەر ئاخشام،
ساڭا سىرداش بولدى ئۇ ساتار.
شۇندىن تارتىپ ھايات قەدرىنى،
بىلگەندەكمۇ بولدۇڭ بىر قاتار.
كوپ ئويلايتتىڭ: «بايلار دائىم توق،
بىز نىمىشكە ئاچ، يېلىڭ، گاداي......؟
بۇ ساتاردىن تەتۈر ئالەمنىڭ،
سىرلىرىنى بىر ئىزدەپ باقاي......»
ساتار بەردى ھېساپسىز جاۋاپ،
ئۇ دەرتلەرگە قوشاتتى ھەسرەت.
ئۇ سايرىسا ئەلەملىرىڭگە،
قوشۇلاتتى دىلىڭدىن نەپرەت.
سەۋەپ: سېنىڭ ئەتراپىڭدىلا،
زۇلۇم تىغى توكەر ئىدى قان.
كورگەنلىرىڭ بولسا دات - پەريات،
ئاڭلىغىنىڭ بولاتتى ئەپغان.
سېنىڭ دايىم كوزۇڭدە لىق ياش،
داداڭ بېلى يادەك ئېگىلگەن.
باي قامچىسى كۈنبويى خۇددى —
دولىسىغا يومەپ چېگىلگەن.
قەلبىڭ ئاچچىق ئەلەم بىلەن لىق،
كورگىنىڭدە ئاناڭنى مىسكىن.
كوتۈرەلمەي كېلەتتى بەلنى،
ئۇ، زالىمنىڭئوي ئىشلىرىدىن.
ھايۋان كەبى ئىشلىسىمۇ ئۇ،
يەنە تاياق ئىدى يېگىنى.
مۇدھىش زۇلۇم، قانخور جاھالەت،
يىدى ئاخىر ئاناڭ ئومرىنى.
كۈز پەسلىنىڭ تۇمانلىق كۈنى،
ئۇ تاياقتىن، يېتىپ قالدى تېز.
ئويگە يەتمەي سوۋۇدى تېنى.
كوز نۇرىدىن سىزىپ ئاجىز ئىز.
ماتەم بىلەن ئوتتۇڭ زار - زار،
داداڭ قالدى ئەندى سەن بىلەن.
قېرىغان ئۇ، مېڭىشتا ھەتتا —
قوزغۇلاتتى ئاستا پەم بىلەن.
ئېتىز ئىشى قالدى ئوزۇڭگە،
تارتتىڭ يۈكنى يالغۇز مۇرەڭدە.
ئېغىر ئىش كوپ بولسىمۇ، ساتار—
يەنە دوستۇڭ ئىدى تۈنلەردە.
سەن ئوقۇيتتىڭ ناۋايى، مەشرەپ،
ھۇۋەيدا ھەم بىلالدىن بىيىت.
كۈي ياڭرايتتى چېقىپ ئەۋجىگە،
ئۇلار ساڭا بېرەتتى ئۈمىت.

2

شۇم تەقدىرنىڭ چاڭگىلى ئاخىر،
تۇتتى داداڭ گېلىنى قىسىپ.
كەلدى ئىبلىس بەگ سىياقىدا،
كەلدى شۇملۇق توپا - چاڭ چېچىپ.
بۇ كۈن ئىدى بەگنىڭ سەت قىزى،
ئەرگە تېگىپ تويى بولغان كۈن.
پۈتۈن يېزا چوكتى جىمىلىققا،
گويا كۈندۈز بولدى زۇلمەت تۈن.
چۈنكى بەگنىڭ غالچا- سالىگى،
توي ئۈچۈن دەپ يىغدى كوپ سېلىق.
سۇلار باشقا ئاققاندەك شۇئان —
بولدى ھاۋا تېخىمۇ دىمىق.
غېرىپ كەپەڭ تولدى ھەسرەتكە،
ئاپەت كەلدى يېيىپ كەڭ قانات.
ئىشىگىڭدە چۈشتى ئېتىدىن،
كوزى قانغا تولغان ئۈچ جاللات.
بىرسى كىرىپ قېرى داداڭغا:
« تويدا نەغمە قىلىسەن»، دىدى.
رەت قىلغاندا داداڭ شۇ مەھەل،
قالغانلىرى تەللاپ زورلىدى.

ئاربلاشتىك، لېكىن غالچىلار،
ئېلىپ كەتتى داداڭنى تارتىپ.
يېتىۋالغان بولسىمۇ يولدا،
ئېلىپ كەتتى ئېتىغا ئارتىپ.
سەنمۇ بىللە باردىڭ كەينىدىن،
داداڭ ئۈچۈن قىلىپ ئەندىشە .
زالىم بەگنىڭ ھاقارىتىدىن،
ئوت ياناتتى قەلبىڭ قېتىدە.
داداڭ باردى بەگنىڭ ئويىگە،
ساڭا ئۇزاق تىكىلىپ قالدى.
سەن كورگەندە ئۇنىڭ كوزىدە،
ئۈچقۇن چېچىپ ھەيۋەت ئوت ياندى.
ئۇ ساتارنى سازلىدى ئاستا،
خىيالىدا نازۇك تەپەككۇر.
نىمىنىدۇر ئويلايتتى شۇ چاغ،
چېھرىسىدە غەزەپ چېچىپ نۇر.
ئۇ ئاخىرىئالدى ئېغىر تىن،
تەمكىن بولۇپ باشلىدى غەزەل .
غەزەل ئىدى شۇنداق بىر غەزەل،
زالىم ئۈچۈن گويا بىر ئەجەل.
قوشاتتى ئۇ قوشاقلىرىغا،
بەگ نىجىسىنىڭ زالىملىغىنى.
قوشاتتى ئۇ زۇلمەت تۈنىنىڭ
ۋاختى ئۇزۇن قالمىغىنىنى.
دەيتتى داداڭ: ”يېتىملار ياشى،
ئالار بىر كۈن تېگىشلىك قىساس.
توكۈلگەن ياش، ئاققان قىزىل قان،
شۇ قىساسقا بولار زور ئاساس.
كەمبەغەللەر چېكىۋەرمەس دەرت،
ئۇلارغىمۇ ئاتار ئاخىر تاڭ.
غەزەپلەردىن شۇ چاغ بەگلەرگە،
بېسىپ كىلەر قۇدرەتلىك توپان……“
قوشاقلاردىن تىترىدى ئويلەر،
” ئاپىرىن ! “ ، دەپ سىلكىندى ئاسمان.
قوشاقلاردىن پۈتۈن ۋادىلار،
رەھمەت ئېيتىپ كوتەردى چۇقان.
قوشاقلاردىن ئۇۋىسى گويا،
چۇۋۇلغاندەك بولدى بايلارنىڭ.
قوشاقلاردىن شۇ مەھەل گويا،
ئەجەل ۋاقتى تولدى بايلارنىڭ.
غۇچۇرلۇتۇپ چىشىنى ئۇلار،
ياپماق بولدى لېۋىن داداڭنىڭ.
لاغىلدىشىپ سەكرەيتتى ئۇلار،
تىترىشىدەك كۆزگى غازاڭنىڭ.
لېكىن داداڭ زۇلۇم ئۈستىگە،
ئوق ئاتاتتى كەينى - كەينىدىن.
قوشاقلىرى بولۇپ ئامبۇردەك،
چىڭ سىقاتتى بايلار گېلىدىن.
ئىشان ، سوپى ، قازى ، بەگ-بايلار ،
كۈچ توپلۇشۇپ كوتەردى پەريات.
باغلاپ ئېلىپ ماڭدى يامۇلغا،
”ئوقۇدۇڭ،-دەپ ،-تەتۇر تەشۋىقات.“
قېرى داداڭ قىران بۇركۇتتەك،
كوكرىگىنى كېرىپ باراتتى.
ھېچ توختىماي غەزىلى بىلەن،
زالىملارنىڭ باغرىن ياراتتى.
كورۈنەتتى شۇ چاغ كوزۇڭگە،
داداڭ بەستلىك مەغرۇر تاغ سۈپەت.
كورۈنەتتى داداڭ ئالدىدا،
ھەممە بايلار يەردىكى ئەخلەت.
داداڭ كەتتى سەندىن ئايرىلىپ،
قالدى ئۇندىن بىباھا ساتار.
سەن داداڭنى ئۇزاتقان كوزدە،
قاراپ ئۇنى قىلدىڭ يادىگار.
ئۇزاق-ئۇزاق كۈنلەر ئوتۇشتى،
بىر كەتكەنچە كەلمىدى داداڭ.
ساتار بىلەن ياد ئەتتىڭ ئۇنى،
بارغانسىرى ئاۋۇدى ناخشاڭ.
سەن ئاڭلىساڭ داداڭ تاياقتىن،
ئەبەدىگە يۇمغىنىدا كوز.

www.uyghurkitap.com



ساتارىڭدىن ياغدۇرۇپ ماتەم،
قىلالمىدىڭ ئۇندىن ئارتۇق سوز.
لېكىن سېنىڭ يۈرەك قېتىڭدىن،
سوز ئەمەسكى توكۇلەتتى قان.
قېنىڭ بىلەن توقويتتىڭ قوشاق،
قىساس ئوتى چاقنايتتى شۇ ئان.
داداڭ ئەيتقان يارقىن مۇقامىڭ،
ھەر بىر سوزى ئىدى يادىڭدا.
تەكرارلايتتىڭ ئۇنى ھېمىشە،
ئاھاڭ بېرىپ ساتار-سازىڭدا.
يېزا ئەھلى ئۇ ناخشاڭ بىلەن،
كورگەندەكلا بولاتتى داداڭ.
سەن بىلەن تەڭ زۇلمەتكە لەنەت-
ئوقۇپ دەيتتى: پاتراق ئاتسا تاڭ.
داداڭ ئوقۇپ، سەن داۋام قىلغان،
ناخشاڭ تىزلا تارالدى يۇرتقا.
ھەقىقەتنىڭ چاراقلىشىدىن،
بەگ، ئىشانلار كورمەيتتى ئۇيقا.
بەگ ئوچ ئالماق بولدى ئاخىرى،
ھاشار ئۇچۇن تارتتى يېرىڭنى.
سۇ سېلىغى بەرمىدىڭ، دەپلا،
تارتتى يەنە ئويدە بارىڭنى.
زاكات ئۇچۇن قالماي ھېچنىمەڭ،
كەتتى ئاخىر ئويۇڭ جانىجان.
سېنى بەگلەر كوردى بىر ھايۋان،
سېنى زامان قىلدى سەرگەردان.
ئوسمۇرلۇگۇڭ ئوتتى ئەشۇنداق،
بىر ئاچ- بىر توق، يېلىڭ - يالاڭياق.
ئاڭلىغىنىڭ بولدى ھاقارەت،
باش ئۈستۈڭدە قامچا ۋە تاياق.
سەگەك ئوتتۇڭ ئۇزۇن تۇنلەردە،
ئېغىل بولغاچ سېنىڭ غەمخانەڭ.
ساڭا سايە بولغان دەرت - ئەلەم،
بولدى يەنە سىرداش پەرۋانەڭ.
ئېغىر كۇنلەر ئوتسىمۇ شۇنداق،
باستىڭ يەنە داداڭ ئىزىنى.
ساتار بىلەن يېقىن دوست بولۇپ،
قورۇتمۇدۇڭ قەلبىڭ تىلىنى.
كۇيلەر ساڭا بېغىشلاپ ئارام،
ئاز بولسىمۇ قوغلاندى غۇربەت.
يۈرۈگۈڭدە تاشقىنلايتتى ھېس،
بار مەزمۇنى مۇھەببەت - نەپرەت.
مۇقام سېنىڭ بولدى مەرت داداڭ،
مۇقام بولدى ئەڭ ئېزىز ئاناڭ.
مۇقامدوستۇڭ ھەم جېنىڭ ئىدى،
يۈرۈگۈڭگە بولاتتى ئۇ قان.

3

يۇرتىسىز، لېكىن ئەل-يۇرتنى كېزىپ،
ياشىدىڭ كوپ، ساتاردا قولۇڭ.
قەلبىڭ تولغان زەرداپ ھەسرەتكە،
غەزەپلىرىڭ بولدى مۇڭدۇشۇڭ.
مۇقام بىلەن ياشىدىڭ، لېكىن-
ياشاش يولى تەس بولدى ساڭا.
زامان سېنى كورۇپ سامانىدەك،
تاشلار ئىدى ئۇيان - بۇيانغا.
تولغان ئىدى دىلىڭ ئازاپقا،
ياتماس ئىدى دەردىڭ ئالەمگە.
ئىتلار ئۇچۇن كەڭ بولغان جاھان،
قەپەز بولدى ساڭا- ئادەمگە.
يازنىڭ ئىسسىق تومۇز ئاپتىۋى،
سېنى مۇزدەك توڭدۇرار ئىدى.
تىنچىق ھاۋا بولسا زىمىندا،
سېنى خەستەك ئۇچۇرار ئىدى.
سەن يۈرەتتىڭ توختىماي ھەريان،
تەقدىر سېنى قىلاتتى مازاق.
مۇقىم ئويۇڭ بولمىدى زادى،
كورپەڭ ئىدى دالادا ياتاق.
ساتار چالدىڭ كېزىپ يۇرتمۇ - يۇرت،
لېكىن قاخشال ئىدى قوللىرىڭ.
يىڭنىچۇكتەك ئاجىز ۋە ئورۇق -

مۇكچەيگەنتى كۇچسىز غولللۇرۇڭ.
هايات يۇرۇپ ئۇز قانۇنىدا،
پەرزەنت كوردۇڭ بىر ئەمەس، نەچچە.
كەمبەغەللىك تۇرمۇشۇڭ ئۇچۇن،
ئۇلار بولدى بېزەك، گۇل- غۇنچە.
لېكىن غۇنچە ئۇسەتتى مەھرۇم —
زورۇر بولغان قوياش، هاۋادىن.
ئۇلار ئىمىپ چوڭ بولدى زۇلۇم،
كېيىم - كېيىپ مۇشكۇل جاپادىن.
پەقەت سەندە مول ئىدى دائىم،
غەزەپ - نەپرەت ئەلچىسى تىلىڭ.
كۇچلۇڭ ئىدى ئارزۇغا تولغان،
كەلگۇسىگە ئاشىنا دىلىڭ.
سەن تارقىتىپ مۇقامنى ئەلگە،
دەريا كەبى ئېقىپ باراتتىڭ.
ئەلنىڭ دىلى - قەلبىگە تىنماي،
ئۇمىت، ئىشەنچ نۇرى تاراتتىڭ.
شۇڭا يوقسۇل بولسىمۇ بەستىڭ،
روھىڭ بىلەن ئەڭ باي ئاتالدىڭ.
تونۇش بولۇپ پۇتۇن زىمىنگە،
نۇرلۇق بۇلتۇز ئوخشاش سانالدىڭ.
ئوتتى شۇنداق، ئوتتى كوپ يىللار،
چاچلىرىڭغا چۇشتى ئاپپاق قار.
داداڭ كۇتكەن، يوقسۇللار كۇتكەن،
( ۋە زارىقىپ بولغان ئىنتىزار ).
بەخت ئېڭى ئاتتى ئاخىرى،
سەنمۇ بىرگە بولدۇڭ بەختىيار.
مىليونلىغان مەزلۇم خەلقتەك،
بەخت بىلەن تۇردۇڭ بىر قاتار.
سېنىڭ كوزۇڭ ئېچىلدى يوغان،
كوردۇڭ چەكسىز گۇلزارنى — باغنى.
دىلىڭ سەزدى ئاجايىپ هوزۇر،
كورگەچ ئازات، شادىمان چاغنى.
شاتلىقىڭدىن ئىككى كوزۇڭگە،
سىغماي تېشىپ ئاقتى خوشلۇق ياش.
خوشلۇغۇڭدىن كېڭىيىپ ئالەم،
يېرىلغاندەك بولدى تاغۇ - تاش.
سەن بەستىڭنى سەزدىڭ ئاسماندا،
كۇلكەڭ ئۇچۇن تار كەلدى جاهان.
يۇلتۇزلارنى بېسىپ باغرىڭغا،
باقتىڭ نۇرلۇق قۇياشقا شۇئان.
يېڭىۋاشتىن تۇتقۇزدى ساتار،
پارتىيەنىڭ ئازات زامانى.
ئەۋەلقىدىن مىڭ هەسسە ئېسىل،
بەخت بولدى ئۇنىڭ مۇقامى.
دەۋر ساڭا بولدى گۇلبوستان،
گۇلبوستاندىن ئېسىل گۇلىستان.
بۇ ئەمەسكى پەسىللەر باغى،
بۇنىڭ ۋەزنى گويا نۇر فونتان.
سەن بىلىسەن، قارا ئوتمۇشنى —
ئەسلىمەسلىك بۇلار جىنايەت.
زالىم زامان باسقان قانلىق داغ،
ساقلىنىدۇ سەندە تا ئەبەت.
تېتىكلەندىڭ بولۇپ ئۇچار قۇش،
قايتتىڭ قانات ياساپ يۇرتۇڭغا.
تۇرالمىغان شۇ ئېزىز جاينى،
قوشۇۋالدىڭ يۇرەك قېتىڭغا.
سېنى قارشى ئالدى ئۇ يېزاڭ،
چاۋاك چالدى باغلاردا گۇللەر.
قۇچاغلىدى ئېزىز شاماللار،
شوخ تەۋرىنىپ ئېرىق ۋە كوللەر.
ياشاردىڭسەن دىلىڭ نەۋقىران،
تەلپۇندىڭسەن يېڭى دەۋرگە.
تەلپۇندىڭسەن ئۇلۇق پارتىيە —
باشلاپ بەرگەن يېڭى ئەسىرگە.
بۇرۇن زۇلۇم مۇكچەيتكەن يېزاڭ،
قەددىنى تىك رۇسلىغان چاغدا؛
چىرايىدىن ئوچۇپ غۇربەت، مۇڭ،
شەپەق بولۇپ ئېچىلغان چاغدا.
كۇلكىلەردىن ئاقتى زور دەريا،

سەن تۇرمۇدۇڭ قاراپ بويىدا.
ساتارىڭنى ئېلىپ كۆي قېتىپ،
بىللە بولدۇڭ شاتلىق تويىدا.
يۇرتۇڭ تويى ئەجەپ توي بولدى،
يوقسۇل قەلبى نۇر بىلەن تولدى.
ياڭرىغاندا ناخشا ھەم سازىڭ،
يەرۇ - زېمىن، ئاسمان جور بولدى.
كومپارتىيە ئۇرغان قېلىچتىن،
كۆيۈپ كۈلگە ئايلاندى زۇلۇم.
قانخور زالىم بەگ ۋە بايلارنىڭ،
زۇلمەت تەختى بولدى كۇمپەيكۇم.
يەرلەر قايتتى خوجايىنىغا،
گور ئۇرنىغا كەلدى ئۆي - ساراي.
يوقسۇللارنىڭ بولدى ھەممىسى،
زامان ئاچتى ئاڭا خۇشچىراي.
مەزلۇملارنىڭ بولدى كۈلكىلەر،
كوككە يەتتى بېشى ئۇلارنىڭ.
دەۋران ئۈچۈن ئاقتى دەريادەك،
خوشلىغىدا يېشى ئۇلارنىڭ.
سەن ساتاردا كۈيلۈدۈڭ شۇنى،
كۈيدە مىليون قەلب بار ئىدى.
كۈيدە جۇشقۇن سويگۇ لىق ئىدى،
كۈيگە قايناق ئىشقىڭ يار ئىدى.
چۈنكى كۈيىڭ مەنبەئى ئىدى،
كومپارتىيە بەرگەن سائادەت.
تا مەڭگۈگە كۈيلىشىڭ ئۈچۈن،
شۇ سائادەت بەردى كاپالەت.
ئەجدا تىلىرىڭ ئىزدىگەن شاتلىق،
ساڭا بۇ دەم بولغاندا نېسىپ،
ئازات، ھورلۇك داستىخانىدىن،
ئالدىڭ ئۇلۇش قانغىچە تېتىپ.
دەرت - ئەلىمىڭ كەتتى پۈتۈنلەي،
بولدۇڭ تاڭنىڭ قىزغىن كۈيچىسى.
ئىچتىڭ بەخت جامىنى تويۇپ،
چاچتى پۇراق ئومرۇڭ غۇنچىسى.

ئاۋازىڭمۇ ياشاردى شۇنچە،
مەشرەپلەردە بولدۇڭسەن توردە.
نەدە قايناق بولسا كۈرەشلەر،
ساتارىڭمۇ بولدى شۇ يەردە.
نەغمەڭ جانلىق دەرس بولدى دائىم،
رىيازەتلىك ئوتمۇشۇڭ بىلەن.
ناخشاڭ بىلەن ئازات دەۋرىمىز،
بىلىنەتتى تېخىمۇ بەلەن.
خوشلۇغۇڭنىڭ چېكى يوق ئىدى،
بولمىغاندەك ئاسمانىنىڭ چېتى.
روھىڭ جۇشقۇن ئوسكەن كۈنسېرى،
كوكلەمدىكى مايسىلار پېتى.
ئاسماندىمۇ بولدۇ بەزى،
بۇلۇتلارنىڭ توپلىشار چېغى.
مايسىلارمۇ ھەر خىل سەۋەپتىن،
يازنى كورمەي دان تۇتماس تېخى.
سېنىڭمۇ ھەم تۇرۇپ - تۇرۇپلا،
ئېچىشىدۇ يۇرۇگۇڭ بىردىن.
شۇدەم يۇرەك ھاياجىنىڭدىن،
ئادىشىدۇ ۋەزمىن رىتىمدىن.
سەن ئويلايسەن: بۇ ئۇلۇغ دەۋران،
بەردى بۇلبۇل كەتمەس نەۋباھار.
بەردى ساڭا دىلىڭدىن سويگەن-
كۈيۈڭ ئۈچۈن جانىجان ساتار.
بەردى سەندەك مىليون يوقسۇلغا،
جاندىن ئېزىز نۇرانە زامان.
بەردى تەنگە پۈتمەس كۈچ - دەرمان،
بەردى قانات قىلماقتا جەۋلان.
سەن ئاڭلايتتىڭ گۇدەكلىگىڭدە،
ئەمما سەندىن يىراقتى جەننەت.
ھازىر كوكلۇڭ سېزىدۇ ئۇنى،
ئۇ يېنىڭدا - يېقىنلا پەقەت.
جەننەت ئاشتى ئەمەلگە ئەنە،
قۇللار بولدى خوجا - پەرىزات.
مانا سېنىڭ قوچۇغۇڭدىلا،

شوخلانماقتا چۈشتىكى ھايات.
بۇلارنىڭغۇ بىلىسەن چوڭقۇر،
ئويغاق دىلنىڭ يەتكۈزگەچ ئىپىدىق.
يۈرۈگۈكىنىڭ قېتىدا گويا ــ
پارلاق بىر نۇر مەشئەلدەك يېنىق.
ئەمما ئەقلىڭ ـ سېزىمىڭدىن سىرت،
ھەر كۈنىسى ئويلار مىڭ قېتىم.
ساڭا مەلۇم ئەشۇ مۇقاملار،
كوكلەر ئارا ئۇچار مىڭ قېتىم.
نەچچە ئەجدات بايلىغى ئىدى،
ئۇلار ئەينەن قالىسا نىم بولار؟
يېڭى دەۋران ھەممەتلىرىنى،
ئۆز قوينىغا ئالسا نىم بولار؟
سەن ئۇگەتسەڭ، چۈنكى يېشىڭمۇ،
ھالقىپ ئوتتى شۇ تاپ يەتمىشتىن.
كىم بىلىدۇ ئەجەل قايسى چاغ،
قول تەقىشنى تۈگلۈك ـ ئىشىكتىن؟
ۋەتەن نۇرغا چۆمۈلدى ئەنە،
جاھالەتتىن قۇتۇلدى ھەممە.
ساز كۈيلەرگە ئېچىلدى سەھنە،
تاپاق، زۇلۇم ...... ئۇنتۇلدى ھەممە.
مۇقام بىلەر سازەندىلەر ئاز،
كويلىرىنى يەپ كەتكەن زۇلۇم.
ئەنسىرەيتتىڭ ئەندى سازىڭنى،
توختاتمىسا ئىدىڭغۇ ئولۇم ......
..............................
شۇنداق بىر كەچ مەشرەپتە ئىدىڭ،
تۈگۈمەيتتى جۇشقۇنلۇق ناخشاڭ.
بۇ كەچ ئېزىز مېھمانلىرىنى،
ئۇزاتماقتا يىغىلغان يېزاڭ.
بەر ئىسلاھات دۇيى يېزاڭدا،
ئۇنچە تەرگەن يۈرەك قېنىدىن.
خۇشپۇراقلار چاچماقتا ئەنە،
ئۇنگەن گۈللەر ئۇلار ئىزىدىن.
ئازات زامان شەپقەتلىرىنى،

ئېلىپ كەلگەن ئۇلار ھەر ئويگە.
ئېلىپ كىرگەن ھەر بىر كىشىنىڭ،
شۇ كۆڭلىگە ۋە كەلگۈسىگە.
ئۇلار كىلىپ سوتلاپ زۇلۇمنى،
كەمبىغەلگە بەردى يەر، ئوي، نان.
ئېڭ مۇھىمى بەردى بىباھا،
ئىككىنچى رەت ياشاش ئۇچۇن جان.
بۇ چۈش ئەمەس، تۈنىدىكى خىيال،
قالدى ئارتتا. بولماس ئەندى تۈن.
چېچىلغان تەر، توكۈلگەن قانلار،
ئىدى تۈننىڭ كەلمەسلىگىچۈن.
پارتىيىنىڭ سوزىنى ئاڭلاش،
يوقسۇل ئۇچۇن ئېڭ ئالى ھوزۇر.
پارتىيىگە ئەگىشىش ـ بەخت،
بولماس شەرەپ ئۇنىڭدىنمۇ زور.
سەن نەزمەڭدە كۈيلەيتتىڭ شۇنى،
ساتارىڭدا دېڭىزدەك شاۋقۇن.
لېۋىڭ چاچار دەستە ـ دەستە گۈل،
ھىدى خۇشبۇي، رەڭگى نۇر ـ يالقۇن.
شۇ سورۇندا بار ئىدى توردە،
ماگىلىيى كەڭ، خۇشخۇي بىر كىشى.
ئۇ بۇ يەرگە كەلگەن تۈنجى رەت،
لېكىن ئوچەمەس بوپ قالدى ئىشى.
ئۇ كەسپىدىن سەنئەتكار ئىدى،
ئەل دىلىنى سويۇندۇرگۈچى.
ھاياتىنى بېرىپ ئېلىگە،
خەلق ئىشىغا چىن كويۇنگۈچى.
ئۇنىڭ ھازىر ئالدىراش ئىشى،
چۈنكى پۈتۈن ۋادىغا رەھبەر.
ئەمما سەنئەت يولدىشى يەنە،
ساز ـ كۈي ئۇچۇن دىلدىن كويۇنەر.
ئۇنىڭ ئىسمى ھەممىگە تونۇش،
ھەممە ئەيتار ئۇنى قاسىمجان.
قەمبىرى دەپ قامىلىسى بار،
ئەل دىلىغا ئورنۇشۇپ قالغان.

ئەشۇ ۋالى سېنىڭ سازىڭدىن،
ئاجايىپ بىر چوڭقۇرلۇق سەزدى،
ناخشىلىرىڭ مەزمۇنلىرىدىن،
تاغ سۈيىدەك جۇشقۇنلۇق سەزدى.
مەشرەپ تۈگەپ تارقالدى ھەممە،
ئاسمان بويلاپ ئۈزەر تولۇنئاي.
ۋالى كەتمەي ئەشۇ كېچىدە،
سوھبەت قۇردى سەن بىلەن تىنماي.
نەدە سوھبەت ؟ سەن بىلەن بىللە،
كېزىپ چىقتى تارىخنى باشتىن.
ھوزۇر تاپتى مۇقام دېڭىزى-
ئىچرە بىللە ئۈزۈپ - چۆمۈشتىن.
ئۇ شۇڭغۇدى قەلبىڭ تېگىگە،
كوردى گوھەر شۇنچە بىباھا.
ئۇ بىلەتتى بۇ قىممەت گوھەر،
ئەسلىدىنلا ئېسىل - ئەتىۋا.
ئۇ چۈشەندى تەشۋىشلىرىڭنى،
ئۆزىمۇ ھەم تەشۋىشتە ئىدى.
ئۇ ئۆزىمۇ قىممەت گوھەرنى،
كوپتىن بېرى ئىزدەشتە ئىدى.
سەن ئالدىڭدا كورمىدىڭ ۋالى،
كوردۈڭ سەنئەت سويەر سازەندە.
بىلمىمىدى ئوتكەن ۋاقىتلار،
ئوتتى شۇنداق نەچچە كۈن - كېچە.
شۇنداق قىلىپ سېنىڭ ھاياتىڭ،
قايتتى تولۇق سەنئەت يولىغا.
سەن مۇقاملار ئەۋجىنى ئەندى،
قۇيدۇڭ راسا ئەلنىڭ دىلىغا.
سەھنىلەردە چالدىڭ ساتارنى،
مەشرىپىڭگە تار كەلدى مەيدان.
شاگىرتلىرىڭ يىتىشتى كوپلەپ،
مۇقام تاپتى يېڭى شەرەپشان.
سېنىڭ دىلىڭ لىممۇ - لىق سويگۇ،
قاندى بارلىق ئۈمىدىڭ - ئارمان.
ئاۋازىڭنى ئاڭلىدى خەلقىڭ،
ئاڭلىدى ھەم بىپايان ئاسمان.
ۋەتىنىڭگە بەردىڭ زور شەرەپ،
ۋەتەن ساڭا ئېچىپ بەردى يول.
خەلقىڭ سېنى كوتەردى ئىگىز،
ئاتتى كوككە سېنى مىڭلاپ قول.

## خاتىمە

ھەر قېتىمدا ئۇنئالغۇ بىلەن،
مەن ئاڭلىسام ئىلھامبەخش مۇقام.
سەن ئالدىمغا كېلىسەن شۇدەم،
ئىللىق چېھرەڭ بولار نامايان.
زەرەپشانىڭ شاۋقۇنلىرىدا،
ساتارىڭنىڭ ئاھاڭى قالدى.
ساڭا يەكەن ئىدى بەك تونۇش،
خەلقى سېنىڭ كۈيۈڭگە قاندى.
سەن قەشقەردە ، تۇمەن بويىدا،
ئەل مېھرىدىن ئالدىڭ كوپ ئوزۇق.
مۇقاملىرىڭ بېيىدى يەنە،
بولدى ئىشقىڭ تېخىمۇ تولۇق.
ئۆرۈمچىنىڭ ھەيۋەت يوللىرى،
مەن بىلىمەن،ساڭا يات ئەمەس.
لېكىن ئۇڭا بولمۇدۇڭ مەپتۇن،
سېنى سۆيگۈ باساتتى پەۋەس.
چۈنكى سېنىڭ ئىستەكلىرىڭنى،
قانات بېرىپ ئۇچاردى زامان.
ئازات زامان شەپقىتى بىلەن،
ئوقۇۋالدىڭ مۇقام بىئارمان.
يوگۇلىدۇ لىنتا توختاۋسىز،
سېنىڭ ئۈنۈڭ ئۈنىڭغا ئوزۇق.
سەن توختۇماي ئوقۇيسەن غەزەل،
مۇقاملىرىڭ قەپتالدى تولۇق.
شۇ لېنتىدە قالمىدى نوقۇل،
بىر سېنىڭلا ئاۋازىڭ ، بوۋا.
ئۇ مىللەتنىڭ شەرەپ - شانىغا،

بولدى تارىخ يولىغا گۇۋا.
سەن شۇ تاپتا ئارزۇ - ئارمانسىز،
ياتمىسەن تىنچ قەۋرەڭ ئىچىدە.
بىلەمسەنكىن ، سەن ئەيتقان مۇقام،
ئۇخلىمايدۇ كۈن يا كېچىدە.
ئۇ ياڭرايدۇ ئۇچار يىراققا،
ئۇنى ئېلىپ كېتەر شامـاللار.
ئۇ كېلىدۇ قەۋرەڭ ئۈستىگە،
مەپتۇن بولۇپ سېنى قۇچاقلار.
ئۇ سويۇدۇ يۇلتۇز لېۋىڭگە،
يۇلتۇز تۈندە قارايدۇ ساڭا.
قەۋرەڭ ئۈستى مەشئەللەر بىلەن،
بېزەلگەندەك بولىدۇ گويا.
ئۇ سويىدۇ مايسا ، گۈللەرنى،
مايسىلارنىڭ لەۋلىرىدە نەم.
مايسا بېزەر قەۋرەڭ ئۈستىنى،
دايىم باھار ئەتراپىڭدا جەم.
ئۇ قۇشلارنى قىلىدۇ ھەيران،
چۇرۇقلىشىپ سايرار ئۇلار ھەم.
قەۋرەڭ ئۈستى قۇشلار دۇنياسى،
كورۇنىدۇ ھېمىشە كوركەم.
ئۇسۇللارغا بېرەر سۇزۇكلۇك،
چايقىلىدۇ ئۇلار جۇر بولۇپ.
يىراقتىكى بۇلۇتمۇ مەپتۇن،
توكۇلىدۇ مول يامغۇر بولۇپ.
ھايات ياشار ، ئۇ ئەبەدى ياش،
سەنمۇ ياشاپ ئوتەرسەن بىۋۋا.
مۇقاملىرىڭ ياشايدۇ چاقناپ،
ئۇنى ساڭا چاتىدۇ يەللار.

## ئاپتورلار دىققىتىگە

تەھرىر بولۇم ۋە ئاپتورلار خىزمىتىنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇشى ئۈچۈن، ماقالە - ئەسەر ئەۋەتكەندە توۋەندىكى نۇقتىلارغا دىققەت قىلىشىڭىزلارنى ئۈمىت قىلىمىز:

1. ئەۋەتىلىدىغان ئەسەرلەر ئۇيغۇر كونا يېزىقىدا يېزىلىشى، ئىملاسى توغرا، خېتى ئوچۇق بولۇشى، قۇر ئارىلىقى كەڭرەك، ئاق قەغەزگە ( بىر بەتكە 15 قۇر يېزىلسا ياخشى ) پاكىز كوچۈرۈلۈشى لازىم. لازا قەغەزگە يېزىلىپ كوپەيتىلگەن ئەسەرلەر بىردەك قوبۇل قىلىنمايدۇ. شېئىرلارنىڭ سىزىق يونۇلۇشى بويىچە كوچۇرۇلۇپ، كۇبلېت ئارىلىرى ئاق قويۇلۇشى كېرەك.

2. تەھرىر بولۇمىمىزگە كەلگەن ئەسەرلەر پىرىنسىپ جەھەتتىن قايتۇرۇلمايدۇ. ئىشلىتىش توغرا كەلمەي ئوزگەرتىش، تولۇقلاش زورۇر تېپىلسا جاۋاپ يېزىلىدۇ. شۇڭا ئەسەر كوپەيتىسىنى ئاپتور بىر نۇسخە ساقلىشى كېرەك. بىر ئەسەرنى 2 ئورۇنغا ئېۋەتىشكە بولمايدۇ. باشقا مەتبۇئاتتا ئېلان قىلىنغان ئەسەر تەھرىر بولۇمىمىزگە ئېۋەتىلسە ، ئېلان قىلىنىپ كەتكەن تەقدىردىمۇ قەلەم ھەققى بېرىلمەيدۇ.

3. تەرجىمە ئەسەرلەر ئاساسىي جەھەتتىن قوبۇل قىلىنمايدۇ. ئېۋەتىلىپ قالغان بولسا، باشقا ئەسەرلەردىن ئېلىنغان مىسال، سىتاتالارنىڭ قايسى ئەسەردىن ئېلىنغانلىقى ئەسكەرتىلىشى، ئەسلى ئەسەر نۇسخىسى بىللە قوشۇپ ئېۋەتىلىشى كېرەك.

« قەشقەر ئەدەبىياتى » ئۇيغۇر تەھرىر بولۇمى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



# مۇقامچى ئوغلىمەن

قادىر سىدىق

مۇقامچى ئوغلىمەن ۋارىس ئاتامنىڭ كەسپىگە ماھىر،
نەقىشلىك دۇتتارىم — زوھرە، ئۇنىڭ ئىشقىدا مەن تاھىر.

تىلىم — جۇپ تار «مۇشاۋرەك»، «راك»، «ناۋا» ئەيلەيدۇ بۇلبۇلدەك،
ماڭا جور ھەر زامان داڭلىق قوشاقچى چوڭ بوۋام سادىر.

مۇھەببەت ھەۋىسىم دىلدا يېنىپ تۇرغاچقا ئاتەشتەك،
ئاتامدەك ياخشى ئەلنەغمە ئاتالدىم ئەلدە مەن ھازىر.

مۇقام چالسام كىلەر كوڭلۇم — ئېسىمگە شۇ ئېغىر كۈنلەر،
ئاتام بىرلە مۇقامىمغا توقۇلغان زەپ گۇنا، ياپىر!...

سولاندى زەي، سوغۇق، مۇزدەك قاراڭغۇ ھەپسى - زىندانغا،
ساناقسىز بىگۇنا ئاق دىل غەزەلخان، سازچى ھەم شائىر...

باھاسىز نەۋ باھار بەردى ھاياتقا قايتىدىن دەۋران،
مۇقامچى قەددى تىكلەندى گويا سۇمبالتىدۇر پامىر.

مۇقامدىن مەن يارالغانتىم، مۇقام توۋلاپ ئوتەر ئومرۇم،
بۇ يولدىن ئازدۇرالماس ھىچ رىياكار، مىڭلىغان جابىر①.

مۇقامىم شوخ جاراڭلايدۇ ئېتىز، كان، باغدا، مەشرەپتە،
بۇنىڭدىن چارىكۆي يوق ئەل - جاھاندا مەن ئۇچۇن نادىر.

ھېساپسىز كۈچ بەخىش مېنى ئۇندەيدۇ ئورلەشكە،
تۇرداخۇن روھى دەپ: «تىرماش، قانائەت ئەيلىمە قادىر.»

① جابىر — «رابىيە - سەيدىن» داستانىدىكى سەلبى ئوبراز.

# ۋاپادارلىق كۈيى

(ئەدەبىي ئاخبارات)

ئابلىز ئۆمەر

سەنەمنىڭ غېرىپ ئۈچۈن ئاھۇ - پىراق چېكىپ، ھىجران ئوتىدا كۆيگەنلىكى؛ شېرىننىڭ پەرھادنىڭ بىمەھەل ئەجىلىنى كۆرگەندىن كېيىن ۋاپادارلىق كۈچىدىن ئۆزىگە خەنجەر ئۇرۇپ پانىي دۇنيا بىلەن ۋىدالاشقانلىقى؛ زۆلەيخانىڭ يۈسۈپنى دەپ تارتقان جاپالىرى؛ لەيلىنىڭ مەجنۇن ئۈچۈن جان پىدا قىلىشلىرى؛ رابىيەنىڭ سەيدىننىڭ ئىشقى - پىراقىدا يامانيار دەرياسىدا ئېقىشى - سۆيگۈ مۇھەببەت بابىدا ۋاپادارلىق ھەم ساداقەتنىڭ نامايەندىسى سۈپىتىدە، قانچىلىغان ئالەمشۇمۇل داستانلارنىڭ ئالتۇن بەتلىرىگە پۈتۈلگەن.

زامانىمىزدا بۇ يارقىن سەتىرلەر يېڭى مەزمۇنلار بىلەن بېيىپ تېخىمۇ پارلاق نۇر چاچماقتا. پاك، ھالال، ئەركىن مۇھەببەت ئۈچۈن ۋىسال تاڭلىرى ئاتقان بولسىمۇ، ئۆز جۈپتىگە ۋاپادار بولۇش، ساداقەتمەنلىكىنى ساقلاش، ھايات - ماماتتا بىللە بولۇش، تۇرمۇشتا يۈز بېرىشى مۇمكىن بولغان مۈشكۈلاتلارنى بىرلىكتە يېڭىش، روھى گۈزەللىكنىڭ يۈكسەك پەللىسىگە چىقىش - تۇرمۇشقا قەدەم قويغان ھەربىر ياش قىز - يىگىتكە نىسبەتەن ئېيتقاندا، يەنىلا بىر جىددى سىناق. لېكىن دەۋرىمىز ياشلىرى ئىچىدە مۇنداق سىناقلارغا قەتئىي بەرداشلىق بېرىپ، ئۆزىنىڭ مۇھەببەتكە چەكسىز ساداقەتلىكى، ۋاپادارلىقى، باي ئىنسانىي پەزىلىتى بىلەن تارىختا ئۆتكەن ئاشىق - مەشۇقلارنىمۇ ھاڭ - تاڭ قالدۇرىدىغان ئېسىل خىسلەت ئىگىلىرىمۇ ئاز ئەمەس.

× ×

كىچىككىنە بەختسىزلىك، تويى بولغىنىغا ئەمدىلا 12 كۈن بولغان بىر جۈپ قىز - يىگىتنى بەختىيار ئائىلە قۇچىقىدىن قەشقەر 1 - خەلق شىپاخانىسى تاشقى كېسەللىكلەر بۆلۈمىنىڭ ياتىقىغا ئېلىپ كەلدى. بىرى كېسەللىك ئازاۋىدىن يېرىم ھۇشسىزلانغان بولۇپ، ھاياتىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى مىنۇتلىرى قاش بىلەن كىرپىك ئارىلىقىدا ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلغىنى ھالدا، كۆزلىرىنى مەھكەم يۇمۇپ، ئۈن - تىنسىز ياتاتتى. ئارىلاپ - ئارىلاپ ئايانچلىق ئىڭراپ قويۇشلىرىدىن: ئۇنىڭ ھايات شامى تېخىچە

پەلىلداپ يېنىۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولات -
تى . ئىككىنچىسى بولسا ، ئۇنىڭ ئازاۋد -
نى يېنىكلىتىش يولىدا كېچە - كۈندۈز جان
قېقىپ ، ئۇنىڭ ئەتراپىدا پەرۋانە ئىدى .
بوش ئىگرىغان ئاۋازنى ئاڭلىغان مەرھا-
با دەس ئورنىدىن تۇردى - دە ، پۈتۈن كۈ-
چىنى ئىشقا سېلىپ ، بىمانىڭ توۋىنى پا -
لەچلەنگەن بۇ ئومۇرلۇك جۈپتىنى ئاۋايىلاپ
بىر تەرەپكە ئۆرۈپ قويدى . بۇ چەكسىزمېھ-
رىۋانلىقتىن يۈرىگى سۆيۈنگەن مەمتىلى كۆ-
زىگە غىلىلدە ياش ئالدى. مەرھابا ئۇنى تېز-
خىمۇ چوڭقۇر روھى ئازاپقا سالماسلىق ئۈ-
چۈن ، يۈزىنى بىر چەتكە بۇرىدى - دە،ھا -
زىرلا ئۇنىڭ ئاستىدىن ئېلىنغان بىر توپلا-
تىنى كوتىرىپ ، سىرتقا چىقىپ كەتتى . ئۇ
ئەشۇ لاتىلاردىكى چوڭ - كىچىك تەرەتلەرنى
يۇيۇپ ئادالاۋاتقاندا ، بىر ئايالنىڭ يەـ -
نە بىر ئايالغا مەرھابانى ئىشارەت قىلىپ :
" بۇ چوكاننىڭ يولدىشىنىڭ كېسىلىمۇ با ل -
لىرىمىنىڭ دادىسىنىڭ كېسىلىگە ئوخشايدىكەن"
دەپ پىچىرلاۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قالدى .
" مەمتىلى بىلەن قىسمەتداش كىشى كىم-
كىنە؟"
مەرھابا يۇيۇپ تازىلانغان لاتىلارنى دە -
رەخكە تارتىلغان تانىلارغا ئارتىپ قويۇپ ،
ھېلىقى ئايالنىڭ كەينىدىن ئەگەشتى . ئۇ ،
ياتاقنىڭ بوسۇغىسىغا كەلگەندە ، ئەتىگەن -
لىك ئاپخوتقا كىرگەن دوختۇرلاردىن بىرى
ھېلىقى ئايالغا قاتتىق كايىۋاتاتتى :
— سىز مۇشۇنداق كېسەل باقامسىز ؟ -
دەيتتى دوختۇر ، - ئىسمىڭىز ناۋاتخان ئە -
كەن ، چىرايىڭىزمۇ گۈلدەك تۇرىدۇ . ئەم -
ما قىلىغىڭىز ... - دوختۇر سەل توخ-
تىۋېلىپ داۋام قىلدى ، - ئۈچ بالىنىڭ دا-
دىسى بولغان ئادەم مۇشۇ ئەھۋالدا ياتسا ،
سىزنىڭ ھەدىسە شەھەرگە چىقىپ ، سەيلە-
تاماشا قىلغىنىڭىز نېمىسى !؟ توغرا، سىز-
نىڭلارمۇ ئۇنىڭدىن خەۋەر ئالىدۇ ، لېكىن
سىزمۇ سىزنىڭلارغا زىچ ماسلىشىپ ، يول -
دىشىڭىزنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇرسى-
ڭىز ، ئۇ تېخىمۇ تېزراق ساقايمامدۇ ؟ ! -
دوختۇر ئۆزىنى بېسىۋالغاندىن كېيىن تا -
پىلىدى ، - بىز دوختۇرلار تاشقى زەخمىلە-
نىشتىن قورقمايمىز . ئەمما، كارۋات يارىسى-
دىن قورقىمىز . زەخمىلىنىشتىن ئۆلۈپ كەت-
مىگەن ئادەم كارۋات يارىسىدىن ئۆلۈپ كې-
تىشى مۇمكىن. تېرە - ئادەم بەدىنىدىكى ئاق-
سىلنى تۇتۇپ تۇرىدۇ . بەدەندە ئاقسىل ماد-
دىسى ئازلاپ كەتسە ، ئادەم ئاجىزلاپ ، ھا-
ياتى خەۋپكە يولۇقىدۇ . شۇڭا كېسەلنى ھەر
ئونبەش مىنۇتتا بىر قېتىم ئۆرۈپ، بەدىنىنى
ئىسسىق لۆڭگىدە سۈرتۈپ قويۇڭ . ئۇقتى -
ڭىزمۇ ؟
— ......
دوختۇرنىڭ بۇ سوزلىرىنى ئۆزىگىمۇ قى-
لىنغان بۇيرۇق دەپ چۈشەنگەن مەرھابا ئەشۇ
سائەتتىن ئېتىۋارەن تېخىمۇ زورغەيرەتكە كەل-
دى . كېچىلىرى ئۇخلاش، كۈندۈزلىرى بىر-
دەم - يېرىم دەم ئارام ئېلىۋېلىش ئۇنىڭ
خىيالىغىمۇ كىرمەيدىغان بولدى. ھارغىنلىق،
ئۇيقۇسىزلىق دەردىدىن ئارانلا يەر دەسسەپ
تۇراتتى. كوزلىرى بەقەمدەك قىزىرىپ كەتكەن،
چىرايىدىن توپا ئۇرلەپ،گۈزەل ھوسنى پۈ-
چۈلغان ئىدى . بەزى كېچىلىرى ئورۇندۇق-
تىن يىقىلىپ چۈشكىلى تاس - تاسلا قالات-
تى . لېكىن ئۇ ، دەرھال كوزلىرىنى ئۇۋۇد -
لىۋېتىپ مەمتىلىنىڭ ئۇچىسىنى سىلايتتى .
ئۇيان - بۇيان ئۆرۈيتتى . پۈتۈن ۋۇجۇدى
بىلەن ئۇنى تېزراق ئورۇندىن ،تۇرغۇزۇش
كويىدا تىرىشاتتى ، تىرمىشاتتى .

نەچچە ئونلاپ كېچە ـ كۈندۈزلەرنى ئىس ـ
شەنچ ۋە ئۈمىت بىلەن ئۆتكۈزگەن مەرھابا .
مەسئۇل دوختۇرنىڭ : " 12 ئومۇرتقا زەخ ـ
مىلەنگەن ، نەتىجىدە ژۈلۈن قىسىلغان، سې ـ
زىم نېرۋىسى بىلەن ھەركەت نېرۋىسىمۇ بې ـ
سىلىپ كېرەكتىن چىققان . كېسەلنى پالەچ ـ
لىكتىن قۇتقۇزۇشنىڭ ئۈنۈملۈك چارىسى يوق،
كېسەلنىڭ يۈرەك ، ئۆپكە قاتارلىق ئىچكى
ئەزالىرى ساق بولغاچ ، يەنە 20 ـ 30 يىل
ئۆمۈر كۆرۈشى مۇمكىن ... » دىگەن ئاخىر ـ
قى يەكۈننى ئاڭلىغاندا گويا بېشىدىن بىر
قاپاق سوغۇق سۇ قۇيغاندەك ئەندىكىپ كەت ـ
تى . بىر ئازدىن كېيىن بولسا يۈرىكى ئاغ ـ
رىغا قاپلىشىپ ، كوزلىرى قاراڭغۇلىشىپ
لەسسىدە ئولتۇرۇپ قالدى . چۈنكى دوخ ـ
تۇر ئۇنىڭ ئۈمىت يىپلىرىنى ئۈزۈۋەتكەن،
ئازاپلىق كوڭلىگە تېخىمۇ چوڭ ئازاپلارنى
سالغان ئىدى . مەرھابا دوختۇرنىڭ يەكۈ ـ
نىگە ئىشەنمەيتتى. قانداقتۇر بىر ئەرزىمەس
ھادىسىنىڭ شۇنداق شېرىن ئائىلە تۇرمۇش ـ
نى ۋەيران قىلىۋېتىشىگە؛ سۆيۈملۈك كىشى ـ
سىنى مەڭگۈلۈك ناكا قىلىپ قويۇشىغا تېخى ـ
مۇ ئىشەنمەيتتى. ئىشەنمىسە نىمە ئىلاج؟!
يەكۈن بىلەن بىللە، دوختۇرنىڭ كېسەل ـ
نى دەرھال يوتكەپ، كارۋاتنى بىكار قىلىش
توغرىسىدىكى پىكرىمۇ ئېيتىلىپ بولغان
ئىدى...

بىردەمنىڭ ئارىلىغىدا ياتاقتا ئادەم تو ـ
شۇپ كەتتى. ئۇلار دوختۇرنىڭ يەكۈنىنى
ئاڭلىغاندىن كېيىن يوقلاپ كىرگەنلەر ئى ـ
دى. ھەممەيلەننىڭ كوڭلىدە بىر خىل مە ـ
يۇسلىك كېزەتتى. ئۆتكەندە: "ياش ئەمەس ـ
مۇ، ساقىيىدۇ» دېيىشكەنلەر ئەمدى: "تەقدىر
شۇنداق، بولغۇلۇق ياش يوپۇرماق چوكانغا
بولىدىغان بولدى» دېيىشەتتى؛ يەنە بەزىلە ـ
رى بولسا: "ئۇلۇكنىڭ يولى ئۇلۇك بويىچە،
تىرىكنىڭ يولى تىرىك بويىچە بولار. ياپ ـ
ياش بۇ چوكان نىمجان ييگىتكە بەنت بو ـ
لۇپ قالماس» دەپ ئەۋلىيالىق قىلىشاتتى.

ھەر كىم ھەر نىمە دىگەن بىلەن ھېچكىم
مەرھابانىڭ قەلبىدە نىمە بارلىغىنى بىلمەيت ـ
تى. كىشىلەرنىڭ گەپ ـ سوزلىرى مەرھا ـ
بانىڭ يۈرەك يارىسىنى تېخىمۇ ئېچىشتۇرد ـ
ۋەتتى، ئۇ بولالمىدى، ئۈن سېلىپ يىغلىۋەت ـ
تى. ئۇنىڭ يىغىسىنى مەمتىلى ئاڭلىمايتتى.
چۈنكى نەچچە كۈندىن بۇيان كاللىسىدىكى
"ئولۇپ كېتىش» خىيالىنىڭ ھوكۈمرانلىغى ـ
دا بىردەم ئالغۇ ـ بەرگۈلىرىنى ھىساپلاپ،
بىردەم غەمكىن كوزلىرىدىن ياش توكۈپ را ـ
زىلىق سوراۋاتقان بۇ بىتاپ، دوختۇرنىڭ
ئوزى ئۈستىدىكى ھوكۈمىنى ئاڭلاپلا ھۇشى ـ
دىن كەتكەن ئىدى.

مەرھابا ياش يۇقى كوزلىرىنى كارۋاتقا
تىكتى. كوزلىرىنى ياش تامچىلىرى قاپلى ـ
ۋالغاچقا، ئۇ بىر نەرسىنى كورەلمەيتتى.
مەرھاباغا مەمتىلىنىڭ قاقشالىق بۇرنى بار ـ
غانسېرى ئىگىزلەۋاتقاندەك، قوي كوزلىرى
تېخىمۇ يوغىناپ بېرىۋاتقاندەك، سوزۇنچاق
كەلگەن ئاپپاق يۈزى بولسا، تېخىمۇ ئاقى ـ
رىپ كېتىۋاتقاندەك كورۈندى» ئۇنىڭ كې ـ
سەللىك دارىپ گەز باغلاپ كەتكەن يۇقارقى
كالپۇگى بولسا، بىردەم مەرھابادىن ئەپۇ سو ـ
رىماقچى ، بىردەم "ئەمدى قانداق قىلىسەن؟»
دەپ سوئال قويماقچى بولغاندەك، پات ـ
پات لىپىلداپ قوياتتى. ئوز ۋاقتىدا جىنە ـ
تىدەك قىزغۇچ، مۇھەببەت شەرۋىتىنى توك ـ
كەن بۇ لەۋلەر تېخى پۈتۈنلەي قۇرۇپ كەت ـ
مىگەن ئىدى.

مەرھابا ئويلىغانسېرى ئويلىرىنىڭ تېگىگە
يېتەلمەيتتى. ئۇ ـ ھاياتنىڭ سىنىقىغا، ما ـ

داقەت ئاتلىق بۇ سۆيگۈ ئىلاھىنىڭ سورىغىغا دۈچ كەلمەكتە ئىدى. ئۇنىڭ ئالدىدا ئىككى يول تۇراتتى: بىرى ۋاپاسىزلىق، يەنە بىرى، ئەگە - چاقىسىز نىمجان بىلەن هايات كەچۈرۈش، ياشلىقىنى ئۇنىڭ ئۈچۈن قۇربان قىلىش. مەرهابا ئۈچۈن ئالدىنقى يول ئاسانغا چۈشەتتى. بەزى دوستلىرى، ئۇرۇق - تۇققانلىرى دىگەندەك، «بەختىنى قايتىدىن تاپقان» بولاتتى. بىراق...

مەرهابانىڭ ياشلىرى قۇرۇپ، كوز قارچۇغى هەركەتتىن قالغاندەك، بىر نۇقتىغا تىكىلىپ قالدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ كوز ئالدىدىن مەمتىلى بىلەن بولغان تۇرمۇش كارتىنىسى تەسۋىردەك تىزىلىپ ئوتمەكتە ئىدى:

مەرهابا - گۈزەل قەشقەرنىڭ نازۇك بەدەن قىزلىرىدىن بولۇپ، ئۇنىڭ ئوت چاقناپ تۇرىدىغان قوي كوزلىرى، دومباقتىنە كەلگەن مەڭزى، ئۈنچە چىشلىرى، غۇنچە بويى كىشىنى مەهلىيا قىلاتتى. ئۇنىڭ ئۈچىسىدىكى توق يېشىل نىلون پوپايكىسى، هالرەڭ قاتلاق يوپكىسى، بوينىغا ئېسىلغان مارجانلىرى، بېشىدىكى سېرىق هىلىلە ياغلىقى ئۇنى تېخىمۇ زىبا كورسەتتەتتى. ئۇ ئابرويلۇق كادىر ئائىلىسىنىڭ پەرزەنتى بولۇپ، كىچىكىدىن شەهەردە ئوسكەن، قەشقەر دارىلمۇئەللىمىنىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، تەقسىمات بويىچە يېڭىشەر ناهىيىسىدىكى يانىدۇما بازار باشلانغۇچ مەكتىۋىگە ئوقۇتقۇچىلىققا بەلگىلەنگەن، شۇ جەريانىدا مەمتىلى بىلەن تونۇشۇپ قالغان ئىدى. مەمتىلى بولسا، مەرهابادىن 2 يىل بۇرۇن مەكتەپ پۈتتۈرگەن بولۇپ، يانىدۇما گۈڭشې ئوتتۇرا مەكتىۋى سىفەن سىنىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى ئىدى. دىخان ئائىلىسىدە تۇغۇلۇپ، كىچىكىدىلا ئانىسىدىن ئايرىلغان بۇ يىگىت 1977 - يىلى 8 - ئايدا مەرهابا بىلەن توي قىلىپ 12 كۈن ئوتكەندە چەللىدىن يىقىلىپ زەخمىلەنگەندىن كېيىن، بىر ئايغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە «كاچ تۇرغانغا ئولۇك ئۇچراپتۇ» دىگەندەك ياشانغان دادىسى، يالغۇز ئاكىسى كوز يۇمدى. شۇنىڭ بىلەن مەمتىلى تۇرمۇشتا يەككە - يىگانە قالدى. ئۇنىڭ تەشكىلىدىن ۋە ۋاپادارى مەرهابادىن باشقا هىچنىمىسى يوق ئىدى.

«توۋا، - دەيتتى مەرهابا ئوز - ئوزىگە، - هاياتنىڭ قىسمىتى شۇنداقمىدۇ؟ قېنى ئۇ گۈزەل ئارزۇلار؟ قېنى ئۇ شېرىن كېچىلەر؟ قېنى ئۇ ئوتلۇق ۋەدىلەر؟ 12 كۈنلۈك تۇرمۇش ياشلىقىمغا گۇۋاهى بولارمۇ؟ نەسلىم، ئەۋلادىم بولماسمۇ؟ غۇنچە چاغلىرىم مۇشۇنداق ئوتەرمۇ؟ كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ شۇنچە كەڭ قوينىدىن ماڭا تەككەن نىسىۋە زادى مۇشۇنچىلىكمىدۇ!؟...»

مەرهابانىڭ قەلبى داۋالغۇماقتا ئىدى. ئۇ، بىردەم ئوزىگە پۈتمەس - تۈگىمەس سوئاللارنى قويسا، بىردەم سوئاللىغا جاۋاپ تاپقاندەك بېشىنى يەڭگىل سىلكىۋېتىپ، ئاڭلىنار - ئاڭلانماس پىچىرلايتتى: هاياتلىقنىڭ بۇ هادىسىگە كىم جاۋاپكار؟ مەن ئۇنى مەمتىلىدىن كورسەم بولامدۇ؟ ئۇنىڭ مېنى مۇشۇنداق ئازاپلىشى بارمۇ؟ ئەگەر مەن هادىسىگە ئۇچرىغان بولسام، مەمتىلى ۋاپاسىزلىق قىلىش مۇمكىنمىدى؟! ياق، ياق! ئەسلا مۇمكىن ئەمەس، تۇرمۇش ئوز قىممىتىنى يوقاتقىنى يوق. مەمتىلىنىڭ بەدىنى مېيىپلەنگەن بىلەن ۋىجدانى ئازىغۇ، يۈرىگى ساقتۇ، ماڭا بولغان مېھرى - مۇهەببىتىنى يوقاتقىنى يوقتۇ! مېنىڭچە، مۇهەببەتنىڭ ئۇلۇغلىقى جىنىس ئايرىمىسىدىلا ئەمەس، مۇهىمى مەنىۋى جەهەتتىكى بىرلىكتە، قەلب ئىستىگىنىڭ يۈكسەكلىكىدە. مەن بىر خەلق

ئوقۇتقۇچىسى، مەنىۋى مەدىنىيەت ياراتقۇچى، ئەۋلات تەربىيىلىگۈچى. مېنىڭ نەسلىم قالمىسا، ياخشى نامىم، خىسلىتىمغۇ قالار. مەمتىلىنى مەن بېقىشىم كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا، جەمىيەت ماڭا تاپشۇرغان ۋەزىپىنى ئادا قىلغان بولىمەن، ۋىجدانىمنىڭ بۇيرۇغىنى ئىجرا قىلغان بولىمەن!»......

دېمىسىمۇ، مەكتەپ تەربىيىسى، يېتىم يېسىرلارغا خەيرىخاھلىق قىلىپ ساۋاپلىق ئىزدەشتەك ئائىلىۋى شارائىت؛ ئاقكۆڭۈللۈك، ۋاپادارلىق، ساداقەتلىككە ماكان بولغان قەشقەرنىڭ ئەنئەنىۋى مۇھىتى مەرھابانى ئىنسانى خىسلەتلىك، پاك ۋىجدانلىق، دىيانەتلىك قىز قىلىپ يېتىلدۈرگەن ئىدى. شۇڭا مەمتىلىنى تاشلىۋېتىش ئاسان يول بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ۋىجدان سودى ئالدىدا مەڭگۈ جىنايەتى تۈگمەيدىغان جىنايەتكار، سۆيگۈ ـ مۇھەببەت بابىدا ئۆزىنىڭ شەھۋانى نەپسىنى قاندۇرۇشىلا ئويلايدىغان، ئىنسانىي گۈزەللىكنىڭ بارلىق سىزىملىرىدىن ئايرىلغان بىنومۇس مەخلۇققا ئايلىنىپ قېلىشنى ھەرگىز خالىمايتتى!

مەمتىلىنىڭ چاي سوراپ توۋلىغان ئاۋازى ئۇنىڭ خىيال ئېقىنىنى ياپتى. ئۇ يولدىشىغا قارىدى، مەمتىلى پۈتۈن بىر مورىنىڭ تۈتۈنىنى سۈمۈرىۋاتقاندەك ھەسرەتلىك تىناتتى، مەرھابا چاي قۇيۇشقا تەمشىلىۋاتقاندا، مەمتىلى يەنە توۋلىدى، مەرھابا ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى. مەمتىلى سۆيۈملۈگىنىڭ سۇمبۇل چاچلىرىنى سىلاپ تۇرۇپ:

— مەرھابا، مەن ھەممىنى ئۇقتۇم. «مېنى ساقايمايدۇ» دېيىشىدۇ، ئېھتىمال، بۇ شۇنداقتۇ. شۇڭا سەن زىلۋا ياشلىقىڭنى چوڭ ـ كىچىك تەرەتكە بۇلغاپ، كېسەل بېقىش بىلەن بىھۇدە ئۆتكۈزۈۋەتمەي، مەندىن ئايرىلىپ، تۇرمۇش يولۇڭنى تاپقىن. مەن سەندىن ئۇ دۇنيا ـ بۇ دۇنيا رازى، ـ ئۇ كۆزلىرىگە ياش ئالدى ۋە بوغۇزىغا بىر نەرسە تۇرۇپ قالغاندەك تەسلىكتە گېپىنى داۋاملاشتۇردى، ـ ماڭا تەشكىل بار، قالغىنىنى تەقدىرنىڭ ئۆزىگە قويدۇم.

مەرھابانىڭ كۆزلىرىدە ياش ئەگىدى، ئۇ پىيالىگە چاي قۇيدى، لېكىن سۇنالمىدى. مەرھابانىڭ قوللىرى تىترەپ، يۈرىكى ئادەتتىن تاشقىرى تەپمەكتە ئىدى. ئۇ مەمتىلىنىڭ ئۈستىگە يېرىم گەۋدىسىنى تاشلىدى. شۇ تاپتا ھاياتلىق ئۈچۈن كۆرەشكۈچى بۇ قەيسەر يىگىتنىڭ قەلبى چاي بىلەن ئەمەس، مەرھابانىڭ پاك سۆيگۈ شارابى بىلەن قانماقتا ئىدى. مەرھابا ئىڭىشكەن پېتى ئۆمۈرلۈك جۈپتىنىڭ قانسىرىغان لەۋىگە لەۋىنى يېقىپ تۇرۇپ پىچىرلاۋاتاتتى: "سۆيۈملۈگىم، خاتىرجەم بولۇڭ، مەن سىز بىلەن ساق ۋاقتىدا تۇرمۇش قۇرغان، ياخشى كۈنلەردە بىللە بولۇپ، باشقا كۈن چۈشكەندە ئايرىلىپ كېتىش ـ مېنىڭ ۋىجدانىمغا يات. مېنىڭ بۇ يۇمشاق باغرىم بىر سىزگە تەئەللۇق! »

× ×

دوختۇرخانىدىن چىققاندىن كېيىن مەرھابانىڭ يۈكى تېخىمۇ ئېغىرلاشتى. ئۇ، بىر تەرەپتىن، تالاغا چىقسا ئەركىشى، ئۆيگە كىرسە خوتۇن كىشى بولۇپ، ئوتۇن، ئۈن، ياغ، دورا ـ دەرمەك قاتارلىق تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىنى غەملەپ، مەمتىلىنى ئوبدانراق بېقىش ئۈچۈن تىرىشتى؛ يەنە بىر تەرەپتىن كۆڭلۈك مەشغۇلاتى بويىچە، مەمتىلىنىڭ تېگىگە سېلىنىدىغان لاتا ـ زاكىلارنى پات-

پات يۈيۈپ، چوڭ - كىچىك تەرەتلەرنى ۋاقتى - قارايىدا ئادالاپ، كېچە - كۈندۈز داۋاملىق ئوروپ، بىر نەچچە قېتىملىق كارۋات يارىسىنى ساقايتتى. تىنىم تاپماي كېسەل بېقىش، ھارغىنلىق، ئۇيقۇسىزلىق نەتىجىسىدە، ئۇنىڭ قوللىرى يېرىكلىشىپ، رەڭگى - رۇخسارىمۇ بىر قىسىملا ئۆزگىرىپ كەتتى. ئۆزىمۇ ئارتىلىپ قالدى. يامان يېرى شۇكى، ئاتۇشتىكى ساھساق ئاكىغا كۆرسىتىش، قەشقەر تىببى مەكتەپ يېنىدىكى دوختۇرخانىدا قىلىنغان ئۈنۈمسىز ئوپېراتسىيەدىن كېيىن، مەمتىلىنىڭ چوڭ - كىچىك تەرىتى بىر كەلسە بىر يولى كېلىپ كېتىدىغان، بىر كەلمىسە توختاپ كېتىدىغان بولۇپ قالدى. بۇ ئىشلارغا ئامال قىلىش ئۈچۈن مەمتىلىنى دەمال دوختۇرخانىغا ئاپىرىش، بالىنىسىدا ياتقۇزۇش تولىمۇ ئاۋارىچىلىق ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ ئىش پات - پات تەكرارلىنىپ تۇراتتى. شۇڭا مەرھابا دوختۇرلاردىن ئۆگىنىۋالغان ئۇسۇلى ۋە كېسەل بېقىش تەجرىبىسىگە ئاساسەن كىچىك تەرەت توختاپ كەتكەندە، دوۋسۇن بېشىنى داۋاملىق يۇمشاق ئۇۋۇلاپ بەردى. ئىسسىق ئۆتكۈزدى. سۈيدۈكنى لاتىغا تامچىلاتقۇزدى. بۇمۇ بولمىغاندا، جىنسى ئەزاغا كاتېتىر (شىلانكا) كىرگۈزۈپ، سۈيدۈك ماڭدۇرۇشقا ئىشلىتىلىدىغان رېۋانول دېگەن دورىنىڭ ئوكۇل سۈيى بىلەن تەڭشەلگەن ئىرىتمىسىنى بەردى ھەمدە ئەھۋالغا قاراپ ئوكۇل ئۇردى. مۇشۇنداق قىلىپ كېسەلنىڭ سۈيدۈك بىلەن زەھەرلىنىپ ئۆلۈپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالدى. چوڭ تەرەت توختاپ قالغاندا، ئۆزى كىلىزما قىلدى. سېزىم بولمىغانلىقتىن، بۇمۇ ئەپلەشمىسە، قولىغا پەلەي سېلىپ، ئارقا پىشايتىن تاشتەك قېتىپ كەتكەن قەۋزىيەتنى كولاپ ئېلىپ، بىتاپنىڭ ئازاۋىنى يېنىكلەشتۈردى. مەمتىلىنىڭ دوست - بۇرادەر، مەھەللە - ھەقەمسايىلىرى مەرھابانىڭ بۇ ئىشلىرىدىن ھەيران ئىدى. ئۇلار مەمنۇنلۇق بىلەن پىچىرلىشىپ: « ئوقۇغان - بىلگەن ئادەم دېگەن باشقا ئىكەن. بۇنىڭدەك ۋاپادار ئايال ئاز تېپىلىدۇ. خېزىرنىڭ قىزى بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇ ئارتقان جاپا - مۇشەققەتكە بەرداشلىق بېرەلمەس. مەرھابا ھەقىقەتەن ئىنساپلىق، دىيانەتلىك قىز ئىكەن » دېيىشەتتى.

مەرھابانىڭ ئىسىل پەزىلىتى بارغانسېرى كۆپ كىشىلەرنىڭ قەلبىدە ئۇنىڭغا بولغان ھۆرمەت ۋە ھېسداشلىق تۇيغۇسىنى قوزغاتتى، ئۇنىڭ نامى قەشقەردىلا ئەمەس، مەمتىلىنى ئىچكىرىگە داۋالىتىشقا ئېلىپ بارغان 2 يىل ئىچىدە ئۇنى يۈدۈپ ئوكۇلغا ئاپىرىش، ئۇۋۇلاپ يۇيۇش ئۈچۈن ئۈستۈنكى قەۋەتلەرگە ئېلىپ چىقىش يولىدا ھېرىپ - چارچاپ بۆرەك كېسەل بولۇپ قالغانلىقى، كېچە - كۈندۈز قېتىقىنىپ خەۋەر ئېلىش، ھەر تەرەپلىمە داۋا ئىزلەشى دوختۇرلار ۋە شاڭخەي خەلقى ئارىسىدا تەسىر قوزغىدى. شاڭخەي گېزىت - ژۇرناللىرى مەرھابانىڭ ئىش ئىزلىرىغا قىزىقتى. رادىيو ئىستانسىلىرى بۇ ھەقتە خەۋەر بەردى. شۇڭا ئۇنىڭغا ناتونۇش ئادەملەر تەرىپىدىن خالىس ياردەملەر بولۇپ تۇردى. لېكىن يانا بەزىلەرنىڭ مەرھابانىڭ ئىش ئىزلىرىنى ئاڭلاپ ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى. ھەتتا ئايرىم ۋاپاسىز ئالا كۆڭۈل خوتۇنلار بىردەم: « شۇنداقمۇ جان قىينايدىغان ئەخمەق بولامدۇ؟ باشلىق دېگەن بىر كېلىدۇ، بىر كېتىدۇ - دە. مەرھابا نىرۋىسىدىن ئاداشقان » دېيىشسە، بىردەم: « مەمتىلى چوقۇم ئۈستا داخان بولسا كېرەك، «ئىسسىقۇ»

قىلىپ ئۇنى ئۆزىگە رام قىلىۋاپتۇ. بولمىسا، بىر كىبرەكسىز نىمجاننى 5 يىل باققان بارمۇ، سىر مۇشۇ يەردە بولسا كېرەك، دىيىشەتتى. بۇنداق سوز - چوچەكلەرگە مەرھابا پەرۋا قىلمايتتى. ئۇ: " مەن مەمتىلىنى باققان بىلەن، ھەممىمىزنى پارتىيە، سوتسىيالىستىك جەمىيەت بېقىۋاتىدۇ. تەشكىل ئىككىمىزنى ناھىيە مەركىزىگە يوتكەپ كېلىپ، ھەر جەھەتتىن ئوڭايلىق يارىتىپ بەردى. مەمتىلىگە كېسەللىك پىنسىيىسى بېرىۋاتىدۇ، مەن خىزمەتكە تولۇق قاتنىشالمىساممۇ، مائاشىمنى تولۇق بېرىۋاتىدۇ، بۇ قېتىم مائاشىمنى ئوستۇردى. ھەر جەھەتتىكى غەمخورلۇقمۇ ئاز ئەمەس، بۇنى قانداقمۇ چۇشەنگىلى بولمىسۇن " دەپ نەق جاۋاپنى بېرەتتى. مەرھابانىڭ تەرىپىنى ئاڭلىغان، لېكىن ئۇنى ئوز كوزى بىلەن كورمىگەنلەر ئۇنىڭ گۈزەل رۇخسارىنى، مەدىنى كيىنىشلىرىنى كورگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ پاك قەلبىگە ئىشەنمەي گۇمانى قاراپ: " ئۇنىڭ بولدىشىنى بېقىۋاتقانلىقى بىلەن پاك ئوتتۇشى مۇمكىن ئەمەس. ئۇنىڭ ئوز كوڭلىنى خوش قىلىپ، ياشلىق ھىسسىنى بېسىپ تۇرىدىغان بىرەر ئىشى بولسا كېرەك " دەپ ئويلايتتى، ئاشكارا ياكى مەخپى ھالدا " تەۋەككۇل " قىلىپ بېقىشنى كوڭلىگە پۈكەتتى. مانا شۇنداق ئۆزمە كوڭۇل مەخلۇقلاردىن بىر نەچچىسى ئوز ئورۇنۇشلىرىغا نىسبەتەن مەرھابادىن تېگىشلىك دەككىسىنى يەپمۇ ئۇلگۇردى.

× ×

ھورمەتلىك كىتاپخان، يېقىندا مەن ئۇلارنى يوقلۇدۇم: مەمتىلى ھىلىمۇ ئورنىدىن تۇرغىنى يوق. كېسەللىك ئەھۋالى بىر خىل. مەرھابا بالدۇرقىدەكلا ئۇنىڭ باش - ئايىغىدا پەرۋانە.

مەن مەرھابانىڭ ھىسسىياتىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇپ سورىغىنىمدا ئۇ ماڭا باشقا گەپ قىلماي، خاتىرىگە يېزىلغان مۇنۇ ئىككى مىسرا شېئىرنى سۇندى:

" ئىشىق ئەھلىدە مۇدام، بولغاچ ھەقىقى چىن ۋاپا، بىلىنگەي بەلكى بىر لەززەت يار ئۇچۇن تارتقان جاپا. "

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# ئانا قەدرى

( ھېكايە )

ئابلىمىت ھاجى

ئانا — دۇنيادا ئەڭ سۆيۈملۈك، ئېزىز، مۆھتەرەم، ئۇلۇغ، مۇقەددەس تەۋەررۈكلار غەزىنىسىنىڭ جەۋھىرى. پىكىر كەپتەرلىرىمىزنى ئالەم ئارا ئەركىن پەرۋاز قىلدۇرۇپ، چەكسىز سۆز دېڭىزىدىن ھېساپسىز سۆز گوھەرلىرىنى سۈزۈپ ئېلىپ ئۇچقۇر قەلەم تۇلپارىنى ئىلھام يايلاقلىرىدا بولۇشىغا چاپتۇرۇپ، يەتتە قەۋەت يەر، يەتتە قات ئاسماننىڭ ئېتىكىگە بۈيۈك قەسىدىلەرنى يېزىپ، گۈزەل نەقىشلەرنى چەكسەكمۇ، ئانا تەرىپىنىڭ مىڭدىن بىر ئۈلۈشىنى ئىپادىلەپ بەرگىلى بولماس...

× ×

پەيشەنبە كۈنى ئىدى، ناماز بامداتنى ئوقۇپ بولۇپ ئانامنىڭ قەۋرىسىنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن «سېيىت ئارسلانخان» دېيىلىدىكى قەۋرىستانلىققا قاراپ يول ئالدىم.

قەۋرىستانلىققا يېتىپ بارغان چېغىمدا، قوياش يۈزىدىكى پەرەنجىسىنى قىيا ئېچىپ، جامالىنى ناز بىلەن ئايان قىلغان گۈزەل مەلىكىگە ئوخشاش تاغ ئارقىسىدىن مارىلاپ چىققىنىچە، نۇرلۇق ھۆسنىنى كۆرسىتىپ، يەر-جاھاننى كۈلدۈرمەكتە ئىدى. مەن ئانامنىڭ قەۋرىسى ئالدىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ، «سۈرە تابارەك» نى ئوقۇدۇم، قولۇمنى كۆتۈرۈپ: « ئى مەدەتكار ئاللا، پېقىر بەندەڭنىڭ دۇئاسىنى قوبۇل قىلىپ، ئانامنى سائادەتمەن بەندىلىرىڭنىڭ قاتارىدا قىلغايسەن...» دەپ دۇئا قىلدىم. كېيىن ئورنۇمدىن تۇرۇپ، ئادەت بويىچە قەۋرە ئەتراپىنى سىرىپ - سۈپۈرۈپ، ئۈستىگە بىر نەچچە سىقىم توپا تاشلاپ ھۆرمەت بىلدۈردۈم. ئاندىن قايتاي دەپ تۇرۇۋىدىم، ئانامنىڭ قەۋرىسىگە ئانچە يىراق بولمىغان بىر قەۋرە تەرەپتىن كېلىۋاتقان مۇڭلۇق يىغا ئاۋازى قۇلۇغۇمنى بەنت قىلدى. يىغلىغۇچىنىڭ يۈرەكنى ئېزىدىغان بۇ مۇڭلۇق ئاۋازىدىن بارا - بارا ئۆزەمنى تۇختۇتالماي قالدىم. تېخى ھېلىلا قۇرۇغان كۆز چاناقلىرىمدا قايتىدىن ياش تامچىلىرى پەيدا بولدى.

— ئانام - ئانام، ئانامەي ئانام، ئانام مېھرىبان، ئانام جانىجان، ئانام دۆلىتىم، ئانام سۇلتىنىم، ئانا ھۆرمىتىم، ئانام شوھرىتىم، ئانام راھىتىم، ئانام ئامىتىم، ئانام يايلىغىم، ئانام بايلىغىم...

يىغا بارغانسېرى تېخىمۇ ھەسرەتلىك ۋە مۇڭلۇق ياڭراشقا باشلىدى:

— ئانام - ئانام، ئانامەي ئانام، ھاياتىـ

نىڭ گۈلى ئانام، سائادىتىمنىڭ ھۈلى ئانام، بېغىمنىڭ بۈلبۈلى ئانام، لالە ـ رەيھان سۈمبۈلى ئانام، ئانام غۇرۇرۇم، ئانام ھوزۇرۇم، ئانام كوز نۇرۇم…

يىغا ئاستا ـ ئاستا پەسلىگىلى تۇردى. بىراق يىغلىغۇچىنىڭ ئاۋازى ئېنىق ۋە رەتلىك ئىدى:

ـــ سەندىن ئايرىلىپ ئانام، سۈندى قانىتىم قايرىلىپ ئانام، خىزمىتىڭنى قىلالمىدىم ئانام، ئانامەي ـ ئانام…

يىغىنىڭ تەسىرلىك سىھىرلىگۈچى كۈچىدىنمۇ ياكى كوڭلۇمنىڭ ھەددىدىن تاشقىرى ئېرىپ كىتىۋاتقانلىقىدىنمۇ، كوز ئالدىمدا قەۋرىستانلىقتىكى جىمى ئەرۋالار قەۋرىلىرىنىڭ ئۈستىگە چىقىشىپ يىغا ـ زارە قىلىشىۋاتقاندەك، بەزىلىرى يىغلىغۇچىغا سەۋرى ـ تاقەت تىلىشىۋاتقاندەك بىر ھالەت كورۇنمەكتە ئىدى. مەن دەرھال ئېسىمنى يىغدىمدە، بىر بىسىپ، ئىككى بىسىپ يىغا ئاۋازى چىقىۋاتقان قەۋرە يېنىغا باردىم. يىغلىغۇچى ـ يىگىرمە بەش ياشلار چامىسىدىكى بىر يىگىت ئىدى. ئۇ، يىغلايتتى، كوزلىرىدىن ئېقىۋاتقان تارام ـ تارام ياشلىرى قەۋرە يېنىغا ئالاھىدە پەرۋىش بىلەن ئۇندۇرۇلۇپ، ۋايىغا يەتكۈزۈلگەن گۈلنىڭ ئۈستىگە توختىماستىن توكۈلمەكتە ئىدى. مەن يىگىتنىڭ يېنىغا كىلىپ، يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ قىرائەت باشلىدىم. مۇشۇنىڭ بىلەن يىگىتنى يىغىدىن توختاتماقچى بولغان ئىدىم، دىگەندەك ئايەت باشلانغاندا ئۇنىڭ يىغا ئاۋازى بىردىنلا جىمىدى. مەن " رەببىل ئالەمىن " دىن كىيىن قولۇمنى كوتۇرۇپ، كوزلىرىمنى يۇمۇپ، ئانامنىڭ، يىغلىغۇچىنىڭ ئانىسى ۋە پۈتۈن ئەرۋاھلارنىڭ روھىغا ئاتاپ ئۇزۇن دۇئا قىلدىم. ئاندىن يىغلىغۇچىغا قارىغان ئىدىم، كۈتۈلمىگەن بىر ھالغا كوزۇم چۈشتى… يە ـ

گىت گەۋدىسىنى كىلەڭسىز ھالدا تېپىرلىتىپ، قەۋرە ئۈستىدە ياتاتتى. ئورۇق، قانسىز بارماقلىرى بىلەن قۇرۇق توپىنى مۇجىغلايتتى. ئۇنىڭ كىرىشىپ كەتكەن چىشلىرى ئارىسىدىن كالپۇكلىرى بويلاپ ئېقىۋاتقان كوپۇكلەر چىقاتتى… بۇ تاسادىپىلىقتىن كوڭلۇمگە ئاللا قانداق قورقۇنۇشلۇق خىياللار كىرىۋىلىپ، بىر ھازا تەمتىرەپ قالدىم. ئاخىر، يىگىتنىڭ كوڭلى كىتىپ قالغانلىقىنى ھىس قىلدىم ـ دە، ئۇنى تەسلىكتە كوتۇرۇپ قەۋرە ئۈستىدىن پەسكە ئالدىم ۋە بېشىنى قۇچۇغۇمغا قويۇپ، ئىككى چېكىسىنى، ئۈستى كالپۇكىنى، قوللىرىنىڭ بېغىشىنى ئۇۋۇلۇدۇم. ۋاقىت ئۇنىڭغا بارغانسېرى شىپالىق بەخش ئېتىپ ئوتمەكتە ئىدى. بىر چاغدا ئۇ، " ئۇھ … " دەپ بىرنى تىنىپ ئوڭشالدى ۋە بېشىنى كوتۇرۇپ، ماڭا قاراپ كوزلىرىدىن دەريادەك ياش ئاققۇزغان ھالدا:

ـــ ھەر نىمە بولسا ياراتقان ئاللا مېنى سىلىگە ئۇچراشتۇرۇپتۇ، شۈكرى… ئوزلىرىگە كوپ رەھمەت! ـ دىدى.

ـــ رەھمەت ئېيتقىدەك ئىش يوق، ـ دىدىم مەن ئۇنىڭ قىزارغان كوزلىرىگە قاراپ، ـ قارىغاندا، بىر ئاز ھاياجانلىنىپ قېلىپ، كوڭۇللىرى كېتىپ قالغان ئوخشايدۇ. ھېچ ۋەقەسى يوق، مانا ئەمدى بىر ئوبدان بولۇپ قالدىلا…

ئۇ ماڭا ئوزىنى چۈشەندۇرۇپ:

ـــ پات ـ پات دولىنىپ كىتىدىغان كېسەللىم بار، ـ دىدى.

ـــ بۇنىڭغا خېلى بولدىمۇ؟ ـ سورىدىم مەن.

ـــ ئىككى يىلچە بولۇپ قالدى.

ـــ ياپ ياش تۇرۇپ ھە؟!

ئۇ چوڭقۇر ھەسرەت بىلەن ئېيتتى.

ـــ شۇنداق، ياپ ـ ياش تۇرۇپ، … ئە ـ

هەي!... ئانامنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن شۇنداق بولۇپ قالدىم، راسلا ئانامنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن شۇنداق بولۇپ قالدىم...

ئۇ جىم بولۇپ قالدى. تۇرقىدىن تۈگىمەس بىر ئوي دېڭىزىغا پېتىپ كېتىۋاتقانلىقى رۇشەن ئىدى. مېنىڭ ئۇنىڭغا تولىمۇ ئىچىم ئاغرىدى — دە؟

— قويسىلا، ئۆيلىرىگە ئاپىرىپ قوياي! — دېدىم.

— رەھمەت، ئاۋارە بولۇپ قالىلا. پىساتلىقتا ئۆزەم كېتىمەن، — دېدى ئۇ تارتىنغاندەك قىلىپ.

— تارتىنمىسىلا، — دېدىم مەن يەنە، — سىلىنى بۇ هالدا تاشلاپ كېتىشكە كۆڭلۈم قىيمايدۇ.

مەن ئۇنى قولتۇقىدىن يۆلەپ تۇرغۇزدۇم، ئىككىمىز ئاستا قەدەم تاشلاپ قەۋرىلەر ئارىسىدىكى چىغىر يول بىلەن كېتىۋاتىمىز. ئۇ كېتىۋېتىپ پات - پات ئارقىسىغا - ئانىسىنىڭ قەۋرىسىگە قاراپ قوياتتى. ئاغزى بولسا پىچىر - پىچىر قىلىپ مۇنۇ سۆزدىن خەۋەر بېرەتتى:

— خىزمىتىڭنى ياخشى قىلالمىدىم ئانام، مەندىن رازى بولغىن ئانام ...

بىز يىگىتنىڭ ئۆيىگە كەلگەندە، پېشايۋانلىق هويلىدىكى سۇپىدا ئەللىك ياشلاردىن هالقىپ قالغان بىر ئايال پاكىزە توشەك ئۈستىدە ئولتۇراتتى. ئۇ بىزنى تولىمۇ ئىسسىق چىراي، مۇلايىم هوسلە - سۈلكەت، شېرىن سۆزلەر بىلەن قارشى ئالدى. لېكىن ئولتۇرغان ئورنىدىن مىدىرلاپمۇ قويمىدى. بۇ هال كۆڭلۈمنى سەل - پەل غەش قىلدى. شۇڭا مەن هەيرانلىق بىلەن: «ئەجەپمە؟... بوسۇغىدىن ئاتلاپ كىرگەن كىشى ئەگەر ساڭا دۈشمەن بولغان هالەتتىمۇ، ئورنىڭدىن تۇرۇپ هۆرمەت بىلدۈرۈشۈڭ ئەقەللى قائىدە - يوسۇن ئەمەسمۇ؟! ...... دەپ ئويلايتتىم. شۇ چاغدا يىگىت ماڭا:

— بۇ مېنىڭ ئانام بولىدۇ، ئە، هە!... ئاللە ئايىچە بولغاندۇ، تۇساتتىنلا پۇتى ئاغرىغان بانا بىلەن ماڭالماس بولۇپ قالدى. شۇندىن بېرى قىلمىغان چارىلىرىمىز قالمىدى، هېچ شىپا تاپمايۋاتىدۇ، — دېدى. بۇ سۆز مېنىڭ بايىقى: «نېمىشقا ئورنىدىن تۇرمايدۇ؟» دېگەن هەيرانچىلىغىمنى كۆڭلۈمدىن كۆتىرىۋەتكەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئورنىنى: «بۇ يىگىت باياتىن قەۋرىستانلىقتا «ئانامنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن شۇنداق كېسەل بولۇپ قالدىم» دېگەن ئىدى. ئەمدى «بۇ ئانام بولىدۇ» دەۋاتىدۇ. بۇ قانداق گەپ زادى؟ دېگەن بىر سوئال ئىگىلىگەن ئىدى. يەنە شۇ چاغدا يىگىت:

— خوش، قېنى ئۆيگە مەرھەمەت قىلسىلا! — دېدى. مەن ئۆيگە كىرىپ ئولتۇرۇپ: «ئامىن ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ دۇئا قىلىپ ئەدەپ بەجا كەلتۈردۈم. ئارقىسىدىن يىگىت قولۇمغا سۇ بەردى. ئاندىن يىگىرمە ياشلاردىكى بىر چوكان نەپىس سالام ۋە ئەدەپ بىلەن داستىخان كۆتۈرۈپ كىردى. يىگىت چوكاننىڭ قولىدىن داستىخاننى ئېلىپ ئالدىمغا سېلىۋېتىپ:

— بۇ مېنىڭ ئايالىم بولىدۇ، — دەپ تونۇشتۇردى.

مەن هۆرمەت يۈزىسىدىن مۇنداق دېدىم:

— ئايال كىشى — ئۆينىڭ زىننىتى، چىرىغى، بىر ئائىلىنىڭ ئاۋاتچىلىقى ئايال كىشى بىلەن بولۇر ......

ئايال چىقىپ كەتتى. يىگىت بىلەن ئىككىمىز بەدەشقان قۇرۇپ ئولتۇرۇپ چاي ئىچىشكە باشلىدۇق. مەن چاي ئىچىۋېتىپ يىگىتكە سەپ سالدىم: قوي كۆز، قارا قاش، ئۇزۇن

بوي كەلگەن بۇ يىگىتنىڭ چىرايى ساماندەك سېرىق، سولغۇن بولۇپ، قانداقتۇ بىر ھەسرەت - جۇدالىقنىڭ دەرت - ئەلەمى ئۇنىڭدا كىشىنىڭ ئىچىنى ئېچىشتۇرغىدەك بىر ئىز قالدۇرغان ئىدى. يىگىت ئالدىمدىكى بوشاپ قالغان پىيالىغا چاي قۇيۇپ ماڭا سۇندى. مەن چاينى ئېلىپ بىر ئوتلىغاندىن كېيىن ئۇنىڭدىن سورىدىم:

— ئىسمىلىرى كىم؟

— ئالماس.

— ئۇكام ئالماسخۇن، سىلىدىن بىر ئىشنى سورىسام مالال كەلمەس - ھە؟

— يوقسۇ، مالال كېلەمدىغان، سوراۋەرسىلە.

— باياتىن قەۋرىستانلىقتا: " ئانام ۋاپاتىدىن كېيىن مۇشۇنداق كېسەل بولۇپ قالدىم " دېگەن ئىدىلە، مۇۋاپىق بىر پەيتتە مۇشۇنىڭ سەۋەبىنى بىلگۈم كېلىدۇ.

— ئۇنداق بولسا، - دېدى ئۇ — بولىدۇ، ھەر پەيشەنبە كۈنى ئانامنى تۇمەن بويىغا ئېلىپ چىقىپ سەيلە قىلدۇرۇش قەرزىم بار... ئە، ھە! ھازىر ئانامنى شۇ يەرگە ئېلىپ چىقماقچى، ئەگەر خالىسىلا، ۋاقىتلىرى يار بەرسە بۈگۈن تونۇشۇپ قالغانلىقىمىزنىڭ ھۆرمىتى، بۇندىن كېيىن مۇناسىۋىتىمىزنىڭ داۋاملىشىشى ئۈچۈن بىز بىلەن بىللە سەيلىگە تەكلىپ قىلىمەن. شۇ خۇش ھاۋالىق جايدا خاس ئولتۇرۇپ، كەڭتاشا پاراڭلاشمامدۇق؟

— بولىدۇ، مىڭ مەرتىۋە بولىدۇ، مەن سوھبەتخومار ئاشىقتەك بىر ئادەم.

دۇئا قىلىنىپ، داستىخان يىغىلىپ، ئورنىمىزدىن قوزغالدۇق. ھويلىغا چىققان چېغىمىزدا ئالماس ھويلىنىڭ بىر چېتىدە تۇرغان بىر قول ھارۋىسىنى سوراپ ئانىسىنىڭ قېشىغا ئېلىپ كەلدى. ئاغىچە ئۇنىڭ ئايىلىمۇ ئۆيىدىن كىگىز، كۆرپە ئېلىپ چىقىپ، ھارۋىغا سېلىپ يۇمشاققىنا ئورۇن راسلىدى. ئاندىن ئالماس ئانىسىنى ئاۋايلاپ كوتۇرۇپ ئېلىپ ھارۋىغا ئولتۇرغۇزدى. ئۈچىمىز ئالماس ھارۋىنى سوراپ، ئايىلى ئۇنىڭ قېشىدا، مەن ئۇلارغا ھەمرا بولۇپ تۇمەن بويىغا قاراپ يول ئالدۇق. بىز شەھەر كوچىلىرىدىن ئوتۇپ كېتىۋاتقىنىمىزدا ئالماسنىڭ تونۇش - بىلىش، دوست - بۇرادەرلىرى ئۇنىڭغا قاراپ ئىللىق تەبەسسۇم ۋە سويۇنۇش ئىلكىدە سالام بېرەتتى. مەن بولسام: " نېمە دېگەن ئېسىل يىگىت ھە، بۇ، بىزنىڭ كىتاپلىرىمىزدا " بالا ئانىسىنى ھەرەمگە يەتتە قېتىم يۈدۈپ ئاپىرىپ - ئەكەلگەندىمۇ يەنىلا ئانىنىڭ بىر قېتىملىق ئىمىتكەن ئەجرىنى ئادا قىلىپ بولالماس... دەپ يېزىلغان. ئۇلگەنلەرنىڭ مەدەتكارلىقى، تىرىكلەرنىڭ دۇئاسى — بۇ يىگىتنىڭ كېيىنلىكىگە شىپا، ھاياتىغا بەخت - سائادەت ئاتا قىلىپ، ئىككىلا دۇنيا ئېزىز قىلغۇسى ... " دەپ چىن قەلبىمدىن ئۇنىڭغا ئاپىرىن ئېيتماقتا ئىدىم.

2

تومەن......

قەشقەر شەھىرىنىڭ شىمالىغا كوز تىكسەڭلار غەرپتىن - شەرققە سوزۇلغان بىر دەريانى كورىسىلە. مانا شۇ — تومەن. ئۇ، سانسىزلىغان چەشمە بۇلاق سۇلىرىنىڭ قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان، يىل بويى توختىماي - ئۈزۈلمەي يىلاندەك يوگۈشۈپ ئېقىپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ ۋادىلىرى ياپ-يېشىل بوستانلىق ...ھەر كۈنى نەچچە يۈزلىگەن كىشىلەر بۇ يەردە ئارام ئالىدۇ، ھاۋالىنىدۇ، راھەتلىنىدۇ... شۇڭا خەلق ئىچىدە مۇنداق بىر قوشاق بار:

هەجەپ ياخشى تومەن بويى، هاۋاسى،
ياڭراپ تۇرار كاككۇكلارنىڭ ناۋاسى.
تەنگە داۋا كەۋسەر كەبى سۇلىرى،
بۇ ئىقلىمدا يوقتۇر ئۇنىڭ باھاسى.

بىز تومەن بويىغا يېتىپ كېلىپ، بىر بوستانلىقتا جاي راسلاپ ئالماسنىڭ ئانىسىنى ئورۇنلاشتۇردۇق - دە، ئۆزىمىزمۇ بىر پەس ئولتۇرۇپ ئارام ئالدۇق. ئاندىن ئالماس ئايىلىغا قاراپ:

— ئانامغا ياخشى قارىغىن، ھە! بۇ ئاكىمىز بىلەن ئىككىمىز «مارجان بۇلاق» تەرەپنى سەيلە قىلىپ كېلەيلى - دىدى.

— جېنىم بىلەن.... دىدى ئايىلى جاۋاپ بېرىپ.

كېيىن ئالماس ئانىسىغا قاراپ تەبەسسۇم بىلەن:

— بىز كەتتۇق ئەممىسە، ئانا، - دىدى.

— بېرىڭلار بالام - بېرىڭلار، مىڭەڭلەرنى ئەگىتىپ كېلىڭلار، - دىدى، - ئانىسى رازىلىق بىلدۇرۇپ.

ئىككىمىز «مارجان بۇلاق» نىڭ بويىغا يېتىپ كەلدۇق. بۇ يەرنىڭ ھەقىقەتەن كورگۈچىلىگى، ماختىغىچىلىگى بار ئىدى. توت ئەتراپى دەرەخلىق، چىمەنزار بولۇپ، كىچىك ئېرىقلاردا زۇمرەتتەك سۇپ-سۈزۈك سۇلار شىرىلداپ ئېقىپ تۇراتتى. بىز بىر كوكتاتلىقتا كېلىپ ئولتۇردۇق. ھەر ئىككىمىزنىڭ كەيپىمىز خېلى ساز ئىدى. ھەر ئىككىمىز بىر ئوي ۋە بىر ئىنتىلىش بىلەن بەنت ئىدۇق. ئارىدىن قانچىلىك ۋاقىت ئوتتىكىن تاڭ، بىر چاغدا ئالماسنىڭ:

— ھە، ھازىر نىمىنى ئويلاۋاتىلا؟ دىگەن ئاۋازى قۇلىقىمنىڭ تۈۋىدە جاراڭلىدى.

مەن بۇرۇلۇپ ئۇنىڭغا قاراپ:

— نىمىنى ئويلايتتىم، نىمە ئۈچۈن ئانىلىرىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن شۇنداق كېمەل بولۇپ قالغانلىقلىرىنى بىلىشنى ئويلايمەن-دە! دىدىم.

— ماقۇل، ئۇنى بىلىشكە قىزىقىپ قالغان بولسىلا سوزلەپ بىرەي.

ئۇ بىردەم جىمىپ كەتتى. كېيىن ئېغىر بىر ئوھ تارتىپ قويۇپ ئوز سەرگۈزەشتىسىنى بايان قىلىشقا باشلىدى:

مەن ئاتا - ئانامغا بىر بالا ئىدىم. ئاتام رەخمەتلىك ئېغىر - بېسىق، تەمكىن مىجەز ئايال بولۇپ، مېنى جېنىدىن ئېزىز كورەتتى. ئۇ تولا چاغلاردا مېھرىبانلىق بىلەن باش - كوزۇمنى سىلاپ تۇرۇپ: "بالام سەن بىزنىڭ دۇنيالىقتا يالغۇز تىغدەك بىر ئوغلىمىز. بىزنىڭ خوشاللىغىمىزمۇ، خاپىلىغىمىزمۇ سەن بىلەن. بىزنىڭ تاپقان تەرگىنىمىزمۇ سەن ئۈچۈن. داداڭ بىلەن مەن ئېقىل - پاراسەتلىك، پەزىلەتلىك، ۋىجدانلىق ياخشى پەرزەنتلەرگە ئاتا - ئانا بولۇشنى ئارزۇ قىلاتتۇق، ئوزىمىزنىمۇ شۇنداق ئاتا - ئانىلاردىن بولۇش سۈپىتىگە لايىقمىز دەپ قارايتتۇق. بەختىمىزگە يارىشا ئاللا تائالا ئائىلىمىزگە سەندەك بىر يورۇق يۇلتۇزنى قوندۇرۇپتۇ، بۇنىڭغا يۈز مىڭ قېتىم شوكرانىلا ئېيتىمىز. بىز سېنىڭ ئوز نىيىتىمىزگە لايىق، ئىزىمىزنى بېسىپ، چىرىغىمىزنى يورىتىدىغان پەرزەنتىمىز بولۇشىڭنى تىلەيمىز. خۇدا ئايىغىڭدىن شامال ئوتكۈزۈپ، يامان كوز، يامان سوزدىن يىراق قىلغاي ..." دەيتتى.

كۈنلەر ئوتۇپ ھەش - پەش دىگىچە ئون ئۈچ ياشقا كىرىپ قالدىم ......

ئۇ گېلىغا بىر نەرسە تۇرۇپ قالغاندەك ئىسىلىپ بىر پەس جىم بولۇپ قالدى. كوز چانىقلىرىدا بولسا سىماپتەك ياش تامچىلىرى

لىغىلداپ قالغان ئىدى .

— شۇنداق قىلىپ « ھەش - پەش دېگىچە ئۇن ئۈچ ياشقا كىرىپ قالدىم » دېسىلە ؟ دېدىممەن ئۇنىڭغا سوزلىرىنى داۋاملاشتۇرسىلا دېگەنچىلەپ. ئۇ :

— شۇنداق، ئە، ھەي! مېنىڭ بەختسىزلىككە قاراپ يۈزلەنگەن كۈنلىرىمۇ شۇ يېشىمدىن باشلاندى ، — دەپ سوزىنى داۋام قىلدى ، — نىمە دېسەم بولار ، مەن بىلەن بىر مەھەللىلىك كامال ئىسىملىك ، كەپسىز بىر ساۋاقدىشىم بار ئىدى . ئۇنىڭ دادىسى بىر مەكتەپنىڭ زاپخوزى بولۇپ ، ئۇلارنىڭ ھالى - كۈنى بىزدىنچەندان ياخشى ئىدى. كۈنلەردىن بىر كۈنى بىز مەكتەپتىن يېنىپ كېلىۋاتقاندا ئۇ ساۋاقدىشىم ماڭا :

— ئالماس ، بىر گېپىم بار ئۇنامسەن ؟- دېدى .

— نىمە گەپ ، ئېيتە قېنى ؟ - دېدىم مەن .

— ئۇرۇمچىنى كورۇپ كەلمەيمىزمۇ ؟

بۇ تاسادىپى سوئالدىن مەن ھاڭ - تاڭ بولۇپ تۇرۇپ قالدىم - دە ، ئۇنىڭ مۇندىن بىر يىل بۇرۇن بىر قېتىم ئويدىن قېچىپ چىقىپ كېتىپ ، دادىسى ئۇنى بىر ئاي ئىزدەپ ئۇرۇمچىدىن تېپىپ كەلگەنلىگىنى دەرھال ئېسىمگە ئالدىم ... شۇڭا :

— نىمە دەۋاتىسەن ؟ مۇنداق گېپىڭنى قوي ! -دېدىم .

— ۋاي ئاداش ... دېدى ئۇ سەل خاپا بولغان ھالدا ، - قورقۇۋاتامسەن ؟ تازا توخۇ يۈرەك بىر نەرسە ئىكەنسەن . ئوغۇل بالا دېگەن ئوغۇل بالىدەك بولۇش كېرەك ، شە كورۇمىز، ھا ۋا....

— شە كورۇمىز ؟ !

—ھەئە، شە كورۇمىز. ۋەي ئاداش ئۇرۇمچى دېگەن شۇنداق يوغان، بەلەن شەكى ، قەشقەردەك مىڭ كېلەمدۇ دېگىنە ... ئۇ يەردە ئۇياقتىن - بۇياققا غۇيياڭشىپ ئۇچۇپ يۈرگەن پىكاپ ، ئاپتوۋوز ، موتۇچىلارنى كورسەڭنە دەيسەن ؟ ! ئىككى مۇچەن تولەپ پىكاپقا چۈشسەڭ شەنىڭ ئۇ بېشىدىن بۇ بېشىغا ئاپىرىپ قويىدۇ . غادىيىپ ئولتۇرۇپ كېتەسەن ... يەنە خۇڭسەن دېگەن ماگىزىنى بار. دۇنيادىكى ھەممە نەرسە شۇ يەردىن تېپىلىدۇ. شىمىگودېگەن يەردىكى بۇلاقلارچۇ ؟ ... قانداق ئاداش، كورۇپ كېلەمدۇق ؟

ئۇنىڭ بۇ سوزلىرى مەيلى راست ياكى يالغان بولسۇن ، بارا - بارا مېنىڭ بالىلارغا خاس تەلپۈنۈشۈمنى قوزغاپ ، بىلەگۋاشلىق تۈيغۇمنى ئاشۇرۇپ بارماقتا ئىدى، يەنە بىر تەرەپتىن ۋۇجۇدۇمغا تىترەك ئولتۇرۇپ ، بىر قورقۇش ۋەھىمىسى كوڭلۇمنى چۇلغىۋالغان ئىدى . شۇڭا مەن :

— ياق ، بارمايمەن ، - دېدىم .

— ۋاي ئاداش ، - دېدى ئۇ يەنە مېنى كوندۇرمەكچى بولۇپ ئاق قۇچقاچتەك چاۋىلداپ ، - ئوتكەن قېتىم بارغان چېغىمدا ئاپتوۋوزغا چۈشۈپ ئايروپىلان ئىستانسىسىغا چىقتىم دېگىنە! ... ۋاي - ۋوي، ئۇيەردىكى ئايروپىلانلارنىڭ تولىلىغى ھەم ياڭزىمۇ - ياڭزىلىغىنى ... كورىدىغان بولساڭ كوزۇڭنى ئۈزەلمەيسەن ، قايتىپ كىرگۈڭ كەلمەيدۇ ، جېنىڭ سويۇنۇپ كېتىدۇ . مەن ئۇ يەردە بىر كۈن تازا ئويناپتىمەن ... ماقۇل دېگىنە ئاداش ! كورۇپ كېلەيلى .

بىردىنلا مېنىڭ كوزۇمگە ئاسماننىڭ قەھرىدە ئۇياقتىن - بۇياققا غاقىراپ ئۇچۇپ يۈرگەن ئايروپىلانلار كورۇنۇشكە باشلىدى. مەن ئۇلارغا تەلپۈنەتتىم ، كوز تىكەتتىم ، ھاياجىنىمنى باسالماي چاۋاك چالاتتىم . بىر

بەڭۋاش خىيال مېنى ئەسىرگە ئالماقتا ئىدى. ئاخىرى ئىككىلىنىپ تىترەپ تۇرغان ئاۋازىم بىلەن:

— پۇل بولمىسا ... دېدىم.

— پۇل دەپ قاپسەن ئاداش، پۇل بار، بىزدە پۇلنىڭ پارچىسى 10 كوي، — دېدى ئۇ بەزىبىر پوچى ياشلاردىن ئۆگىنىۋالغان گەپلەرنى تەكرارلاپ.

مۇشۇنداق تالاش - تارتىش بىلەن ئۇنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىغا كېلىپ قالغان ئىدۇق. ئۇ مېنى توختىتىپ:

— دادام سەھراغا، ئانام بىرسىنىڭكىگە تويغا كەتكەن. دادامنىڭ چاۋىسىدە پۇل بار، شۇنى ئالىمىز — دېدى.

مەن زۇۋان سۈرمىدىم. ئۇ يانچۇقىدىن بىر توپ ئاچقۇچنى ئېلىپ هويلىنىڭ، ئۆينىڭ ئىشىكىنى ئاچتى. ئاندىن چاۋەنىنىڭ قۇلۇپىغا ئاچقۇچ سېلىشقا باشلىدى. ئۇ بۇ ئاچقۇچنى سېلىپ بېقىپ، ئۇيان - بۇيان تولغاپ، ئۇزۇن هەپىلىشىپ ئاخىرى قۇلۇپنى ئاچتى - دە، ئارتىمىسىدىن بىر توپ پۇلنى ئالدى ۋە ماڭا قاراپ:

— كوردۇڭمۇ؟ پۇل دېگەن مۇشۇ، راسا خەجلەپ، بولۇشىغا ئوينايمىز - دە! — دېدى.

"ئوينايمىز" دېگەن بۇ سۆز مېنىڭ ئەقلىمنى ئوغۇرلاپ تىلىمنى كېسىپ، مېڭەمنى بەنت قىلماقتا ئىدى. شۇڭا مەن "ماقۇل" دېگەنگە بەلگۈ قىلىپ بېشىمنى لىڭشىتتىم، ئىككىمىز دەرهال پۇپكىلىرىمىزنى ئوگزىگە جىغىۋېتىپ، شەھەرگە قاراپ يۈرۈپ كەتتۇق. ئۇستەڭ بويىغا بېرىپ تويغىچە كاۋاپ يېدۇق. ئاندىن هېيتگاھقا كەلدۇق.

— ۋاي ئاداش، ئەنە ئاتۇشنىڭ ئاپتوۋۇزى، — دەپ تۇيۇقسىز ۋېقىرىمىغا نۇقىدى، كامىل ۋە قولۇمدىن تۇتقىنىچە مېنى ئاپتوۋۇز تەرەپكە تارتىپ ماڭدى. ئىككىمىز كىشىلەرنى ئىتتىرىپ - قىستىلىپ يۈرۈپ ئاپتوۋۇزغا چىقتۇق - دە، ئاتۇشقا باردۇق. ئەمەلىيەتتە مېنىڭ ئەركىنلىكىم تامامەن ئۇنىڭ ئىختىيارىدا ئىدى. بىزدە ئۇنىڭ يالۋۇرۇشى، يالغان ئەيتىسىمۇ قاملاشتۇرۇپ سۆزلەشلىرى بىلەن شوپۇرلارنىڭ كۆڭۈللىرىنى هامان ئوتتۇۋالاتتۇق. "ئوتتۇۋېلىش" ئويۇنىمىز ئۈنۈم بەرمىگەندە ئېسىلىۋېلىپ يۈك ئارىسىغا سالىمىدەك كىرىۋېلىپ، كىرپىدەك تۈگۈلۈپ يېتىۋالاتتۇق. شۇنداق قىلىپ ئەپلەپ - سەپلەپ ئاتۇشتىن — سۇغۇنغا، سۇغۇندىن — ئاچالغا ...... ئۇ ماشىنىدىن — بۇ ماشىنىغا يوتكۇلۇپ يۈرۈپ 4 كۈندە ئاقسۇغا كېلىۋالدۇق. مەن كامالنىڭ مەن تېخى چۈشۈنۈپ يەتمىگەن ئاجايىپ سېھرى كۈچىگە هەيران قالدىم. ئەمدى يۈرۈگۈممۇ خېلى يوغۇناپ، تارتىنىش ۋە ئەيمىنىش سەزگۈم مەس بولۇپ، كامال بىلەن بىللە ئوتقىمۇ، سۇغىمۇ كىرەلىگىدەك بىر هالغا كەلمەكتە ئىدىم ... بىز ئاقسۇدا 3 كۈن تۇرۇپ، كوچىمۇ - كوچا، ئاشخانىمۇ ئاشخانا ئايلىنىپ يۈرۈپ، پۇلنى غازاڭدەك خەجلەپ، راسا كوڭۇل ئاچتۇق. كېيىن يولىمىزنى داۋاملاشتۇرۇپ قەدىمى كۇچار، قارا شەھەرلەردىمۇ ئايىغىمىز تەگمىگەن جاي ئاز قالدى. كورلىغا يېقىنلاپ قالغان چېغىمىزدا، كامال مەندىن سوراپ قالدى:

— هەي، ئالماس ئاداش، يانچۇق قۇرۇقدىلىپ قالغىلى ئاز قاپتۇ، قانداق قىلىمىز؟

بۇ سوئالدىن بەدىنىمگە مۇزدەك تىترەك ئولاشتى، چىرايىم ئۆڭدى، ئۈن - تىنسىز هالدا بىر هازاغىچە تۇرۇپ قالدىم.

كامال بولسا مېنىڭ بۇ ئوڭايسىز ھالىتىمگە قاراپ ئۆزى سۆزلىدى:

— تازىمۇ قورقۇنچاق نېمىكەنسەن ئاداش. بۇنداق كەڭرى جاھاندا پۇلسىز قالامدۇق؟! بىزنىڭ پۇلىمىز تۈگىسە باشقىلارنىڭ يانچۇقىدا بار ئەمەسمۇ ؟!

— يانچۇقچىلىق قىلىمىزمۇ ؟ — دېدىم مەن ئەندىكىپ.

— مەدىنىرەك گەپ قىلامسەن ھەي ئاداش، يانچۇقچىلىق قىلمايمىز. ھۈنەر قىلىمىز. كىشىلەرنىڭ يانچۇقىدىكىنى جوندەش دېگەن بىر ھۈنەر دېگىنە!... كامالنىڭ ھەيبار كۆزلىرى بىردىن پىلدىرلاپ كەتتى.

كورلىغىمۇ كەلدۇق. كامالنىڭ يانچۇقىدا قالغان پۇلىنىڭ ئۇششاق تىيىنلىرىدىن تارتىپ قېقىشتۇرۇپ، ئاران بىر كۈننى ئۆتكەزدۇق. قوساق دېگەن ئاجايىپلا بىر نېمىكەن، نەچچە كۈنلەردىن بىرى يەيدىغانغا ئورۇن يوق. مانا ئەمدى يانچۇق ئۇيياقتىن قۇرۇغدىلىنىپ تۇرۇشقا بۇيياقتىن قوساقنىڭ سۇناي چېلىپ تۇرغىنىنى! كەچقۇرۇن ئۇخلاش ئۈچۈن ئاپتوۋۇز بېكىتىنىڭ يېنىدىن ئەپچىلگەنە بىر ئورۇننى پەملەپ قويغاندىن كېيىن، كامال يولدا كەلگىچە دېگەن گېپىنى يەنە تەكرارلىدى:

— ھەي ئاداش، بىر ھۈنەر قىلايلى ھۈنەر.... بۈگۈن ئاخشام ئەپلىمىسەك ئەرتىلىككە نېمە قىلىمىز؟

ئۇنىڭ ئېيتقىنى ماڭا يوللۇقتەك بىلىندى. بىراق كىچىكىمدىن تارتىپ ئاتا - ئانامنىڭ قايتا - قايتا جېكىلەپ تۇرۇشى بىلەن بىرەر كىشىنىڭ قىل چاغلىق نەرسىسىنىمۇ ئېلىپ كۆرمىگەن ئىكەنمەن.

— قانداق قىلىمىز، گەپ قىلمامسەن؟ — دەپ قىستىغىلى تۇردى كامال.

— ئۆزەڭ بىر ئاماللىنى قىلارسەن، مەن.....

— ھىم مۇنداق دېگىن. ھېلىمۇ ئۆيدىن ئېلىپ چىققان پۇللىرىمنى سەن ئۈچۈن پاك-پاكىزە سەرپ قىلدىم. يەنە مەن ئامالنى قىلامدىمەن؟ سەنزە تەييارغىلا ئىگە ئىكەنسەندە. ئەگەر يەنە مېنىڭ دېگىنىمگە كۆنمەي لاتا قونجىلىق قىلىدىكەنسەن، ئەدىۋىڭنى بېرىمەن، تاشلاپمۇ كېتەلەيمەن.

ماڭا گويا ئالەم قاراڭغۇلاشقاندەك بولدى. كامالنىڭ «ئەدىۋىڭنى بېرىمەن، تاشلاپمۇ كېتەلەيمەن» دېگەن سۆزىدىن قۇلاقلىرىم زىڭىلداپ كەتتى. راستىنلا تاشلاپ كەتسە قانداق قىلىمەن؟! ئۇ مەندىن ئىككى ياش چوڭ بولۇپ «تۈگمەننىڭ كۆيلىسىدىن پۈتۈن چىقىدىغان» بىر ۋەلەك ئىدى. ئاخىرى:

— سەن نېمە دېسەڭ شۇ — دېدىم ئىلاجسىزلىقتىن. كامال مېنى بىر كىنوخانىنىڭ ئالدىغا باشلاپ باردى. چوڭ لامپىلار بىلەن ئايپاق يورۇتۇلغان كىنوخانا ئالدىدىكى مەيداندا گازىرچىلار، كاۋاپچىلار، باققاللار، ناۋايلار بەس - بەس بىلەن توۋلىشىپ خېرىدار چاقىرىشماقتا ئىدى. ياغلىرى ئوتقا ئېقىپ پەۋىلداپ تۇرغان مېزىلىك كاۋاپ پۇرىقى، يۈزى چىلاندەك قىزىرىپ پىشقان نانلار، سۇلىرى تېمىپ تۇرغاندەك سۈپ - سۈزۈك نەشپۈتلار نەپسىمىزنى تاقىلدىتىپ، ئاغزىمىزغا سېرىق سۇ كەلتۈرۈپ، كۆزلىرىمىزنى قىزارتىپ، ئالاق-جالاق قىلماقتا ئىدى. كامال كىنوغا بىلەت سېتىلىۋاتقان كامار ئالدىغا باردى، بىراق ئۇ يەردە كامال پايدىلانغىدەك جىددى قىستا - قىستىلاڭچىلىق يوق ئىدى. مەنمۇ ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ تامغا يۆلىنىپ تۇردۇم. بىر دەمدىن كېيىن بىر توپ كىشى -

لەر كامار ئالدىغا كەلدى ـ دە، ئۆز ئارا بىرلەت ئېلىشنى تاللىشىپ قالدى. «مەن ئالاي» دەيتتى بىرسى «ياق مەن ئالىمەن» دەيتتى، يەنە بىرسى... ئۇلارنىڭ مەيدە، كاشا يانچۇقلىرىغا قول سېلىشىپ پۇل ئېلىشىۋاتقانلىرىنى كورگەن كامال ماڭا قاراپ كوزىنى يۇمچەكلەپ قويدى. كېيىن قېشىمغا كېلىپ قۇلۇغۇمغا:

—ئاۋۇ ماشىرەڭ چاپانلىقنى كوردۇڭمۇ؟ بارە، پۇل كاسا يانچۇغىدا جۇمۇ، قورقما، مەن ئاۋۇ كەپكە شەپكىلىكنى پەملەي ـ دىدى.

مېنىڭ يۇرەكلىرىم دوكۇلداپ، پەيلىرىم سىقىرغىلى تۇردى. ئامال قانچە؟! ئوزەمنى زورغا بېسىۋېلىپ توپ ئىچىگە كىردىم ـ دە، ماشىرەڭ چاپانلىقنىڭ ئارقىسىغا ئوتۇپ، ئۇنىڭ يانچۇغىغا قولۇمنى ئۇزاتتىم مانا، مانا، ئىككى بارمىقىم پۇلغا تەگدى... ۋاي ئىسىت!... پۇلنى ئەمدىلا سۇغۇرۇپ ئېلىشىمغا ئىككى كۇچلۇك قول كېلىپ بىلىگىمگە ئېسىلدى.

—يانچۇقچى، مانا يانچۇقچى!...

مەن بەزگەكتەك تىترەپ، ئەس ـ ھۇشۇمنى يوقۇتۇپ، كىشىلەرنىڭ جىنىمدىن ئوتۇپ كېتىۋاتقان تىل ـ ھاقارەتلىرى بىلەن ئارىلاپ ـ ئارىلاپ بېقىنىمغا تەككۈزۈۋاتقان مۇشتلىرىنىمۇ سەزمەس بولۇپ قالغان ئىدىم. شۇ چاغدا قاياقتىندۇر ئىككى ساقچى كېلىپ مېنى ئېلىپ ماڭدى. مەن كىتىۋېتىپ ئارقامغا قارىدىم، كامال كورۇنمەيتتى.

مەن ئومرۇمدە بىرىنچى قېتىم گۇناھكار بولۇپ سوراققا تارتىلدىم ۋە بولغان ئەھۋالنىڭ ھەممىسىنى قالدۇرماي دىدىم. سەرگۈزەشتىلىرىمنى ئاڭلىغان ساقچىلارنىڭ چىرايلىرىدا غەزەپلىنىش ۋە يەنە قانداقتۇ ئىچىنىغان قىياپەت چىقىپ تۇراتتى.

ئۇلار مېنى ئايرىم ھالدا بىرسىنىڭ مۇھاپىزىتىگە تاپشۇردى. مەن مەيۇسلۇك ئىچىدە ئۇچ كۈننى ئوتكۇزدۇم. ئۇچىنچى كۈنى مەن تۇرغان قوروغا ھېلىقى ئىككى ساقچى بىلەن بىر نەچچە كىشى كىرىپ كېلىشتى. مەن ئوتان يېرىۋاتاتتىم. بېشىمنى كوتۇرۇپ قارىشىم بىلەن كوزۇم ماڭا قاراپ ئوزىنى ئاران ـ ئاران تۇتۇپ كېلىۋاتقان مېھرىبان چېھرىسىگە ـ دادامغا چۇشتى. شۇ تاپتا مەن ئۇچۇن چىقاي دىسەم ئاسمان يىراق، كىرەي دىسەم يەر قاتتىق كەلمەكتە ئىدى.

— بالام ... دادام يۇگۇرەپ كەلگىنىچە مېنى باغرىغا چىڭ بېسىپ قۇچاقلاپ يۇز ـ كوزلۇرۇمگە سۆيۈپ كەتتى. مەنمۇ ئوزەمنى تۇختۇتۇۋالالماي ئۇن سېلىپ يىغلىۋەتتىم. شۇ چاغدا بىر ساقچى ماڭا قاراپ دىدى:

— ياخشى بالا ئاتا ـ ئانىسىنى خاپا قىلمايدۇ، سىزنىڭ ئوز بېشىمچىلىق بىلەن ئويىدىن چىقىپ كېتىشىڭىز ـ ئەدەپسىزلىك. بۇندىن كېيىن ئاتا ـ ئانىڭىزنى بىسەرەمجان قىلماڭ!

ئاندىن يەنە بىر ساقچى دادامغا قاراپ دىدى :

— بالا ئىزدىتۇرۇلغان، ئېلىپ كېتىڭ، دىلىغا ئازار بەرمەڭ، ياش يومران كۇچەت ئەمەسمۇ، تۈزۈلۈپ كېتىدۇ.

ئالماس سوزلەپ شۇ يەرگە كەلگەندە، خېلى بىر ۋاقىتلارغىچە جىم بولۇپ قالدى، مەنمۇ ئۇنىڭ تىلىدىن سوز گوھەرلىرىنىڭ توكۇلۇشىنى كۇتمەكتە ئىدىم. ئۇ ئالدىدىكى كوكتاتلىقتىن بىر تال ئوتنىڭ گۇلىنى ئۇزۇۋېلىپ، قولىدا پىقىرىتىپ ئوينىغىنىچە:

— يەنە سوزلەيمەنمۇ ؟ ـ دىدى.

— ئەلۋەتتە سوزلىسىلە!... ھازىر مىنى باققا باشلاپ كىردىلە، مۇۋىسىنى يىمىسەك بولامدۇ ؟ دىدىم مەن.

— ماقۇل سوزلەي، مەن قەشقەرگە يېتىپ كەلسەم كامال ئاللا بۇرۇنلا كېلىپ بولغان ئىكەن. ئارىمىزدا نىمە سەھرىكۈچ ۋە ئاجرىيالمايدىغان بىر ئىش بار ئىكەن تاڭ، بىزيەنە تېپىشىپ، كېلىشىپ قالدۇق. شۇنىڭ بىلەن مەن ھېلىقى ساقچى دىگەندەك تۈزۈلۈپ كەتمىدىم، بەلكى بارغانسىرى بۇزۇلۇشقا قاراپ ماڭدىم، ئويۇن-تاماشىدا ئېزىتقۇلىرى كۆڭلەرئوتكەنسىرىمىنى كامالغا باغلاپ قويدى. ئۇ مىنىڭ بىردىن - بىر "ئۇستام" بولۇپ قالدى. ئۇ ماڭا تاماكۇ چېكىشنى، ھاراق ئىچىشنى، ھەتتا قىمار ئويناشنى ئۆگەتتى ... ئىككىمىز مەكتەپكە بارىمىز، دەپ ئويدىن چىقىپ كەتسەك، كۈن بويى مەكتەپكە بارماي ئىشەك ھاڭرىغان، داپ تاراڭلىغان، پۈتىمىز تايغان ، بېشىمىز قايغان يەرلەردە ئويناپ، كۈندىن-كۈنگە بىر قاراڭغۇلۇق ئىچىگە غايىپ بولماقتا ئىدۇق...

بىر كۈنى مەن قىمار ئويناپ، ئۇتتۇرۇۋېتىپ50كويغا بولا بولۇپقالدىم. ئارىدىن بىر نەچچە كۈن ئوتتى. پۇل ئۆتنەۋالغۇچى ئالدىمنى توساپ :

— پۇلۇمنى بەرگىن، - دىدى.

نىمىنى بەرەي؟يېنىمدا بىر تىيىنمۇ يوق ئىدى . شۇڭا مەن گوشۇگلۇق قىلىپ :

— تاپقاندا بېرىمەن ، - دىدىم .

پۇل ئۆتنەۋالغۇچى مەندىن چوڭ ھەمكۈچلۈك ، ئۈچىغا چىققان ئالا قانات ئىدى . مىنىڭ سوزۇم ئۇنىڭ توغىسىنى قايناتتى بولغاي :

— تاپقاندا بەرەرمىش تېخى! - دىگىنىچە مىنى ئۇرۇپ ئاغزى-بۇرنۇمنى قان قىلىۋەتتى . كېيىن ئۇ گېلىمنى سىقىپ :

— تاپقاندا بېرەمسەن ؟ - دەپ سوئال قويدى .

تاياق ماڭا خېلىلا ئوتكەن ئىدى . شۇڭا ئۇنىڭغا يالۋۇرغان ھالدا دۇدۇقلاپ :

— ئە··· تە··· ، ئە··· تە··· چوقۇم بېرىمەن ، - دىدىم .

ئەتىسىمۇ بولدى . بېشىم راس قاتتى . ئويان ئويلاپ ، بۇيان ئويلاپئاخىرى ئانامنىڭ ئالتۇن بىلەيزۈگىنى ئوغۇرلىدىم - دە، سېتىپ قەرزىمنى تولىدىم . ھەي ئارىدىن بىر كۈن ئوتكەن ئىدى . كەچ مەھەل ئويگە كىرسەم ئانام بىر ئىشتىن مالال بولغاندەك خاپا چىراي ئولتۇرۇپتۇ . ئۇ مېنى كورۇپ ، روخسارىغا زورغا بىلىنەر - بىلمەس كۈلكە تۈسى بېرىشكە تىرىشىپ :

— كەل ، بېرى كەل ئوغلۇم ،ئالدىمدا ئولتۇر ! دىدى .

— نىمە گېپىڭ بار ؟ - دىدىمەن .

— كەل ، ئولتۇر ، ئىككى ئېغىز گېپىم بار ...

مەن خوشياقمىغان ھالدا ئانامنىڭ قېشىغا كېلىپ ئولتۇردۇم . ئۇ ، خۇددى پاختىدەك يۇمشاق قولى بىلەن بېشىمنىسىلاپ تۇرۇپ :

— بالام سەندىن بىر ئىشنى سوراي،كاتنىڭ بۇلۇڭىغا ئالتۇن بىلەيزۈگۈمنى قويۇپ قويغان ئىدىم ، يوق تۇرىدۇ، كوردۇڭمۇ ؟ دىدى .

مەن شۇنداق سوراققا دۇچ كېلىدىغانلىغىمنى ئاللا بۇرۇنلا ئويلاپ قويغان ئىدىم . شۇڭا تەلەتمىنى پۈرۈشتۇرۇپ :

— ئۆزەڭ قويغان نەرسىنى ئۆزەڭ بىلمەسەڭ مەن نەدىن بىلەي ؟ - دىدىم .

— بالام بىر ئالتۇن بىلەيزۈك قىلىۋالماق ئاسان ئىش ئەمەس، ئۇنى دادام رەھمەتلىك داداڭغا ياتلىق بولغان چېغىمدا سوقتۇرۇپ بەرگەن . ئۇ چوڭ داداڭنىڭ تەۋەررۈكى ··· ناۋادا بىلىپ - بىلمەي سېتىپ تاشلىغان بولساڭ ···

— بىلمەيمەن دىدىمغۇ!

— جىنىم بالام، قاراپ تۇرۇپ بىزنى مۇنداق زىيانغا ئۇچرۇتۇپ قويساڭ بولماس، ھېلىمۇ بىقىندىن بىرى پۇل بۇزدى بولۇپ كەتتىڭ.

— يائاللا ئىيتىپباقە. قانچىلىك پۇلۇڭنى بۇزۇۋەتكەندىمەن؟

— ئۆزەڭگە ئايان ......

مەن زەردە بىلەن ئىيتتىم:

— ئۆزەمگە ئايان بولۇپ ... زىللاتىڭنى قۇرۇتىۋەتتىمۇ؟

ئاتامنىڭمۇ ئاچچىغى كەلگەن ئىدى. ئەمما ئۇنىڭ ئانىلىق مېھرى ئاچچىغى ئۇستىدىن غالىپ كەلدى ــ دە، ئەيتتى:

— قالغىنىنى ئۆزەڭ ئويلاپ باق. خەير، بوپتۇ، ئىنساۋىڭغا دۇئا قىلاي.

ئالماس ماڭا يالت قىلىپ قارىدى. ئۇنىڭ كىيەل ئازاۋىدىن نۇرسىزلىشىپ كەتكەن كوزلەرىدە بىر خىل خىجىللىق ۋە پۇشايماننىڭ بەلگۈلىرى ئىپادىلىنىپ تۇراتتى، مەنمۇ ئۇنىڭغا «قىينى سوزلەۋەسىلە» دىگەنگە ئىشارەت قىلىپ بېشىمنى لىڭشىتىپ قويدۇم. ئۇ داۋام قىلدى:

— ھەي قىلغان ــ ئەتكەنلىرىمنى سوزلەپ كەلسەم ئۇن كۈندىمۇ تۈگىمەيدۇ. تۇرمۇش دولقۇنلىرى مېنى بارغانسېرى تۇۋى يوق بىر قاراڭغۇ غارغا ئىتتىرىۋەتتى. مەن توغرا ھايات يولىدىن يىراقلاپ، كەيپسىزلىشىپ، قىنىمدىن چىقىپ كەتتىم ...... مېنىڭ ئوزۈمگە ئۇخشاش بىر قانچە ئاغىنىلىرىم بار ئىدى. ئۇلارنىڭ بىرىنى سۇلتان شالاق، يەنە بىرىنى ئەركىن جودا، قالغان ئىككىسىنىڭ بىرىنى ھېكىم ياپسا، يەنە بىرىنى يالقۇن ئافىيدەيتتۇق. مېنى بولسا ئۇلار ئالماس قالاق دىيىشەتتى. بىز ھەر كۈنى ئەتىگەندە ھېيتگاھقا جەم بولاتتۇق ــ دە، خەلق كولۇبىنىڭ يان ئىشىگىنىڭ ئالدىدىكى مەيدانغا كىلىپ قاق چۈشكىچە قەرت ئوينايتتۇق. كۈن ئىككىلىشىپ قوسىغىمىز پىژىلداپ ئىچىشقا باشلىغاندا بولسا ئورنىمىزدىن قوزغۇلۇپ، ئاسمانغا قاراپ بىر ــ ئىككىنى ئەسنىۋىتىپ «قانداق قىلىمىز، نەگە بارىمىز» دىگەنگە چۈشەتتۇق. «بوشلەڭ» دە تەلىيىمىز ئوڭدىن كىلىپ، تاپاۋىتىمىز ياخشىراق بولغان كۈنلىرى ئاشخانىغا، نەس بىسىپ قولىمىز قىسقا بولۇپ يانچۇغىمىز قۇرۇغدىلىپ قالغان كۈنلىرى بىرەر چايخانىغا كىرىپ قوسىغىمىزنى تويغۇزاتتۇق. ئاندىن ئىككى ــ تۆت سەر ئىچىۋېلىپ، ئون ئالتە سەر مەس بولۇۋېلىپ ماگىزىنىمۇ ــ ماگىزىن، كوچىمۇ ــ كوچا ئايلىنىپ يۈرەتتۇق. ناۋادا ئالدىمىزغا قىزلار ئۇچراپ قالسا ئەدەپسىز چاقچاقلارنى قىلىپ، يولدا مېڭىشقا يۇرەكسىز قىلىۋىتەتتۇق. بۇنى كورگەن بەزى كىشىلەر بىزگە پەنىدى ــ نەسىھەت قىلار بولسا شۇ زامات جودا چىقىرىپ، ئەدىۋىنى بېرىپ، ئۆزىمىزنى تونۇتۇپ قوياتتۇق. كۈنلەر شۇ يوسۇندا ئوتۇپ، كوزنى يۇمۇپ ئاچقۇچىلا يېشىم ئون سەككىزدىن ھالقىپ قالدى. ئون سەككىز ياش ۋاقىت ئادەم بالىسىنىڭ ئىڭىدا يىگىچە ئۆزگىرىش ياسايدىغان بىر پەللە ئىكەن. مەن شۇ پەللىدە ئۆزەمدە ئاجايىپ بىر ھالنى سەزدىم. ھېمىشە قىزلارنى كورگۈنۈمدە قەلبىمنىڭ چوڭقۇر يېرىدە ئىللىق بىر تارتىش كۈچىنىڭ پەيدا بولىۋاتقانلىقىنى ھىس قىلاتتىم. ئارقىسىدىن كوزۈم تىشلەي دەپ قالغىچە تەلمۈرۈپ قاراپ قالاتتىم. ئاخشاملىرى ئوڭدا يېتىپ، ئۇ ــ بۇ قىزلارنى كوز ئالدىمغا كەلتۈرۈپ، شېرىن خىياللارغا بېرىلەتتىم. بىزنىڭ مەھەللىنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى بىر مەھەل‌ـ

دە گۈلبوستان ئاملىق پەرىزاتتەك بىر قىز بار ئىدى. بىز نىگان ـ نىگاندا ئۇچرىشىپ قالساق، ئۇ پەقەت ئۆزىگە خاس بىر خىل ئاللىق چىراي بىلەن كۈلۈپ قويۇپ، سالاملىشىپ ئۆتۈپ كېتەتتى. كۈنلەر ئۆتۈپ يۈرىكىم ئۇنىڭغا قىزىسىپ قالدى. ھەي! ... يۈرىكىملا ئەمەس، پۈتۈن ۋۇجۇدۇم سىماپتەك ئېرىپ، ئوتتەك يانىدىغان بولۇپ قالدى، شۇنىڭ بىلەن مەن ئۇنىڭغا خەت يازدىم:

ھورمەتلىك گۈلبوستان:

سىزنى كورسەم، سىزنى ئويلىسام ـ بىر ئىنتىلىش ئىچىدە پۇچۇلىنىمەن، مۇھەببىتىڭىزگە ئېرىشەلىسەم ئۆزۈمنى بەختلىك ھىسابلايتتىم.

جاۋابىڭىزغا ئىنتىزار بولۇپ: ئالماس

بىر نەچچە كۈندىن كېيىن جاۋاپ خەت ئالدىم. ئۇنىڭدا مۇنداق دېيىلگەن ئىدى:

ئالماس:

ئەزەلدىنلا ئۆزەمگە ۋىجدانى ئازا، غايىسى بويۈك، پەزىلىتى يۈقۇرى، ۋاپا قىلىدىغان بىر يىگىتنىڭ جۈپلۈق بولۇشىنى ئارزۇ قىلىپ كېلىۋاتىمەن ۋە ئۆزەمنىمۇ شۇنداق يىگىتكە مۇناسىپ بىر قىز دەپ قارايمەن. ئۇچرىشىپ قالغان چېغىمىزدا خوشنا مەھەللە بولغانلىقىمىزنىڭ ھورمىتى بىلەن ئەدەپ ـ ئەخلاقتا رىئايە قىلىشنى ئەلا بىلىپ سالام ـ سائەت قىلىپ ئۆتكەنلىكىمنى باشقا مەنادا چۈشۈنۈپ قالغان بولسىڭىز بەكمۇ ئەخمەقلىق بولىدۇ.

سىزگە توغرا يول تىلەيدىغان يات قىزدىن

خەت يۈرىكىمگە نەشتەر سانچىلغاندەك تۇيۇلدى ـ دە، ھەسرەت ۋە ئازاپ ئىچىدە لەۋىمنى چىشلىدىم. كېيىن يەنە كوڭۈل شەيتىنىم ئېزىقتۇرۇپ كىچىكىمىزدىن تارتىپ تونۇش بىر قىزغا خەت يازدىم.

قەدىرلىك ئادالەت:

كىچىكىمدە سىزگە ھورمىتىم بار ئىدى، چوڭ بولۇپ يىگىتلىك قورامىغا يەتكىنىمدە مۇھەببىتىم بولىۋاتىدۇ. ئومۇرلۇك بىللە بولۇشقا رازىلىق بېرەلەمسىزكىن؟

جاۋابىڭىزغا تەلمۈرۈپ: ئالماس

ئۈچ كۈندىن كېيىن جاۋاپ خەت ئالدىم. ئۇنىڭدا مۇنداق دېيىلىپتۇ:

ئالماس:

سىز كىچىكىڭىزدە راستىنلا ياخشى بالا ئىدىڭىز، كېيىن نىمە بولۇپ كەتكەنلىكىڭىز ئۆزىڭىزگە مەلۇم ... ئادالەت ئاخماق قىز ئەمەس، ئۇ، ئومۇرلۇك بولىدىغان يىگىتنىڭ پاراسەت ۋە شىجائەتكە، ئەمگەك قىلىپ نان تاپالايدىغان بولۇشىنى شەرت قىلىدۇ. سىزگىمۇ ئۆزىڭىزگە مۇناسىپ بىرسى باردۇ.

رەنجىمەسلىكىڭىزنى ئۈمىت قىلىپ:
ئادالەت

بۇ مەن ئۈچۈن قانداق روھى ئەلەم؟! مەن: بولدىلا، قىزغا قىزىغان كوڭلۇم مۇزلاپلا قالسۇن، دەيتتىم. يەنە ئۇنداق قىلغىلى بولامدىكەن؟! گۈلگە ئاشىق بۇلبۇلنىڭ گۈل ئىشقىدا ناۋا قىلماسلىقى مۇمكىن ئەمەستە... ۋاقىت ئۆتكەنسېرى يېشىم چوڭۇيۇپ يالغۇزلىقتىكى تۇرمۇش ئىسسىنگى قىستاپ بارماقتا ئىدى. شۇڭا بەنە بىر قانچە قىزلارغا سوز قىلىپ، خەت يېزىپ باقتىم. ئەمما ھېچ بىرىدىن دىلكەشلىك جاۋابىنى ئالالمىدىم. ئەكسىچە ئۇلاردىن "سىزگە چۈشۈپ قالغان قىز تېخى دۇنياغا تورەلمىدى"، "سەۋزىدە خەۋەر يوق، گۈرۈچ دەم يەپ قاپتۇ"، "ئادەم ئۆچۈن ئۆزىنى بىلىش ئەڭ قىممەتلىك"... دېگەندەك سوزلەر بىلەن پەشۋا يېدىم. ئاتا-ئانام بولسا "بۇنىڭ بېشىنى ئوڭلاپ قويساق تۈزۈلۈپ قالارمىكىن"... دېگەن ئۈمىت بى-

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

لەن ئاللا قانچە كىشىلەرنىڭ بوسۇغىسىدىن ئاتلاپ، قىز سوراپ كىرگەنىدە، ئۇلارنىڭ ھەممىسى خۇددى مەسلىھەتلىشىپ ئالغاندەكلا "ھەر بىرلىرىنى دىسەك قىزىڭىزنى ئۆزىمىزنىڭ ئاپىرىپ قويغىمىز بار، تېخى يېقىندىلا بىر يەر بىلەن قۇدىلىشىپ قويۇپتىكەنمىز" دەپ ئۆزىنى قاچۇرۇپتۇ. "تېخى يېقىندىلا بىر يەر بىلەن قۇدىلىشىپ قويۇپتىكەنمىز" دىگەن بۇ سۆز — ئوغلۇڭلار يارىمايدۇ، دىگەن گەپ ئەمەسمۇ؟!

ماناا مۇشۇ پەشۋالاردىن كېيىن ئۆزەمنى — ئۆزەم خورلىغانلىغىمنى ھېس قىلدىم. بەڭۋاشلىغىمنىڭ ئاخىرىدا ماڭا ئاتا قىلغان يۈرىگىمنى زىدە قىلىنغۇچى ھەدىيەلەرنى كۆرۈپ ئۆتكەن ھاياتىمغا ئوكۇنۇشكە باشلىدىم. ئاسانلىقچە ياش چىقمايدىغان كوزۇمدىن تارام — تارام ياش توكۇلۇشكە باشلىدى. كوڭلۇمنى بىر مىسكىنلىك ئورىۋالدى. بىر ۋىجدانى جازا ۋۇجۇدۇمنى خۇددى راك كېسىلىگە ئوخشاش شۇمۇپ يېگىلى باشلىدى... كېيىن داداممۇ ماڭا قىلىدىغان ئاتىلىق ئىلتىپاتلىرىنى بىردىنلا ئۈزۈپ قويدى. ئۇ مېنى كورسىلاخۇيى تۇتۇپ قالىدىغان، قاپىغىدىن قار ياغدۇرۇپ، ھومۇيۇپ قارايدىغان، ئوزىچە كايىپ سوزلەپ كېتىدىغان بولۇپ قالدى.

— ئۆزۈڭنى تونۇپ يولۇڭنى تاپ! ..... دەيتتى ئۇ، — بۇلمىسا بۇينۇڭنى قۇچقاچنىڭ بوينىنى ئۈزۈپ تاشلىغاندەك ئۈزۈپ تاشلىۋېتىمەن، ئىككى پۇتۇڭنى چېقىۋېتىپ، خاكىسار ئىتنىڭ ئورنىدا نان تاشلاپ بېرىپ باقىمەن. ھوھ، ... ئوتمەس ماتا، ئېقىلسىز، بەدقىلىق ھايۋان، ئائىلىمىزنىڭ شان — شەرەپ ۋە خوشاللىغىنىڭ ئوغرىسى! بىلىپ قوي، قەھرىمۇ، زەھرىمۇ بار ئاتىمەن. ياخشى بولساڭ بېشىڭنى سىلايمەن، بولمىسا.....

ئانامنىڭ چىرايىمۇ ئانچە ئېچىلماس بولۇپ قالدى. ئۇ:

— سېنى توققۇز ئاي، توققۇز كۈن قوساق كوتىرىپ، ئاچچىق تولغاق ئازاۋىنى تارتىپ تۇغۇپتىمەن، كېچىلىرى كىرپىگىمنى جۇپلىماي، كۈندۈزلىرى ھاردىم — تالدىم دىمەي بوشۇگىڭنى تەۋرىتىپ، زاكىلىرىڭنى قۇرۇغداپ، ئاق سۇتۇمنى بېرىپ بېقىپ قاتارغا قوشۇپتىمەن. چوڭ بولغاندىن كېيىن كوپ ئەسكىلىكلەرنى قىلىپ شەنىمىزگە داغ كەلتۈرگەن بولساڭمۇ، دەرت — ئەلەمنى ئىچىمگە يۇتۇپ، سەۋرى — تاقەت قىلىپتىمەن. بۇنىڭغا مەن رازى، بىمىننەت، ھالا بۇگۈنگىچە سەن مېنىڭ ئانىلىق نەسىھەتلىرىمنى بىر پۇلغا ئالمىدىڭ. مانا ئەمدى يۈرۈگىممۇ ئېقىپ تۈگەپ بولدى. تولا يىغلاپ كوزۇمنىڭمۇ خۇنى قالمىدى. ئۇنداق قىلىۋەمە، ياخشى ئادەم بول، ئاللادىن ساڭا ھىدايەت، ئىناپ — تەۋپىق، بەخت — سائادەت تىلەيمەن — دەيتتى.

ئاھ، ياراتقان ئاللا! مەن نىمە بولدۇم؟ مەن قانداق بىر كۈنگە قېلىۋاتىمەن؟!... مەن ئۆزەمنى دۇنيادا خۇددى ئوشۇقچە ئادەمدەك ھېس قىلىشقا باشلىدىم. دۇنيادىكى ھەممە ئادەم، ھەممە نەرسىلەر ماڭا نەپرەت كوزى بىلەن قاراۋاتقاندەك ئىدى.

ئەنە ئۇ تەشتەكتىكى گۈللەر:

— ھەي ئالماس، سەن بىزگە ئوخشاش بىر گۈل ئىدىڭ، ياشلىق باھارىڭنى بىھودە خازان قىلدىڭ، — دەۋاتقاندەك قىلاتتى.

ئەنە ئۇ ئۈزۈمە شېخىغا ئېسىپ قويۇلغان قەپەزدىكى تۇمۇچۇق:

— ھەي ئالماس، مەن ئەركىن پەرۋاز قىلىدىغان ئۆز ماكانىمدىن ئايرىلىپ بۇ قەپەز ئىچىگە بەنت قىلىنغان بولساممۇ ھەر كۈنى

مىنى ئۇسسۇز - ئاچ قويماي، ۋاقتى - قەرە-
لىدە دان، سۇ بىرىپ باققان ئىگەمگە خوش
ئاۋازىم بىلەن ناۋا قىلىپ بىرىپ، ئۇنىڭ
كۆڭلىنى ئېلىشىنى مۇقەددەس بۇرچۇم
دەپ قاراۋاتىمەن، سەنچۇ؟ - دەۋاتقاندەك
قىلاتتى.

مەن بىر قىسىلچاقتا قىسىلىپ قالغاندەك،
ھاڭغا دومىلاپ كېتىپ بىر تال دەرەخ يىلى-
تىزىغا ئېسىلىپ قالغاندەك، پارتلاپ تۈگەش
ئالدىدا تۇرغان مۇئەللەقتىكى شارغا ئوخشاپ
قالغاندەك ئىدىم...

ھىكايە شۇ يەرگە كەلگەندە، ئالماس ئۆزى-
نى توختۇتۇپ ئالالماي يىغلاپ كەتتى. مەن-
مۇ، خۇددى گىلىمغا قىلتىرىق تۇرۇپ قالغان
ئادەمگە ئوخشاش تۈۋرىگىمنى يۇتكىنىمچە
ئىختىيارسىزلا يىغلىۋەتتىم... ئارىدىن قانچ-
چىلىك ۋاقىت ئۆتكەنلىكىنى بىلمەيمەن. بىر
چاغدا ئالماس يانچۇقىدىن قول ياغلىقىنى
ئېلىپ كۆز ياشلىرىنى ئېيتتى - دە، ھاياجان-
دىن تىترەپ تۇرغان ئاۋازى بىلەن يەنە
سۆزگە كىرىشتى:

- ئاھ، ئېسىت!... تۇيۇقسىزلا ئائىلە-
مىزنىڭ نۇرلۇق چىرىغى ئۆچۈپ قالدى، خا-
سىيەتلىك خوشپۇراق گۈلى توزۇپ كەتتى.
نازاكەتلىك بۇلبۇلى ناۋا قىلىشتىن توختى-
دى. زىننەتىمىزنىڭ گۈلۈستانى، شادلىق - شەۋ-
كەت، ئىززەت - ھۆرمىتىمىزنىڭ باغۇنى سائادى-
تىمىزنىڭ دىلبىرى كۆزىمىزدىن ئەبەدىي غايىپ
بولدى ..... ئاھ، ھەسرەت - نادامەت!...
ئالتۇندەك ئانام ئالتۇنغان ئالەمنى پانى-
دىن ئالەمى باقىغا سەپەر قىلدى....

ئانام ھايات ۋاقتىدا كۆڭلۈم توق، يۈرۈ-
گۈم پۈتۈن ئىدى. ئەتىگىنى ئىچىدىغان چې-
يىم، ئاخشىمى يەيدىغان ئېشىم تەييار ئىدى.
ياقامغا كىر قونمايتتى. ئانامدىن ئايرىلغان-
دىن كېيىن ئاتا - بالا ئىككىمىز ھەقىقىي يې-
تىم بولۇپ قالدۇق. دادام بولسا بىر جۇدا -
لىق دەشتىدە غەمكىن، جىمغۇر ۋە بىئارام
ئىدى. مەن بولسام، ئەندى بىزگە كىم ئاش-
نان تەييارلاپ بېرىدۇ، ئورۇن - كۆرپىمىزنى
كىم سېلىپ - يىغىدۇ، كىر - قاتلىرىمىزنى كىم
يۇيىدۇ؟ دىگەن ھەسرەتلىك بىر ئوي - پىكىر
ئىچىدە مىسكىن ئىدىم. ئۆيىمىز ماڭا گويا
مۇزخانىدەك كۆرۈنەتتى. ئانچە ئۆتمەي تام-
تورۇلىرىدا ساچقانلار چىرىلداپ، بۇلۇڭ پۇچ-
قاقلارغا ئۆمچۈكلەر تور سېلىشقا باشلىدى.
مەن ئەقلىمگە كەلگەندىن بۇيان بۇ ئائىلە-
نىڭ بىر ئەزاسى بولۇپ، بىز بىلەن بىللە ياشاپ
كېلىۋاتقان ھىلىقى مۇشۈكمۇ يوقاپ كەتتى....

مانا شۇ چاغدا، ھەقىقىي ھالدا ئانامنىڭ
قەدرى ئۆتۈلۈشكە باشلىدى. ئەشۇ بىر مېھرى-
بان چىراي كۈندۈزى ئالدىمدىن، كېچىسى
چۈشۈمدىن كەتمەيدىغان بولدى. گويا قايناۋا-
ۋاتقان قازانغا موز تاشلىۋەتسە چىپپىدە ئې-
رىپ كەتكەندەك، يېنىۋاتقان چىراقنى پۈدى-
ۋەتسە لىپپىدە ئۆچۈپ قالغاندەك، بۇرۇنقى
ھاۋايى - ھەۋەس ۋە بەڭۋاشلىقلىرىم نەگى-
دۇ يوقاپلا كەتتى، ئايرىلىشنىڭ
رەھىمسىز ئوقى يۈرەك پۇشتىمغا تېگىپ
ئۆرتەپ بۇرۇختۇملۇق ئىچىدىكى بىر ئوي-
خىيال مېنى شوراپ يەپ ، ئاخىرى دولىنىپ
كېتىدىغان كېسەل بولۇپ قالدىم . مېنىڭ بۇ
ئېچىنىشلىق ھالىم ، دادام ئۈچۈن دەرت ئۈس-
تىگە دەرت بولدى. ئۇ، ئېغىر يېتىمچىلىك،
يالغۇزلۇق كوچىسىدا ئازاپ چېكىشكە باشلى-
دى. دادامنىڭ بۇ ھالىغا قاراپ ئېچىم سى-
رىلىپ كەتتى. شۇڭا بىر كۈنى مۇنداق دې-
دىم:

- ئۆتكەن ھاياتىمنى ئويلىسام، ئانام-
نىڭ روھىغا يۈز كېلەلمەيمەن. سىلىنىڭ ئال-

دىلىرىدا بەكمۇ خىجىلمەن، مىنىڭ ئەھۋالىم مانا مۇشۇ. سىلەر كوپ رەنجۇ — مۇشەققەت چېكىپ قالدىلا. مەسلىھەتىمنى لايىق تاپىدىغان بولسىلا، باشلىرىنى ئۇكشاپ قويساق...

دادام ماڭا قاراپ كوزىگە جىققىدە ياش ئالدى.

— دادا كوڭۇللىرىنى چۇشۇنىمەن، بۇنداق قىلىش سىلىگە ئېغىر تۇيۇلىدۇ. ئەمما تۇرمۇش شۇنداق قىلىشقا قىستىغان ئىكەن، بىزدە نىمە ئىلاج بار؟ هامان تەرەتلىرىگە سۇ بېرىدىغان بىر دىلكەشلىرى بولۇش كېرەكتە!...... شۇنداق قىلسىلا ئانامۇ خوش بولۇپ، گورىدا خاتىرجەم ياتاي......

دادام بېشىنى يەردىن كوتەرمەيتتى. شۇ ياشتىكى كىشىلەرنىڭ كوزىدىن ياش چىقماق ئاسانمۇ؟ ئۇنىڭ كوز ياشلىرى مۇنچاق-مۇنچاق بولۇپ، مەڭزى بويلاپ ئېقىپ چۇشمەكتە ئىدى.

شۇنداق قىلىپ ئائىلىمىزدە ئانامنىڭ تۇتقان جاھانغا بىر ئىز باسقۇچى پەيدا بولدى! مەن بىر ئانىغا ئىگە بولدۇم.

— ھە!... ئەشۇ ئايال - ئوزلىرىگە ئوگەي ئانا بولىدىكەندە، - دىدىم مەن سوز قىستۇرۇپ.

— نىمە دىسەم بولار؟ - دىدى ئالماس ماڭا قاراپ ئىللىققىنە كۇلۇپ قويۇپ، - ئەندى بىزدە قەدىمدىن تارتىپ "ئوگەي ئانا" دىگەن بىر ئات بار ئىكەن. شۇنداق بولغاچقا سىلىگە "ھەئە، ئەشۇ مېنىڭ ئوگەي ئانام" دەپ جاۋاپ بەرمەي بولمىدى. ئەمما ئۇ ماڭا ئوگەي ئەمەس، ئوز ئانامدەك ئوز، مېھرىبان...... ئۇ ھەقىقى ساپ دىل، سەمىمى بىر خىسلەت ئىگىسى...... مانا مۇشۇ ئانام ئائىلىمىزگە كىرگەندىن كېيىن قايتىدىن جانلاندى، ئىللىشقا باشلىدى. مېنىڭ كېسىلىممۇ بۇرۇنقىدىن كوپ ياخشىلاندى. كېيىن بۇ ئانام سەيپى قىلىپ، ئوز تۇققانلىرىدىن بىرسىنىڭ قىزىنى-ئەشۇ ئايالىمنى ماڭا نىكالاپ قويدى. بۇ ئانام يەنە ھەر پەشەنبە كۇنى تاڭ سەھەردە بېشىمغا كېلىپ:

— ئالىمساخۇن بالام، قوپسىلا، ئانىلىرىنىڭ بېشىغا چىقىپ كىرسىلە! - دەيدۇ.

ئانام بولسا پات-پات چۇشۇمگە كىرىپ قېلىپ:

— ئالماسجان بالام، ئاللا ساڭا ياخشى بىر ئانىنى ئاتا قىلدى. مەن داداڭ بىلەن سەندىن خاتىرجەم بولدۇم. ئۇمۇ سېنىڭ مەندەكلا ئاناڭ، قەدرىگە يەتكىن! - دەيدۇ.

ئالماسنىڭ ئاۋازى تىترەپ، بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى.

مەن ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ:

— يىغلىمىسىلا، ئوتكەن ئىشلارغا ئاسالۋات.... بۇگۇن سىلە ئېغىل تېپىپ، ئاتا - ئانىلىرىنىڭ ئۇمىدىگە لايىق بۇ ئائىلىنىڭ يورۇق يۇلتۇزى بولۇپلا... دىدىم.

ئۇ ھەسرەت بىلەن ئېيتتى:

— ئانام ھايات چېغىدا مەندىن نى - نى ئۇمىتلەرنى كۇتكەن ئىدى. ئۇۋاقتىدا مەن ئېغىلسىز بولدۇم. ئەمدى مەن ئېغىل تاپقاندا ئانام بولمىدى. ئانامنىڭ قەدرىگە يەتمەگەنلىگىمگە ئاھ - ئېستدەيمەن.

1982 - يىل 9 -، 10 - ئاي

ئاتۇش - قەشقەر

# ئىككى قېتىملىق تەلەپنىڭ سىرى

( فېليەتون )

ئابلىمىت باتۇر

بەردىن ئىدارىنىڭ ئۈگىنىشكە تۈتقان يوقلىما دەپتىرىنى كوتەرگىنىچە باشلىقنىڭ ئالدىغا كىلىپ:

— مالال كورمەي مىنىڭ ئىسمىمنى دەپتەرنىڭ ئەڭ ئاخىرىغا تىزىملاپ قويسىڭىز كەن دىدى.

— بۇ چوڭ ئىش ئەمەس، — باشلىق قولىغا قەلەم ئېلىۋىتىپ، — مانا، « كىرت » تىمدە قىلسا ملا تۈگەيدۇ.

ئاردىن بىرەر ئاي ئۆتكەن بولۇشى ئېھتىمال. بەردىن يەنە شۇ قىياپەتتى بىلەن باشلىقنىڭ ئالدىدا ھەجىيىپ توختىدى:

— جۈيجاڭ، ئەمدى مىنىڭ ئىسمىمنى دەپتەرنىڭ ئەڭ بېشىغا تىزىملاپ قويسىڭىز، بۇندىن كىيىن سىزگە تەلەپمۇ قويمىسام.

باشلىق ئۇنىڭغا مەسلىگى كەلگەندەك كۈلدى ۋە بەردىنىنىڭ مۈرىسىنى قېقىپ تۇرۇپ كوڭلىدىكىنى ئېيتتى:

— ھەي ئۇكا، گەرچە سىزنىڭ خىزمەتكە كەلگىنىڭىزگە بىرەر يىل بولغان بولسىمۇ، لېكىن سىز كونا يولداشلارنى دوراپ ئىقتىسادىي جەھەتتە ھەل قىلىش تەلەپلىرىنى قويمىدىڭىز، پەقەت مانا مۇشۇنداق بىر فۇڭغا ئەرزىمەيدىغان ئاددى تەلەپلەرنىمۇ تېخى تەستە دەۋاتىسىز. سىزنىڭ بۇ ئىستىلىڭىز نىمە دىگەن ياخشى!

باشلىق سوزىنىڭ ئاخىرىدا بەردىنىنىڭ ئىككىنچى قېتىملىق تەلىۋىنىمۇ ئورۇنلاپ قويدى. ئۈگىنىش داۋاملىشىۋەردى. بەردىن باشلىقنىڭ ئارقىسىدا ئولتۇرىدىغان ۋە يوقلىما قىلغاندا بىرىنچى بولۇپ جاراڭلىق ئاۋازى بىلەن « بار » دەيدىغان بولدى. بىر كۈنى ئۈگىنىش تەسىراتىنى ئاڭلاپ بېقىش ئۈچۈن باشلىق بەردىننى چاقىرتۋىدى، لېكىن، ھېلىقى جاراڭلىق ئاۋاز ئاڭلانمىدى. ئۇ چۈچۈپ « بۇ بالا بەك ئەدەپلىك، سەممىي ئىكەن» دەپ مەجلىستە ماختىغانلىقلىرىنى ئېسىگە ئالدى - دە، « مات بولۇپ قالماي، يەنە » دىگەندەك قىلىپ ئۈگىنىش ئارىلىقىدا بەردىننى ئىزدەپ كوچىغا چىقتى. بىر قاۋاقخانىدىن بەردىننىڭ ئاغىنىلىرىگە سوزلەۋاتقىنى ئاڭلاندى:

— دەسلەپتە ئەڭ ئاخىرىغا تىزىملىتىشىمنىڭ سەۋەۋى — ئىلاج قىلىپ ئۈگىنىشكە كىيىنرەك كىرىش ئىدى. لېكىن، بۇنىڭدىن ئانچە پايدا چىقمىدى. ئىككىنچى قېتىم ئەڭ باشقا تىزىملىتىشىمنىڭ سەۋەۋى — مانا مۇشۇنداق...

بەردىننىڭ ئاغىنىلىرى ئۇنىڭ ئەقلىگە ئاپىرىن ئوقىغان بولسا كېرەك، بىردىن قاتتىق كۈلكە كوتىرىلدى.

باشلىق قاتۇرۇپ قويغان كىشىدەك ئۆز ئورنىدىلا تۇرۇپ قالغان ئىدى. ھازىر ئۇنىڭ ئۆزىنى ماختايدىغان سوزلەرنىڭ قۇلاقىغا كىرىشىنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى ياكى ئىككى قېتىملىق تەلەپنىڭ سىرىنى ئويلاۋاتقانلىقىنى ئېنىق بىلىپ بولمايتتى.

www.uyghurkitap.com



# « كور ەلمەسلىك »

( ھىكايە )

ئابدورۇپ پولات

يىغىن ئايا قلاشقاندىن كېيىن، ساۋاقداشلار بىر ـ بىرلەپ سىنىپتىن چىقىپ كېتىشتى. بىرلا قەيسەر ئورنۇدىن تەۋرەپمۇ قويماي، بېشىنى توۋەن سېلىپ ئولتۇراتتى. بىر ھازا ئوتكەندىن كېيىن، ئۇ بېشىنى كوتۇرۇپ، قوشۇمىسىنى تۈرگەن ھالدا ئالدىكەينىگە قاراپ سىنىپتا ئوزىنىڭ يالغۇز قالغانلىغىنى سەزدى ـ دە، ئورنىدىن ئىرغىپ تۇرۇپ، چوڭ ـ چوڭ قەدەملەر بىلەن سىنىپتىن چىقىپ كەتتى.

قەيسەر ئوقۇتۇش بىناسىدىن چىقىپ كەلگەندە، كۈرەش قاتارلىق ساۋاقداشلارنىڭ ياتاق بىناسىغا بارىدىغان چوڭ يول دوقمۇشىدا ئوزىنى ساقلاپ تۇرغانلىغىنى كوردى. بىراق ئۇ، ساۋاقداشلىرىنىڭ يېنىغا يېتىپ بارماستىن تۇرۇپلا، توساتتىن ئوڭ تەرەپكە بۇرۇلۇپ قارىغاي ۋە تۇرلۇك كوچەتلەر تىكىلگەن كىچىك ئورمانلىقنى ئارىلاپ يۈرۈپ كەتتى. ئۇ كېتىۋېتىپ كۈرەشنىڭ « قەيسەر! بىز سىنى ساقلاپ تۇرغان ئىدۇق، مۇنداق ماڭ، بىز بىرگە ماڭايلى! » دەپ ۋاقىرىغانلىغىنى ئاڭلىغان بولسىمۇ ئاڭلىماسلىققا سالدى. ئۇ بېشىنى توۋەن سالغان بولۇپ، ئارىلاپ ـ ئارىلاپ ئالدىنى توسۇۋالغان دەرەخ شاخلىرىنى قولى بىلەن خۇددى قىلىچ چاپقان تەرىزدە ئۈرۈۋېتىپ، يەردە كورۈنگەن قانداقتۇ بىر نەرسىلەرنى غەزەپ بىلەن تېپىۋېتىپ باراتتى.

كۈرەشلەر ياتاققا كىرگەندە، قەيسەرنىڭ كارۋاتتا ئوزىنى تاشلاپ، تام تەرەپكە ئالدىنى قىلىپ تۈگۈلۈپ يېتىۋالغانلىغىنى كوردى. ئۈزۈن كەچلىك تاماق ۋاقتى بولدى. بۇ چاغدا كۈرەش قەيسەرنىڭ كارۋىتى يېنىغا بېرىپ، ئۇنىڭغا ئېڭىشىپ تۇرۇپ، بىر نەرسە دىمەكچى بولدى ـ يۇ، بىراق نىمىدۇر بىر نەرسە ئېسىگە كەلگەندەك بولۇپ توختاپ قالدى. ئۇ بۇرۇلۇپ بېرىپ، دەرىزە تەكچىسىدىكى قەيسەرنىڭ تاماق قاچىسىنى ئالدى ـ دە، ياتاقداشلىرى بىلەن بىللە تاماققا چىقىپ كەتتى. كۈرەش ھايال ئوتمەي ئىككى قولىدا ئىسسىق ھورى چىقىپ تۇرغان تاماق كوتىرىپ كىردى. ئۇ تاماقنى دەرىزىگە يېقىن قىلىپ قويۇلغان شىرەنىڭ ئۈستىگە قويدى. ئاندىن شىرەنى قەيسەرنىڭ كارۋىتى تەرەپكە بىر ئاز سىلجىتىپ قويغاندىن كېيىن، قەيسەرگە مۇراجىئەت قىلدى:

— قەيسەر ئورنۇڭدىن تۇر ئاداش، تامىغىڭنى ئىسسىغىدا يىۋال.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان قەيسەر خۇددى دەھشەتلىك چۈشتىن چوچۇپ ئويغانغان ئادەمدەك چاچراپ ئورنىدىن تۇردى ـ دە، شىرە ئۈس-

تىدىكى ئاماقنى كوتەرگەن پىتى ياتاقتىن
ئېلىپ چىقىپ كەتتى . بىردەمدىن كېيىن ،
ئاماقتىن قايتىپ كىرگەن ساۋاقداشلار كۆ ـ
رەشنىڭ دىرىزە ئالدىدا ، يىراق تاغ ئارقد ـ
سىغا ئولتۇرۇپ كېتىۋاتقان قوياشقا تىكىل ـ
گەن پىتى ئورە تۇرغانلىغىنى كوردى.

ـ تازا بىشەملىك بولدى ـ دە، بۇ! ـ دىدى
كىرىپ كەلگەن ساۋاقداشلار ئىچىدىكى ئە ـ
گىز ، ئورۇق كەلگەن بىر بالا ــ بىلەمسىز
سىنىپ باشلىغى ، قەيسەر سىز ئەپچىقىپ بەر ـ
گەن ئاماقنى بارغانچە بىرىپ ئاشخانىدىكى
ئاماق قالدۇقلىرىنى توكىدىغان تۇڭغا توكۇ ـ
ۋىتىپ ، قاچىسىنى يۇيۇۋىتىپ ، ئوزى باش ـ
قىدىن ئاماق ئېلىپ يەپ قالدى.

ــ ھىچقىسى يوق ، ـ دىدى كۆرەش كۆ ـ
لۈمسىرىگەن ھالدا ھېلىقى بالىنىڭ دولىسىغا
ئالقىنى بىلەن يەڭگىل ئۇرۇپ قويۇپ،

ــ يۇرۇڭلار ، كۇتۇپخانىغا بارايلى ، كې ـ
چىكىپ قالساق ئورۇن تۇگەپ قالمىسۇن يەنە.

ساۋاقداشلار كەچلىك مۇزاكىرىدىن قاي ـ
تىپ كەلگەندە ، قەيسەرنىڭ كىيىم ـ كېچەك ـ
لىرىنى سېلىۋىتىپ بەھوزۇر ئۇخلاۋاتقانلى ـ
غىنى كوردى . كۆرەش ساۋاقداشلىرىغا پا ـ
راڭ سېلىپ قەيسەرنىڭ ئۇيقۇسىغا دەخلى
بەرمەسلىككە ئىما قىلدى ، ئۇلار تاراق ـ
تۇرۇق قىلماستىن پۇتلىرىنىڭ ئۇچىدا دەس ـ
سەپ چىقىپ ، پۇتلىرىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ
كىرىپ ، پۇت ـ قوللىرىنى يۇيۇشتى ـ دە ،
كۇندىكىدىن بالدۇرلا يېتىپ قېلىشتى.

چىراق ئوچتى، بىراق، چىراقنىڭ ئوچى ـ
شى بىلەن تەڭلا ئالدىنى تام تەرەپكە قىلىپ
ياتقان قەيسەرنىڭ كوزلىرى جامدەك ئېچىل ـ
دى . ئۇ قانداقمۇ ئۇخلىيالىسۇن ؟ قەيسەر
ئاستا ئورۇلۇپ. كوزىنى تورۇسقا تىككەن
ھالدا ياتتى. شۇ پەيتتە ، بۇگۇنكى

ھەر ئىككى ھەپتىدە بىر قېتىم ئېچىلىپ تۇ ـ
رىدىغان تۇرمۇش تەكشۇرۇش يىغىنى ئۇنىڭ
كوز ئالدىدىن خۇددى كىنو لىنتىسىدەك بىر ـ
بىرلەپ ئوتۇشكە باشلىدى:

ــ بىز داشۆي ئوقۇغۇچىلىرى ئوزىمىزگە
نىسبەتەن قاتتىق تەلەپچان بولۇشىمىز كې ـ
رەك!ـ ئەنە سىنىپ باشلىغى كۆرەش بىرىنـ
چى بولۇپ سوزلىمەكتە،ـ ئاتا ـ ئانىلىرى ـ
مىز بىزنى بۇ ئالى بىلىم يۇرتىغا نىمە دەپ
ئەۋەتكەن؟ خەلق، ۋەتەن بىزدىن قانداق
ئۇمىتلەرنى كۇتىدۇ؟ بىز ئوزىمىزنىڭ شە ـ
رەپلىك بۇرچىمىزنى قانداق ئادا قىلىشىمىز
كېرەك؟ مانا بۇلار ھەر بىر داشۆي ئوقۇغۇ ـ
چىسى ھەر مىنۇت، ھەر سىكۇنت ئوزىگە قو ـ
يۇپ تۇرۇشى، ئوز ئەمىلىيىتى ئارقىلىق جا ـ
ۋاپ قايتۇرۇشى لازىم بولغان سوئاللار ـ
دۇر......

كۆرەش سىنىپ كوللىكتىۋىنىڭ ئۇگىنىش،
ئەخلاق، تۇرمۇش جەھەتلىرىدىكى ئۇتۇق ـ
كەمچىلىكلەر ئۇستىدە كونكىرت توختالدى.
تەقدىرلەشكە ئەرزىيدىغانلارنى ئې ـ
غىزغا ئېلىپ ئوتتى. تەنقىتلەشكە لايىقلار ـ
نىمۇ چۇشۇرۇپ قويمىدى. ئاخىرىدا قەيسەر
ھەققىدە ئەستايىدىل پىكىر قىلىپ ئۇنى تەنـ
قىتلىدى ھەمدە باشقا ساۋاقداشلارنىمۇ ئاك ـ
تىپ پىكىر قىلىپ ئۇنىڭغا سەممىمى ياردەم
بېرىشكە ئۇندىدى.

كۆرەش سوزلەپ بولغاندىن كىيىن، سا ـ
ۋاقداشلار ئارقا ـ ئارقىدىن قىزغىن پىكىر
قىلىشتى. قەيسەر ھەققىدىكى پىكىرلەر ئىلمى،
ئەمىلى، ۋەزنىلىك ئىدى.

ــ بىزنىڭ داشۆيدىكى ئوقۇش ھاياتىمىز
تولىمۇ چەكلىك. ۋاقىت بەكمۇغەنىمەت، ـ دەپ
سوز باشلىدى بىر ئوغۇل ساۋاقداش ئورنى ـ
دىن تۇرۇپ،ـ شۇڭا ۋاقىتنى قولدىن بەرمەي

تىرىشىپ ئۆگىنىپ، كوپرەك بىلىم ئىگەللەش بىزنىڭ مۇقەددەس بۇرچىمىز. ساۋاقداش قەيسەر مەكتەپكە يېڭىدىن كەلگەندە تىرىشچان ئىدى. شۇڭا ئالدىنقى ماۋسۇمدا ئىمتىھان نەتىجىلىرى ئومۇميۈزلۈك ياخشى بولغان. بىراق، يېڭى ماۋسۇم باشلانغان ئىككى ئاي مابەينىدە بەل قويۇۋەتتى. شۇ سەۋەپتىن ماۋسۇم ئارىلىغىدىكى ئىمتىھاندا بىر پەندىن لاياقەتسىز قالدى، بۇنداق كېتىۋەرسە ئۇ كىمگە يۈز كىلەلەيدۇ؟......

ئوغۇللارمۇ ئەمەس، قىز ساۋاقداشلارمۇ تالىشىپ پىكىر قىلىشتى.

—... قەيسەر باشتا كوپ ئاددى ـ سادده ئىدى، يېقىندىن بۇيان ھەدىسىلا غەلىتە كىيىنىشكە قىزىقىپ، ئويۇن ـ تاماشىغا بېرىلىپ كەتتى. بىلىش كېرەككى، بىز داشۆي ئوقۇغۇچىلىرى جەمىيەتتىكى ناچار خاھىشلاردىن ئۆگەنگۈچىلەر ئەمەس، ئەكسىچە ھەقىقى مەدىنى ھايات ئارقىلىق جەمىيەتكە ئۈلگە بولغۇچىلارمىز...

— شۇنداق!ـ يەنە كۈرەش ئورنىدىن تۇردى،ـ بىزنىڭ داشۆي ھاياتىمىز ھەرگىزمۇ ئاتا ـ ئانىلىرىمىز ئۈچۈن ئىقتىسادىي جەھەتتە كوتەرگۈسىز سېلىق سالىدىغان ۋاقىت بولۇپ قالماسلىقى كېرەك. ساۋاقداش قەيسەرنىڭ جەمىيەتتىكى قىسمەن يامان ئىللەتلەر تەسىرىدە، كىيىش، ئىچىشكە، ئويۇن ـ تاماشىغا بېرىلىپ كېتىشى ئاقىۋەتتە يەكشەنبە كۈنى كەچتىكىدەك كەچۈرگىسىز ئەھۋالنىڭ يۈز بېرىشىگە سەۋەپ بولدى......

ئويلاپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە قەيسەر بوشىشىپ لەسسىدە بولۇپ قالدى. دىمىسىمۇ يەكشەنبە كۈنى كەچتۈرۈنلىغىدىكى ئەھۋالنى ئۇنىڭ ئوزىمۇ كوچۈرەلمەيتتى.

ھەي ئىست!ـ دەيتتى قەيسەر ئىچىدە،ـ مەن ئەشۇ يەكشەنبە كۈنى ھېلىقى يۇرتۇمدىن كەلگەن شاگخەيچى سولتەكلەرنىڭ ۋاي بىز ساڭا شاگخەيدىن ئۇنداق ئېسىل چاپان ئالغاچ كىلىمىز، گۋاڭجۇدىن مۇنداق تېپىلغۇسىز ئىستاكان ئەكىلىپ بىرىمىزەي! دەپ شىلاشاشىرىغا گول بولۇپ، ياتاقتا چىلاپمېھمان قىلمىغان بولسام ۋە ئۇلارنىڭ 'ھە ئۇكا ئىچىۋەت! ئوغۇل بالا دىگەن ھاراقنىڭ ئالدىدا تىرناقتا تىلاپ ئولتۇرمايدىغان، قېنى كوتىرىۋەت، بۇ مېنىڭ قەلبىم ـ كوڭلۇم!، دىيىشلىرىگە ئالدىنىپ ھاراقنى بولۇشىغا ئىچىپ قويمىغان بولسام، خۇدىمنى يوقىتىپ: ۋاقىت ئاللىقاچان تۈن يېرىم بولۇپ قالدى. سەن ـ بىز ئەتە دەرس ئوقۇيدىغان ئادەملەر، قەيسەر ئەمدى بولدى قىلىشاڭلار قانداق؟ دىگەن خوشنا ياتاقتىكى مەكتەپدىشىمىنىڭ بىشىغا ھاراق بوتۇلكىسىنى ئاتمىغان بولاتتىم، ھەي!

قەيسەر جىم بولۇپ قالدى. بىراق بىر دەم تۇرۇپ بۇياققا ئۇرۇلۇپلا يەنە مۇنداق ئويلاشقا باشلىدى:

" بىراق شۇنىڭ بىلەنلا كوكۇلامدىن تۇتەۋىلىپ، سىنىپتىكى 25 ئادەم بىر تەرەپ بولۇپ، جاندىن ئوتكىدەك گەپلەر بىلەن ماڭا قورشاپ ھۇجۇم قىلسا بولامدۇ؟ بولۇپمۇ مەن جانىجان دوستۇم دەپ يۈرگەن كۈرەش ئۈچ قېتىم پىكىر قىلدى. بىر قېتىمقىسى يەنە بىر قېتىمقىسىدىن قاتتىق. ھە ـ راست، تېخى ئارىلىقتا كىمدۇ بىرى قەيسەرنىڭ ئانىسى كېسەل بولۇپ قېلىپ داۋالىنىۋېتىپتۇ. مۇشۇنداق ئەھۋالدا بالا بولغۇچى ئادەمنىڭ ماددى ۋە مەنىۋى جەھەتتىن ئىمكانىيىتىنىڭ يار بېرىشىچە ياردەمدە بولماق بۇياقتا تۇرسۇن، ئويدىن ئىۋەتكەن پۇلنى كەلسە ـ كەلمەس بۇزۇپ ـ چېچىپ، قا-

لايمىغان ئولتۇرۇشى ياساپ، يەپ ـ ئىچىپ
يۈرىشى ئېقىلغا سىغمايدۇ» دىدىغۇ، ئەجەبا،
ئانامنىڭ كونا زىققا كېسەللىنىنىڭ قوزغىلىپ
قېلىپ داۋالىنىۋاتقانلىقىنى، شۇڭا بۇ ئايدا
پۇل ئەۋەت دەپ باش ئاغرىتماسلىقىم لازىم-
لىقىنى تەلەپ قىلىپ يېزىلغان سىڭلىمنىڭ
خېتىنى كۆرەشتىن باشقا ئادەمگە كورسەتمە-
گەن ۋە بۇ ھەقتە ھېچبىر ئىنسانغا تىنمىغان
ئىدىم ـ يۇ، نىمىشكە پۈتۈن سىنىپتىكى بالىلار
ئۇقۇپ كەتتى؟··· پۇلنى بۇزۇپ ـ چاچماس-
لىقىم، ئاددى ـ ساددە يولۇشۇم كېرەكمىش،
ھىم! خەجلىسەم ئۆزەمنىڭ پۇلىنى خەجلەيمەن.
قانداق كىيىم كىيسەم ئۆزەمنىڭ ئۇچىسىغا
كەيدىم، خەققىنىڭ نىمە كارى بار ئىكەن؟ھەي،
كۆرەش، ھەي كۆرەش! ھەممىنى قىلغان ـ
سىنىپتىكى بالىلارنى ئۇلاشتۇرۇپ ماڭا قار-
شى قويغان سەن ـ مېنىڭ ئەڭ يېقىن ئاغى-
نەم ئەمەسمۇ؟ يېغى ياندىن قوپا، بالاكەلسە
قېرىنداشتىن، دەپ ھەجەپمۇ توغرا ئېيتقان ئىكەن
كونىلار. سەن بىزنىڭ بىر يۈرتلىغىمىزنىڭ،
ئاغىنىدارچىلىمىزنىڭ يۈز-خاتىرىسىنى قىلماي
سىنىپ باشلىقلىغىڭنى كېلىپ ـ كېلىپ ماڭا
بىر ئىشلىتىۋالدىڭ ـ ھە!؟ ھەي ··· ئۇنىمۇ
دەيمىز ، بۇنىمۇ دەيمىز، يىغىپ ئەيتقاندا بۇ
كۆرەشنىڭ ئىچى تارلىغى، مىنىڭ چوڭ ئول-
تۇرۇپ، چوڭ قوپۇپ يۈرىشىمگە چىدىيالماس-
لىغى، مىنى كورەلمەسلىگىنىڭ ئالامىتى، شۇن-
داق كورەلمەسلىك !»

ـ نىمە دىدىڭ، قەيسەر؟ ـ كىمدۇ بىرسى
سورىدى.

ـ ھەي، قەيسەر جوپلىۋاتەدۇ-دىدى يەنە
بىرەيلەن پەس ئاۋازدا.

ـ خەپشۇك! بۇ كۆرەشنىڭ ئاۋازى ئىدى-
پاراڭ سالماي ئۇخلاڭلار.

ئۆز ئاۋازىنىڭ تېشىغا قانداق قىلىپ
شۇنداق جاراڭلىق چىقىپ كەتكەنلىگىنى ئو-
زىمۇ بىلمەي، ھاڭ ـ تاڭ قالغان قەيسەر يو-
غانراق تىنىشقىمۇ جۈرئەت قىلالماي جىم ـ
جىت يېتىۋالدى. ئۇنىڭ يۈرىگى بولسا كوك-
رەك قەپىزىنى تېشىپ چىقىدىغاندەك شىددە-
دەت بىلەن سوقۇپ كەتتى.

ـ " توۋا! ـ دىدى قەيسەر ئىچىدە،ـ ھەي-
نۇ بۈگۈن بۇرۇن ـ قۇلۇغىمغىچە گەپ ئىشت-
تىم دەپ بۇ ھەلەكچىلىكتە ئۇخلىماي، قالغان
بالىلار نىمىشكە تېخىچە ئۇخلىمىغاندۇ؟»

شۇنداق، كۆرەشمۇ تېخىچە ئۇخلىيالماي-
ۋاتاتتى. ئەسلىدە ئۇ، قەيسەر بىلەن تولۇق
ئوتتۇرا مەكتەپتىن تارتىپ بىر سىنىپتا ئو-
قۇپ كېلىۋاتقان ساۋاقداش ھەم ئامراق
دوستلاردىن بولۇپ، ئۇلار بىر ـ بىرىنىڭ
ئاتا ـ ئانىلىرى بىلەنمۇ ياخشى تونۇشاتتى.
شۇڭا قەيسەرنىڭ ئاتا ـ ئانىسى بەزىدە كۆ-
رەشكە ئايرىم خەت يېزىپ، ئوزى كىچىك بول-
سىمۇ خۇددى چوڭ ئادەمنى كىچىك قىلىپ
قويغاندەك، تەمكىن، سالماق مىجەز بۇ بال-
دىن ئوزلىرىنىڭ شوخ، تەنتەك ئوغلى قەي-
سەرنى يېتەكلەپ كېتىشىنى ئىلتىماس قى-
لىشاتتى. ئۇنىڭسىزمۇ كۆرەش ئوزىدىن ئىك-
كى ياش كىچىك بولغان قەيسەرنى ئوز ئى-
نىسىدەك ياخشى كورەتتى. ئوز ۋاقتىدا دا-
شۆبىدىمۇ بىر سىنىپتا ئوقۇيدىغانلىقى ئۇ-
چۈن قانداق خوشال بولۇشقان ئىدى ـ ھە !
ياتاقتىن سىنىپقا، سىنىپتىن كۇتۇپخانىغا
ئايرىلماي بىرگە بېرىشاتتى، بىرگە دەرس
تەكرارلايتتى ، دەم ئېلىش ۋاقىتلىرىدا
مەيدانغا چىقىپ بىرلىكتە پۇتبول تېپىشەتتى،
ئۇرمۇشتا ئۇلارنىڭ بىر ـ بىرىدىن مەخپى
تۇتىدىغان سىرلىرى يوق ئىدى. ئويلىرىدىن،
دوست ـ بۇرادەرلىرىدىن كەلگەن خەتلەرنى
بىرگە ئوقۇپ، مەسلىھەتلىشىپ جاۋاپ يېزى-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



شاتتى. ھەقىقىي دوست ساۋاقداشلار بىر-بىرىنىڭ نەتىجىسى، ئۇتۇغى ئۈچۈن قانداق خوشال بولۇشسا، بىر-بىرىنىڭ سەۋەنلىكى، خاتالىقى ئۈچۈنمۇ شۇنچە بىئارام بولىدۇ. قەيسەرنىڭ يېقىندىن بۇيانقى ئۆزگىرىشلىرى كۆرەشنى نىمىشكىمۇ ئالدىراتمىسۇن؟ قەيسەرنىڭ ھازىرقى قارىشىچە، ئۇنىڭ داشۆيگە كىرىشىنىڭ ئۆزى پۈتۈن مۇرات-مەقسەتلىرىنىڭ ھەل بولغانلىقى ئىدى. ئەمدى «مىڭنى ئۆپرىتىپ» داۋاملىق بېشىنى كىتاپقا تىقىۋالماي، ئويۇن-تاماشىنىمۇ قولدىن بەرمەسلىكى، «چوڭ شەھەرنىڭ مەدىنى ھاياتى» دىن تولۇق بەھرىمەن بولۇشى لازىم ئىدى. كۆرەش قەيسەرگە سەۋرچانلىق بىلەن تەربىيە قىلدى. بۇ خىل تەربىيىگە نىسبەتەن قەيسەر دەسلەپكى چاغلاردا «ھە-ماقۇل» دەپلا قويدى. بارا-بارا «مەن ھازىر بىر داشۆي ئوقۇغۇچىسى، بىراۋنىڭ داۋاملىق يېتىلەپ مېڭىشىغا مۇھتاج كىچىك بالا ئەمەسمەن!» دەپ بويۇنتاۋلىق قىلىدىغان بولۇپ قالدى. ئەھۋال سىنىپ كوللىكتىۋى بىرلىكتە مۇزاكىرە قىلمىسا بولمايدىغان دەرىجىگە يېتىپ قالغاچقا، بۈگۈنكى تۇرمۇش تەكشۈرۈش يىغىنىدا ئۇنىڭغا پىكىر بېرىلدى. گەرچە قەيسەر يىغىن ئاخىرىدا «راست مەن خاتا قىپتىمەن، مۇندىن كېيىن تۈزىتىمەن» دەپ قىسقىلا ئىپادە بىلدۈرگەن بولسىمۇ، مانا ئەمدى يەنە ئۇ، ھەممىگە بوتىنىماقتا. ھەر كۈنى ئۇخلاش ئالدىدا شوخلۇق، قىزىقچىلىق، چاخچاق بىلەن بازاردەك قىزىپ كېتىدىغان ياتاق، بۈگۈن مازاردەك جىم-جىت بولۇپ قالدى. بۇ ھال ئادەمنىڭ ئىچىنى سىقمامدۇ؟

ياتاقتىكى باشقا بالىلارمۇ تېخىچە ئويغاق ئىدى. راستىنى ئېيتقاندا، بۇ سىنىپتىكى 26 نەپەر بالا ئۆز-ئارا تولىمۇ ئىناق ئۆتىشەتتى. ئوغۇللار ئىچىدە يېشى ئەڭ كىچىك بولغان قەيسەرگە ھەممەيلەن بولۇپمۇ ئامراق ئىدى. شۇ جۈملىدىن، ھەممە ساۋاقداشلار كۆرەش بىلەن قەيسەرنىڭ قەدىردانلارچە دوستلىقىغا ھەۋەس بىلەن قارىشاتتى. بالىلار بەزىدە: «سىلەرنىڭ چىرايىڭلار بىر-بىرىڭلارنىڭكىگە شۇنداق ئوخشايدۇ، ئەسلىدە ئاكا-ئۇكىمۇ ياسىلەر؟ راستگەپ قىلىڭلار» دىسە، كۆرەش كۈلۈپ تۇرۇپ: «ھەئە، راست، قەيسەر مېنىڭ ئۇكام» دەپ جاۋاپ بېرەتتى، قەيسەر بولسا دەرھال كۆرەش بىلەن بوي تەڭلىشىپ تۇرۇپ: «ياق، كۆرەش مېنىڭ ئۇكام، قارىمامسىلەر، مەن كۆرەشتىن ئىككىلىك ئېگىز تۇرمامدىمەن» دەپ بالىلارنى كۈلدۈرەتتى. لېكىن، ئويدە ئەركە بېقىلغان ئارزۇلۇق بالا، «قوزام، بوتىلاق» دەپ قويسا بارغانسىرى شاخلاپ گەپ ئاڭلىمايدىغان بولۇۋالغاندەك، قەيسەرمۇ يېقىندىن بۇيان بەكلا ھەددىدىن ئېشىپ كەتتى. كۆرەش ئايرىم تەربىيە بەرسە ئۇنىڭغا ياقمىغانلىقى ھەممەيلەنگە مەلۇملۇق، بۈگۈنكى سىنىپ يىغىنىدا ئۇنىڭغا پىكىر بېرىپ ياردەم قىلىش تامامەن زورۇر بولۇپ قالغان ئىدى. بىراق، قەيسەرنىڭ يىغىندىن كېيىنكى ئەلپازى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ كۆرەشكە ئىشلەتكەن پوزىتسىيىسى ھەممەيلەننى گويا خام سۈيىيغى ئىچىۋالغاندەك قىلىپ قويدى.

— ھە، سىنىپ باشلىقى، دىدى بولۇڭدىكى كارۋاتتا ياتقان بالا ئاستا پىچىرلاپ تۇرۇپ، — بۈگۈن بىز يىغىندا قەيسەرگە بەك قاتتىق تېگىپ قويدۇقمۇ-يە؟

— «دوست ئاغرىتىپ ئېيتىدۇ، دۈشمەن كۈلدۈرۈپ» بۇنى قەيسەرمۇ چۈشىنىدۇ، — بىر خىل تولۇپ تاشقان ئىشەنچ بىلەن جاۋاپ بەردى كۆرەش.

— ھە، كۆرەش، — پىچىرلىدى ئىشىكنىڭ

يېنىدىكى كارۋاتتا ياتقان بالا، — قەيسەرگە ئۆيدىن خەت كەلگەندەكمۇ؟ ئۇنىڭ ئانىسى دوختۇرخانىدىن چىققانمىدۇ — ھە؟!

ئۇ بالىنىڭ ئاۋازىدىن خۇددى ئۆز ئانىسى ھەققىدە سوراۋاتقاندەك سېغىنىش، تىلەك ۋە سەمىمىي ئەنسىرەش ئۇرغۇپ تۇراتتى.

— بۇ ھەپتە ئىچىدە خەت كەلمىدىغۇ — دەيمەن.

ئۆتكەندىكى ئىشنى قەيسەر بىلەمدۇ؟

— ياق.

— قەيسەرنىڭ نامىدىن ئەۋەتكەنىمىدىكەنمىز ياكى سىنىپ كوللېكتىۋى نامىدىنمۇ؟

— قەيسەرنىڭ نامىدىن. ھەي، ئۇخلاڭلار، بولدى، — دىدى كۈرەش ئاخىرىدا بۇيرۇق ئاھاڭىدا.

پىچىرلاشلار جىم بولۇپ قالدى. ھەممە گەپ — سۆزلەرنى ئىككى قۇلىقىنى دىڭ تۇتۇپ ئاڭلاپ ياتقان قەيسەر چوڭقۇر بىر نەپەس ئېلىپ تام تەرەپكە ئۆرۈلۈپ ياتتى.

— ئۇلار قانداقتۇر مەن بىلمەيدىغان خۇپىيانە بىر ئىش توغرۇلۇق بىزنىڭ ئۆيگە بىر نەرسە ئەۋەتكەنلىك ھەققىدە گەپلىشىۋاتىدۇ — غۇ؟ — قەيسەر كۆز قارچۇقىنى ئىككى تەرەپكە چاپسان — چاپسان ئۆينىتىپ تۇرۇپ ئويلاشقا باشلىدى، — خۇدايا، — مېنىڭ بۇ يەردىكى چاۋىلىرىمنى چىنتىقا يېيىپ، ئاتا — ئانامغا شىكايەتنامە ئەۋەتىشكەن بولمىغىدى — ھە؟...»

شۇنداق قىلىپ قەيسەر ئەمدى سىنىپ يېغىنى ھەققىدىكى ئويلىرىنى تاشلاپ، ياتاقداشلىرى ئارا ھازىرلا بولۇپ ئۆتكەن سوئال — جاۋاپلارنىڭ تېگىنى ئىزلەپ يېڭىۋاشتىن بىر خىيال دېڭىزىغا غەرق بولۇپ كەتتى...

ئىككىنچى كۈنىدىكى 3 — ، 4 — سائەت ساۋاقداشلارنىڭ ئۆزلىرى ئىختىيارى دەرس مۇزاكىرىسى ئېلىپ بارىدىغان ۋاقىت بولۇپ، باللارنىڭ بەزىلىرى كۇتۇپخانىغا كېتىشكەن بولسىمۇ، كۆپسانلىقلىرى سىنىپتا ئولتۇرۇپ كىتاپ كۆرۈشۈۋاتاتتى. تۇساتتىن ئىشىك ئېچىلىپ، سىنىپنىڭ خەت — چەك، گېزىت — ژورناللىرىغا مەسئۇل بالا قولتۇغىدا گېزىت، قولىدا بىر سىقىم خەت كۆتەرگەن ھالدا كىرىپ كەلدى. ھەممىسىنىڭ كۆزى خەت — چەك تۇتقان قولغا ئۈمىت بىلەن تەلپۈندى. ھېلىقى بالا خەت كەلگەنلەرنىڭ ئىسمىنى ئۈنلۈك چاقىرىپ خەت تارقاتتى. خەت كەلمىگەن باللاردىن: «ماڭا كەلمەپتىمۇ؟» دەپ سورىغانلارغا: «يېقىنلا بىر يەردە كېلىۋاتىدۇ، ئەتە جەزمەن كېلىدۇ» دەپ جاۋاپ بېرىپ ئۇلارنى كۈلدۈرەتتى. ئەڭ ئاخىرىدا ئۇ بىر پارچە خەتنى كۆتىرىپ، روھسىز ھالدا ئولتۇرۇپ، جوزىسى ئىچىدىن نىمىنىدۇر بىر نەرسە ئىزلەپ ماللىۋاتقان قەيسەرنىڭ ئالدىغا كەلدى.

— ئۆيىڭىزدىن كەلگەن خەت، قەيسەر، — دىدى ئۇ مۇلايىملىق بىلەن.

قەيسەر قاپىقىنى ئېچىپ قاراپمۇ قويماستىن خەتنى ئالدى — دە، ئۆرە تۇرۇپلا ئۇنى يىرتىپ ئېچىپ ئوقۇشقا باشلىدى. ئۇ خەتنى ئوقۇپ — ئوقۇپ بىر يەرگە كەلگەندە بىردىنلا چىرايى ئۆزگىرىپ، قوللىرى تىترەپ، ئىختىيارسىز ھالدا ئورۇندۇغىغا لەسسىدە ئولتۇرۇپ قالدى. بۇ ھالنى كۆرگەن ساۋاقداشلارنىڭ كۆزى بىراقلا ئۇنىڭغا ئاغدۇرۇلدى. قەيسەر كۆزلىرىنى ئۇۋۇلدۇۋېتىپ، ئارانلا خەت ساۋادى بار مېھرىۋان ئانىسى ئۆز قولى بىلەن ئايرىپ — ئايرىپ يازغان ھېلىقى قۇرلارنى قايتا ئوقۇشقا باشلىدى:

— «... ئېزىز بالام قەيسەر. سەن ئەۋەتكەن 50 كويىنى تاپشۇرۇپ ئالدىم. راستىمنى

ئېيتسام، ئۇتكەن ئايلاردا ھە دېسە «سائەت
ئالاتتىم، كىيىم - كېچەك قىلاتتىم، پۇل ئە -
ۋەت» دەپ تۇشمۇ - تۇشتىن خەت يېزىشىڭ
مېنى كوپ ئەنسىرەتكەن ئىدى. ...... شۇنـ -
داق، سەن ئۇنداق زىيىننى قويۇپ ياخشى
ئوقىماي، ھەرەڭ - سەرەڭ كېيىنىپ، سەنئەمدە
يوق ئىشلارنى قىلىپ يۈرسىدىغان بالا ئە -
مەس ... ئەۋەتكىنىڭ 50 كوي پۇل ئەمەس،
مىسلى شىپالىق دورا بولۇپ دەردىمگە داۋا
بولدى. مەن ھازىر ئوبدانلا ئوڭلىنىپ قال -
دىم، مەندىن خاتىرجەم بولۇپ مېڭەڭنى
قويۇپ ياخشى ئۇگەن، رەخمەت، ئوغلۇم
رەخمەت ......»

قەيسەر ئەشۇ قۇرلارنى ئوقۇۋاتقاندا، قۇ-
لاق تۇۋىدە ئاخشامقى ياتاقداشلىرى ئارا
بولغان سوئال - جاۋاپلار قايتىدىن جاراڭ -
لىغاندەك بولدى، خەتنى ئوقۇغانسېرى ئۇ -
نىڭ ئالمىدەك يۇمۇلاق يۈزى قىزىرىپ، قاڭ-
شالىق بۇرنىنىڭ ئۇچىدا تەر تامچىلىرى
پەيدا بولۇشقا باشلىدى. ئاخىرىدا، بۇرنى
سەل - پەل ئېچىشقاندەك بولدى - دە، چوڭ-
چوڭ قارا كوزلىرىنىڭ چاناقلىرىدىن مار -
جاندەك ياش دومىلاپ چۈشتى...

قەيسەر ھەممىنى چۈشەندى. ئۇ خەتنى
جوزىسى ئۈستىگە قويۇپ، ئاستا ئورنىدىن
تۇردى. ئۇ چەكسىز ئوكۇنۇش، پۇشايمان ۋە
خىجىللىق ئىچىدە كۆرەشنىڭ ئالدىغا باردى.

— كۆرەش، ساۋاقدىشىم، دوستۇم! - دە -
دى ئۇ ھاياجانلانغان ھالدا كۆرەشنىڭ ئوڭ
قولىنى ئىككى قوللاپ چىڭ قىسىپ تۇرۇپ، -
مەن ئاخشام ھەقىقەتەن جويلۇپتىمەن!

بۇ گەپنى ئاڭلىغان ياتاقداشلىرى ھەيرانـ -
لىقتا بىر - بىرىگە قارىشىپ دەرھال ئۇنىڭ
ئەتراپىغا ئولاشتى.

— مەن راستىنلا جويلۇپتىمەن، ساۋاق -
داشلار! - تەكرارلاپ ئېيتتى قەيسەر كوزىـ -
دىكى ياشنى سۈرتۈپ تۇرۇپ، - ئەمىلىيەتتە
مەن كۆرەشنىڭ ئىنچىكە تۇردە قىلىپ كېلە -
ۋاتقان تەربىيە - ياردەملىرىنى بىلمەپتىمەن،
ساۋاقداشلارنىڭ كويۈمچان ئوتلۇق قەلبـ -
نى كورەلمەپتىمەن!

— ئاندىكىز ساقىيىپ قاپتىمۇ، قەيسەر؟ -
سورىدى بىر قىز ساۋاقداش سەممىمىلىك
بىلەن.

— ساقىيىپتۇ، رەخمەت سىزگە. چىن قەلـ-
بىمدىن رەخمەت سىلەرگە، ساۋاقداشلار...

ئاھ ساۋاقداشلىق، ساۋاقداشلىق، سەن
گويا قېرىنداشلىق! شۇ تاپتا قەيسەرنىڭ
قەلبىنى چولغىۋالغان ھىس تۇيغۇلارنى ئۇ -
نىڭ تىل بىلەن ئىپادىلەپ بېرىشى مۇمكىن
ئەمەس ئىدى. قاراڭ، تېخى تۈنۈگۈن ئۇنى
شۇنچە ئوتكۇر سوزلەر بىلەن تەنقىتلەپ
پوسكەيتىشەتكەن ساۋاقداشلار، ئەسلىدە، ئۇ-
نىڭ ئوز ئويىدىكى ئۇنىڭ بىرەر ئېغىر سە-
ۋەنلىكى ئۈچۈن قاتتىق چېچىلىپ كايىيدىـ
غان، بىراق، ئۇنىڭ چىشى ئاغرىپ قالسا،
ئەتراپىدىن كېتەلمەي پاي - پېتەك بولۇ -
شۇپ كېتىدىغان، ئۇنىڭ ئازاۋى ئۈچۈن ئا -
زاپلىنىدىغان، ئۇنىڭ شاتلىغى ئۈچۈن خۇ -
شال بولىدىغان ئاكا - ئۇكا، ئاچا - سىڭىلـ -
لىرىغا نىمە دىگەن ئوخشايدۇ - ھە؟!

ساۋاقداشلار قەيسەرنىڭ «ئادام ساقىيىپ -
تۇ» دىگەن سوزىنى ئاڭلاپ، گويا يۈرەكلىرى
ئەمىنلىك تاپقاندەك بولۇپ ئەركىن نەپەس
ئېلىشتى؛ ئۇنىڭ يەنە كۆرەش بىلەن قەدىر-
دانلارچە قول ئېلىشقانلىغىنى كوروپ گۈلـ -
دەك ئېچىلىپ ياپراپ كېتىشتى.

ساۋاقداشلار ئوقۇتۇش بىناسىدىن چىقىپ
كۇتۇپخانا تەرەپكە قاراپ مېڭىشتى، قەيسەر
ئوغۇللار توپىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ماڭغان بولۇپ،

ئۇ ئۆزىنىڭ سول تەرىپىدە مۈرىنى - مۈرىگە تىرەپ كېتىۋاتقان كۆرەش بىلەن قىزغىن پاراڭلىشىپ باراتتى. قەيسەرنىڭ قول ھەرىكىتىدىن قەتئىي نىيەت ۋە ئىرادە ئىپادىلىنەتتى، ئۇنىڭ چىرايىدىن شىجائەت ۋە ئىشەنچ جىلۋە قىلاتتى......

× ×

كوزنى يۇمۇپ - ئاچقىچە بىر ئاي ۋاقىت ئۆتۈپ كەتتى.

بۈگۈن يەكشەنبە، مەكتەپ قوروسى جىم - جىتلىق، دەم ئېلىش مەنزىرىسىگە چۆمگەن، قەيسەر بىلەن كۆرەش ئوغۇللار ياتاق بىناسىدىن چىقىپ، مەكتەپ دەرۋازىسىغا قاراپ كېلىشمەكتە. ئۇلارنىڭ قاش - قاپاقلىرىدىن چۈشتە راسا ئۇخلىغانلىقى مانا مەن دەپ چىقىپ تۇراتتى. قەيسەرمۇ كۆرەشكە ئوخشاشلا ئاددى، پاكىز كىيىنگەن بولۇپ، نۇرانە چىرايىدىن ياشلارغا خاس جۇشقۇنلۇق ئۇرلەپ تۇراتتى. ئۇلار مەكتەپ دەرۋازىسىدىن چىقىپ، شەھەر ئىچىگە قاراپ يۈرۈپ كېتىشتى.

قەيسەر بىلەن كۆرەش شەھەرلىك كۇتۇپخانىغا قايرىلىدىغان دوقمۇشقا يېتىپ كەلگەندە، يولنىڭ ئۇ تەرىپىدىن ئالا - يېشىل كىيىنگەن ئىككى بالا "ھەي، قەيسەر!" دەپ توۋلىغىنىچە يۈگۈرۈپ كېلىشتى. كۆرەش قەيسەرنى قالدۇرۇپ، ئۆزى ئاستا مېڭىپ تۇردى.

—بەك كەم دىدار بولۇپ كەتتىڭغۇ، قەيسەر، بىرەر ئاي مابەينىدە شەھەرنىڭ ئىچىنى قېزىپمۇ سېنى تاپالمىدۇق. — دېدى يۈگۈرۈپ كەلگەن بالىلار ئىچىدىكى ئېگىز بويلۇق بالا سەل ھاسىراپ تۇرۇپ، ئۇياققا نەگە كېتىۋاتىسەن؟!

— كۇتۇپخانىغا.

— ۋاي خۇدايىمەي، ساڭا نىمە بولدى، ئەمدى؟ ئالتە كۈن قىرائەتخانىدا ئولتۇرۇپ تويماي، بۈگۈن يەنە كۇتۇپخانىغا سولىنىۋېلىپ نىمە كەپتىكەن؟ ئاران تېپىشتۇق، بۈگۈن بىز بىلەن بۇياققا ماڭغىنا، — دېدى پاكار، دوغىلاق كەلگەن يەنە بىرسى قەيسەرگە تاماكۇ ئۇزۇتۇپ تۇرۇپ.

قەيسەر تاماكۇنى تاشلىغانلىقىنى ئىشارەت قىلدى. ئاندىن تەمكىنلىك بىلەن سورىدى:

— قەيەرگە بارىمىز؟

— ئازراق قىزىشىۋېلىپ، ئاندىن ···

— ئاغىنىلەر، — دېدى قەيسەر ئاقەتسىزلەنگەن تەرىزدە، — توخۇدەك قىزىرىشىۋېلىپ، ئارقا كوچىلاردا ئېگىز - پەس دەسسەپ يۈرۈيدىغان قەيسەرنى ئەمدى ئىككىنچىلەپ كورەلمەيسىلەر، خەير ئەمىسە!

قەيسەر شۇنداق دېدى-يۇ، يۈگۈرۈپ-يۈگۈرۈپ بېرىپ كۇتۇپخانا ئىشىگىگە يېقىنلىشىپ قالغان كۆرەشكە يېتىشىۋالدى. ئۇنىڭ بىلەن مۈرىسىنى - مۈرىگە تېرەپ مېڭىپ، كۇتۇپخانا ئىچىگە كىرىپ كەتتى.

ھېلىقى ئىككى بالا يۈگۈرۈپ كېتىۋاتقان قەيسەرنىڭ ئارقىسىدىن ئاغزىلىرىنى ئېچىشىپ قاراپ قېلىشتى. قەيسەرلەر كۇتۇپخانا ئىشىكىدە غايىپ بولغاندىن كېيىن بولسا، "ئەمدى، بىزچۇ؟" دېگەندەك قىلىپ بىر - بىرىگە قارىغىنىچە تۇرۇپ قېلىشتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# شېئرىيەت گۈلزارى

## ۋەتىنىم، كۆڭلىنىڭ جانان بولۇپ

مۆمىن سەپەرى

باھار كەلدى ساڭا ۋەتەن گۈل ئېچىلىپ بوستان بولۇپ،
مەپتۇن ئەيلەپ ھوسنىڭ ئاينى كەلدى بىزگە مېھمان بولۇپ.
جان تەسەددۇق ئانا ۋەتەن قۇتلۇق بۇ نەۋ باھارىڭغا،
ئىمىن تاپتى يۈرەك ـ قەلبىم چىن بەختىيار دەۋران بولۇپ.
سېخى باھار چەشمىسىدىن گۈل پايانداز يايسا چوللەر،
بۆك ـ باراقسان گۈلشەن باغدا بۇلبۇل سايرا خەندان بولۇپ.
پارلاق مەنزىل سەپەرلەرگە باشلىدى مەرت سەردارىمىز،
تۈمەن تۇلپار تەڭ كىشنىدى چارچىماس چوڭ كارۋان بولۇپ.
پەرھات بولدۇم ساڭا ئاشىق سۈنى باشلاي چوللىرىڭگە،
گۈل ئېچىدە قىزىل گۈلدەك كۆلگىن شىرىن جانان بولۇپ.
تاغلارمۇ گۈل، باغلارمۇ گۈل ئېچىلار زەپ خوشال كوڭۈل،
تەكلىماكان، تىيانشانىم قالار گۈلگە ماكان بولۇپ.
خانتەڭرىدىن نەزەر سالسام توزدەك بىزەك گۈل ۋادىڭغا،
يۈرىگىمدىن پارتلار ئىلھام گويا جۇشقۇن پونتان بولۇپ.
ئەندى كورۈڭ سەپىرىنى ئۈزۈن سەپەر بەيگىسىدە،
تەر ئاققۇزۇپ ۋەتەن ئۈچۈن گۈل تېرىيدۇ باغۋەن بولۇپ.

# ئىككى شېئىر

## ئەلنەغمىچىلەرگە مۇخەممەس

ياسىن يۇسۇپ

سالام ھۆرمەت بىلەن ئەلنەغمىچى ئۇستاز قەدىردانلار،
غورۇرى - پەخرى خەلقىمىزنىڭ ماھارەتلىك غەزەلخانلار؛
ھاياتقا شات - خۇراملىقنى بەخش ئەتكۈچى ئىنسانلار،
بۇ سازىڭلارنى بىر ئاڭلاپ سۆيۈنگەي ھەر قاچان جانلار،
سېھىرلىك سازىغا بۇلبۇل ئۈنىنى جەملىۋالغانلار.

بۇ ساز ئاتا - بوۋاڭلاردىن مىراس بولماققا قالغاندۇر،
ئۇلار جان رىشتىسى بىرلەن بۇ سازغا تارى سالغاندۇر،
بۇ سازنى چالمىغان چاغدا ئۇلار روھى ئۇ يالغاندۇر،
داۋام چالغان چېغىڭلاردا ئۇلار روھى ياشارغاندۇر،
سىلەرگى پۈشتىدىن تارتىپ بۇ ساز ئىشقىدا يانغانلار.

شۇ ئاپەتلىك زاماندا ساز چېلىش گۇنا سانالغاندا،
پۈتۈن ساز ئورنىنى دۇمباق بىلەن كاناي ئالغاندا،
بۇ سازنى ساقلىدىڭلار ساق قويۇپ جانلارنى ئالغاندا،
جىنىدەك كوردى پەرزەنتلەر سىلەر تۇتقۇندا ياتقاندا،
سىلەر ھەر مۇشكۈلاتلاردا بۇ ساز بىرلە ياشارغانلار.

مانا ئەمدى داۋام قالۇن، ساتارنى قولغا ئالساڭلار،
راۋاپ، تەمبۇر، دۇتار بىرلەن چۈشۈپ بەيگىگە چاپساڭلار،
مۇقامى "چارىگاھ" پەدە "پەلەك..." كە نەدە چالساڭلار،
ئاللا بالىخانلارغا غەزەلنى قانچە سالساڭلار،
يارالدى زادى چەكلەش يوق ئاجايىپ كەڭرى ئىمكانلار.

ساز دىل زىننىگە ئاچقۇچ، روھنىڭ كۈچ ئوزۇقىدۇر،
سىلەرنىڭ پەدىلەر شۇ كۈچ ئوزۇقىنىڭ ئۇرۇقىدۇر؛
ۋە ياكى ئۇسسىغان تەشنا ئۈچۈن شەربەت بولىقىدۇر،

www.uyghurkitap.com



ۋە ھەم بىتاپ ئۇچۇن بەلكى شىپا ـ ئەترە پۇرىغىدۇر،
بېغىشلار نەغمە سازىڭلار كىشىگە شۇنچە دەرمانلار.

سىلەرنى قەدرىلەپ دەۋرىم شۇڭا دەر كەڭ تاشا چالسۇن،
يەنە دەر تۇزۇگۇم: شوھرەت تېپىڭلار ياخشى نام قالسۇن،
ئۇرۇق ـ ئەۋلات سىلەر ئوخشاش چېلىشقا كوپ ئۇدۇم ئالسۇن،
ئەل ئىقلىمدا بۇ ساز مەڭگۇ جاراڭلاپ ياڭرىسۇن ـ يانسۇن،
چېلىڭلا تازا قايناڭلا! بۇ ئەلدە ئارزۇ ـ ئارمانلار.

## قالۇن ھەققىدە غەزەل

بۇگۇن ئەلنەغمىدە كوردۇم تەۋەرۇك سازىنى قالۇن،
سۇيۇنمەيدۇ سېنى كورسە بۇدەم كىمنىڭ دىلى قالۇن.

ئېپەك يولىدىكى ئۇژمە ياغاچىدىن ياسالغانسەن،
چىۋەر ئەجدادىمىزنىڭ پەم پاراسەت ـ ئىدرىكى قالۇن.

يىگىرمە نەچچە تارىڭنى ئېلىپ تىرەپ ئەنە چالسا،
ئاۋازىڭ قانچىلاپ سازغا كىلەر تەڭ، ئىسلى قالۇن.

دىدىم ياڭراق تەرەننۇملۇق ئۇنىڭنى بىرلا ئاڭلاپمەن،
سېنىڭ تارىڭدا بارمىدۇ تۇمەن بۇلبۇل تىلى قالۇن.

سېنى خارلىدى بىر چاغدا كىبرەكسىز كونا ساندۇق دەپ،
ئېزىزلايمىز سېنى ئەمدى جىمى سازنىڭ خىلى قالۇن.

داۋام ياڭراپ ـ ناۋا ئەيلەپ، ئۇرۇپ جۇش ئەۋجىگە چىققىن،
بولۇپ ساز شامى سەنئەتنى يەنە سۇر ئىلگىرى قالۇن.

# شېئىرلار

مەمتىمىن زىبىبۇللا

## ئۈچ غەزەل

1

سەيلە قىل دوستلار يېزامنى، بولدى بوستان باشقىدىن.
بەلنى روسلاپ ، قەلبى ياشناپ ، كۆلدى دېخان باشقىدىن .

ئوتتى قەنە ، كەتتى كۆلپەت ، قالمىدى دىلدا تۈگۈن ،
شۇڭا ھەممە ئىش چېلىشتا بولدى پالۋان باشقىدىن.

ھەر كېچە ، ھەر ئويدە مەشرەپ قىزىدى نەغمە ـ ناۋا،
بەختىيار ئەمگەكچىلەرنىڭ كوڭلى شادمان باشقىدىن .

ناشتىغا قايماق بىلەن سۈت ••• ياخشى تۇرمۇش كۈنسىرى ،
قاتلىما ياغ ناننى كوردى ھەممە دوسقان قايتىدىن .

يەسلىدە بۇدرۇق بوۋاقلار يايرىدى پەخ - پەخ كولۇپ ،
تاپتى ئىززەت قېرىلار كۆتۈلدى ئوبدان باشقىدىن .

يايرىدى مۇنبەت ئېتىزدا ئو-پۈلات دۈلدۈل راسا ،
بولدى ئازات قاپ تاغاردىن ، قىز ۋە چوكان باشقىدىن .

پارتىيەم تۈزگەن سىياسەت نۇرى بىرلە گۈل يېزام ،
تاپتى غەيرەت ، تاپتى نۇسرەت ، كەڭرى ئىمكان باشقىدىن .

2

كور، بۈگۈن يېتىلدى بىزدە بېڭى خىسلەت باشقىدىن ،
ئوم - ئىناقلىق ھەممە يەردە تاپتى نوسرەت باشقىدىن .

" 5 بولۇش ، 4 تە گۈزەل» لىك قەلبىمىزدىن ئالدى جاي ،
مەدنى تۇرمۇش بىلەن ئوستى پاراسەت باشقىدىن .

ئۆز ئارا بولدۇق يولەكداش ھەممە ئىش - تۇرمۇشتا بىز ،
كوممۇنىستىك سوز ۋە ھەركەت بولدى ئادەت باشقىدىن .

ھەر كۈنى كىنۇ ، تىياتىر ، ئويىمىزدە تېلېۋىزور ،
ئەمدى يوق غەيرى قىلىققا قىلچە پۇرسەت باشقىدىن .

يامىردى دىللارغا شاتلىق ، كەلدى ئامەت قاتمۇ - قات ،
ئىلىمۇ - پەندىن سۇ ئىچىپ ئۇستى جاسارەت باشقىدىن .

3

كەل گۈلۈستانىمغا يار ، ئاشنا بولۇپ كەل باشقىدىن ،
شان زەپەر بۇستانى بۇ، تەشنا بولۇپ كەل باشقىدىن .

قولغا - قول تۇتتۇق سەپەرگە ئاتلىنىپ جۇرئەت بىلەن ،
زەربىدارلار سېپىدە پەيدا بولۇپ كەل باشقىدىن .

ھەر كىشى ھەر بىر ئورۇندا يېڭى روھ ۋە يېڭى تۇس ،
توھپىكارغا گۈل تۇتۇپ ، رەنا بولۇپ كەل باشقىدىن .

يۇرتىمىز يوكسەلدى تېز ، يۇز ئاچتى تارىخ نۇر چېچىپ ،
گۈلبېزام ئەۋبالىغا شەيدا بولۇپ كەل باشقىدىن .

ئىش چېلىش پالۋانىنى كۆيگە قېتىپ ئەي مەمتىمىن !
بۇ گۈزەل گۈلشەنگە سەن ھەمدا بولۇپ كەل باشقىدىن .

## دولقۇن كۈيى

دولقۇنىمەن جىمجىتلىق تىنىق كېچىنى،
شاۋراپ تىنىمسىز ئويغىتىدىغان .
ھاياتىم ناخشا - كۈي ، دىلبىرىم قىرغاق ،
خىسلىتىم : ئورلىمەك توختىمايدىغان .

تالڭ سەھەر ناخشامنى ئېيتسام شاۋقۇنلۇق،
قىرغاقلار سۆيىدۇ مېنى قۇچاقلاپ .

كەچقۇرۇن بىقارار بېقىشلىرىمدىن ،
كۆلشەر يولتۇزلار چىم - چىم چاراقلاپ .

تولۇن ئاي مارىسا ئەكسى تەكتىمدە ،
ئورلىسەم كورۇنمەي ئاستا قاچىدۇ .
كۆيلىرىم تۆگىمەس تا ئېتىزغىچە ،
ھەر تامچەم زىمىنگە گۆھەر چاچىدۇ .

## تەبىئەتكە

ئەي تەبىئەت، بارگۈزەللىكنى ياراتتىڭ مەن دىمە،
باشقىلار بىلمەسلىكىن دەپ ئەنسىرەپ كوپ غەم يىمە.
سەن ياراتتىڭ ئۇنداھايات تورت پەسىل ئايلاندۇ-رۇپ،
مەرىپەتلىك خەلقىمىزنىڭ ئالدىدا سەن ھېچ نىمە.

# غەزەل

### ئۆمەرجان روزى

كوكۈل گۈلزارىغا قوندى بۇ شاتلىق بۇلبۇلى ئەمدى،
باھار نۇرى بىلەن ئاچقاچ چېچەك، بەخت گۈلى ئەمدى.

بۇ گۈلزار ئىچرە شات بولبۇل قىزىل گۈل ۋەسلىگە يەتكەچ،
ئەجەپ ياڭراق، ئەجەپ لەرزان ناۋاسى - مەرغۇلى ئەمدى.

قىلۇر جەۋلان زەپەر مارشى جاراڭلاپ كەڭرى مەيداندا،
ئۇچار لاچىن بولۇپ كوكتە سەپەرنىڭ دۇلدۇلى ئەمدى.

بۇ ئىقبال جامىدىن ئوتلاپ ئۈمىت شارابىنى قاندى،
زامان پەرھاتلىرى ياىراپ، قىنىپ تەشنا دىلى ئەمدى.

زەپەر كارۋانى بارماقتا ئىشەنچىنىڭ يولىدىن ئالغا،
تىكەنلەردىن ئادا بولغاچ كۆشادە - كەڭ يولى ئەمدى.

كۆشادە يول بىلەن ماڭغاچ يېتەكلەپ پارتىيە باشچى،
كورۈندى خۇددى مەشئەلدەك سەپەرنىڭ مەنزىلى ئەمدى.

چىمەننى ئاسرىبان پاسىۋان تۇرار ئۇركۈت كەبى ھوشيار،
كېسەلمەس شاخىنى گۈلنىڭ رەقىپنىڭ شۇم قولى ئەمدى.

www.uyghurkitap.com



# شېئىرلار

يالقۇنجان ئىسلام

## زەر ۋە تەر①

ھەممىدىن كۆچلۈكمەن، دېدى زەر، زەر دېدى: بارچىنى قارىتىمەن،
ھەممىدىن غالىپمەن، دېدى تەر. تەر دېدى: بارچىنى يارىتىمەن.

## گۈل ۋە بۇلبۇل

تەڭداشسىز گۈزەلمەن، دېدى گۈل، گۈل ئېيتتى: چىرايىم - شۆھرىتىم،
ۋاپادار ئاشىقمەن ، دېدى بۇلبۇل. بۇلبۇل دەر: چىن ۋاپا - ھۆرمىتىم.

## ۋىسال ۋە ھىجران

ۋىسال ئېيتتى: مەن ئاشىقلار شاتلىقى، ۋىسال دېدى: ئىنسان بىزار سېنىڭدىن،
ھىجران دېدى: مەندە سۆيگۈ تاتلىقى. ھىجران دېدى: قەدرىڭ ئاشار مېنىڭدىن.

## باھار ۋە كۈز

گۈزەلمەن، - دېدى باھار قاراپ كۈزگە، باھار ئېيتتى: گۈل-چېچەكتىن زىننىتىڭ يوق،
كۈز ئېيتتى: يوق گۈزەللىك مەندىن ئۆزگە. كۈز دېدى: مېۋىسىز ھېچ قىممىتىڭ يوق.

## چىراق ۋە پەرۋانە

چىراق ئېيتتى پەرۋانىغا يالۋۇرۇپ: پەرۋانە دېدى: «گەر قۇرقسام يالقۇندىن،
كەلمە يېقىن ماڭا ھەرگىز، كۆيىسەن. قايسى ۋىجدان بىلەن يارنى سۆيىمەن؟»

① پۈشكىننىڭ ”زەر ۋە خەنجەر“ ناملىق شېئىرىغا تەقلىد

دىدى چىراق: زامىن بولماي ئـومرۈڭگە،
كەتكىنىم خوپ مىنىڭ بىر يول ئۆچۈپلا.
دىدى پەرۋانە: سەنسىز هايات يـوق ماڭا،
تۈگىشەمەن هاياتىمدىن كېچىپلا.

## كۈز

كەلدى كەچكۈز، تۈتتى بوران جۇدۇنى،
كەتتى باغۇ ـ ۋاران بىلەن چاپلىشىپ.
ئەزا بىلەن تۈتتى گۈللەر يۈزىنى،
قىپ ـ يالاڭغاچ بولۇپ ـ ياپراق تاشلىشىپ.

## قىش

تەبىئەتتە قەهرىتان قىش هوكومران،
كۈمۈش قارلار ئـۈچار ساما يۈزىدە.
دەريالارنىڭ تىنىدى هەيۋەت شاۋقۇنى،
شېرىن ئۇيقۇ بۇلاقلارنىڭ كوزىدە.

## باهار

پەسلى كوكلەم ناخشىسىنى باشلىدى،
گۈل ـ چېچەككە تولدى يۈرتۇم دالاسى.
ئورمانلاردا ياڭرار كاككۇك ناخشىسى،
مىڭ كوكوللۇق قىزدەك، سوگەتجالاسى؟

## ياز

سېخى يازنىڭ قەدىمىگە مۇبارەك،
ئاچتى يۈرتلار ئەلگە سېخى قوينىنى.
ئېتىزلاردا مول هوسۇلنىڭ خامىنى،
قالدى تاغلار پەستە سوزۇپ بوينىنى.

## نىمە قىلاي

يۈرىگىمدىن چىقماس شېىر، ۋەتىنىم،
بەرمىگەندە ئىلهام ماڭا كوزلىرىڭ.
سوزلىرىمدە بولسۇن قانداق گۈزەللىك،
سايراتمىسا مېنى گۈلدەك يۈزلىرىڭ.
بەرمەس نازۇك سادا يۈرەك ساتارى،
تار بولمىسا ئاڭا سۇمبۇل چاچلىرىڭ.
تىترىمەيدۇ قولۇمدا هەم كاماىچە،
ئويىنمىسا كوز ئالدىمدا قاشلىرىڭ.

www.uyghurkitap.com



نىمە قىلاي شېئىر يېزىپ قىينىلىپ،
ۋەتەن، سېنى يۈرىكىمدىن سۆيىمىسەم.
گۈل شېخىدا سايرىغان مەس بۇلبۇلدەك،
سېنىڭ ئىشقىڭ يالقۇنىدا كۆيمىسەم.

## ئىجات - ئىرادە

ھېچنەرسە يوق ئۆتكىنىگە ئەگىشىپ،
يىل ۋاقىتنىڭ قاتتىقلىقتا چىرىمەس.
دەيدۇ كىممۇ ئەينەك كەسكەن ئالماسنى،
ئۆتقا سالسا سۇغا ئوخشاش ئېرىمەس.
ئىنسانلارنىڭ ئىجادىيەت ئەمگىكى،
چىرىمەيدۇ تالاي ئەسىر ئۆتسىمۇ.
قايرىلمايدۇ بېسى، يۈكسەك نىيەتنىڭ -
نى - نى مۈشكۈل باشقا كېلىپ يەتسىمۇ.

+++ ++ +++

## قوغۇن ھەققىدە چۆچەك

ئوبۇلقاسىم ئابدىرېھىم

ئۆتكەن ئىكەن ئەۋۋىلىدە بىر دېخان،
ئاقكۆڭۈل ساپ پەزىلەتلىك ھەم ئىشچان.
ھالال مېھنەت كۈچى بىلەن باغ ياساپ،
ئالىدىكەن يىل - يىمىشنى بەھىساپ.
ئۈزۈم ئوخشاش يوقىلىلارغا قولداشكەن،
قېرى، ئاجىز، مېيىپلارغا يولداشكەن.
خۇلۇم - خوشنا ماختايدىكەن: ئىشچان-دەپ،
مېھنەت بىلەن بەختى يورۇق دېخان - دەپ.
بىر ئەتىياز دېخان ئۆيدە كېڭىشىپ،
نىيەت قىپتۇ بالا - چاقا بىرلىشىپ.
— "بۇ يىل يەرگە قوغۇن تېرىپ ساتايلى،
كېيىم - كېچەك ئۈچۈن پۇلنى ئاتايلى"
پەيتىنى تۇتۇپ ئۇرۇق سېپتۇ يېرىگە،
مەمنۇن بولۇپ ھالال ئەجرى - تەرىگە.
پەرزەنتىدەك پەرۋىش قىپتۇ قوغۇننى،
قورۇتۇپتۇ ياۋا ئوت ھەم چۈژگۈننى.
پىلەك تارتىپ قوغۇن راسا ئوخشاپتۇ،
دېخان كوڭلى بۇ ئىشتىن خوپ ياپراپتۇ.
قەرەلىدە قوغۇنلارمۇ پىشىپتۇ،
دېخان ئۇنى ساتماق كويىغا چۈشۈپتۇ.
بىر ھارۋىغا قوغۇن بېسىپ، سەپەرگە،
ئاتلىنىپتۇ سەھەر تۇرۇپ شەھەرگە.
شەھەر يولى يىراق ھەمدە خەتەركەن،
يولدا نەچچە - نەچچە يۇرتتىن ئۆتەركەن.
چىڭقى چۈشتە دېخان يولدا توختاپتۇ،
چاي ئىچىپ ھەم نانىنى يەپ ئارام ئاپتۇ.
ئاتنى چىقىرىپ ھارۋىدىن بىر دالدىغا،
ھارغىنلىقتىن كېتىپتۇ ئۇ ئۇيقىغا ...
بىر ھازادا دېخان تۇرۇپ ئورنىدىن
(ئۇيقۇسىنى ھەيدىۋېتىپ كۆزىدىن.)
قارىسا ئات يوقمىش ھارۋۇ قېشىدە،
ئۇتلاپ يۈرگەن ئېتىزلىقنىڭ ئىچىدە.
— ئاپلا! - دەپتۇ دېخان ئېغىر بىر تىنىپ،
ئاتنى كۆزلەپ ئېتىزلىقتا يول ئېلىپ.

قارىسا ئۇي ئۇرنى بەرنىڭ كوكى يوق.
ئات كىشنەيتۇ بىخارامان قوساق توق.
دىخان خىجىل بولۇپ شۇ چاغ بۇ ئىشتىن،
ئۆزگەلەرگە زىيان سالغان قىلمىشتىن
چاچراپ تۇرۇپ هارۋۇ تامان يول سايتۇ،
تاللاپ يەنە توت قوغۇننى قولغا ئاپتۇ.
مايىسلىرى يەپ كېتىلگەن بوش يەرگە،
قويۇپتۇ ئۇ تولەم ئۇچۇن زەرەرگە،
شۇندىن كېيىن كوڭلى ئەمىن تېپىپتۇ،
ئاتنى هەيدەپ ئۆز يولىغا كېتىپتۇ.

× ×

لېكىن بۇ يۇرت ئادەملىرى نادانكەن،
قوغۇن، تاۋۇز دىگەنلەردىن ئامانكەن.
(چۇنكى ئۇ چاغ تارالمىغاچ قوغۇن كوپ،
بەلمەسلىگى ئايانئۇر هەم يات كورۇپ.)
بىر چاغ كېلىپ ئېتىزغا يەر ئىگىسى،
سوزلەيتۇ ئۇ، قايناپ تازا ئوغىسى.
قارىسا توت غەيرى «مەخلۇق» تۇرغىدەك،
بۇ ئايەتنى ئەمدى قانداق قىلغۇدەك.
ــ ئەمدى بىلدىم مايسا يىگەن شۇ ئىكەن،
ماڭا كوپلەپ تالاپەتنى يەتكۇزگەن.
چارىسىنى قىلمىسام هېچ بولمىدى، ــ
دەپ يېنىپتۇ ئارقىسىغا ئۇ ئەمدى.
تېزلىك بىلەن بېرىپ شۇئان مەلىگە،
يەتكۇزۇپتۇ بۇ ئىشنى يۇرت ئەهلىگە.
بار خالايىق خۇددى سەلدەك تەۋرىنىپ،
ئوت ئېچىپتۇ مەخلۇقنى قورشاپ ئېلىپ.
ئۇرۇشۇپتۇ خۇددى قوناق سوققاندەك،
ئاچچىغىدا گالدىن تازا بوققاندەك.
چېچىلىپتۇ توت قوغۇننىڭ ئۇرۇغى،
چېقىپتۇ بۇ يات مەخلۇقنىڭ جۇلغى.
بۇ غەلبىدىن شاتلىنىپ ئەل ـ خالايىق،
دەيتۇ: ـ جازا بۇ ئاپەتكە بەك لايىق.

× ×

سوغۇق كېتىپ ئىللىق كوكلەم ياز كەپتۇ.
يەر ـ جاهاننى يېشىللىققا پۇركەپتۇ.
ئېچىلىپتۇ گۇل ـ چىمەنلەر پورەكلەپ،
قوغۇنلارمۇ پىلەك تارتىپ، چېچەكلەپ.
دەخلىسىز ئوسۇپتۇ سويما سالغۇچە،
ۋە بەلكى سارغىيىپ پىشىپ قالغۇچە.
كەپتۇ بىر كۇن خوجايىن قىر ئارىلاپ،
كورۇپتۇ قوغۇننى تازا سىنچىلاپ.
هەيران بوپ بۇ ئادەم تېڭىرقاپ قاپتۇ،
ــ «ئاپەتمۇ؟» بۇ ياكى نىمىسە؟ ـ دەپ قاپتۇ.
كۇزۇتۇپ قوغۇننى چوگىلەپ بىردەم،
يېقىنلاپ كېلىپتۇ قەدەممۇ ـ قەدەم.
ــ خۇدايا، هەيرانمەن!؟ ـ، دەپ ساپتۇشۇئان،
ئالدىدا موجىزە بولۇپتۇ ئايان.
بىر ياندا سايىغى پىلەككە تۇتاش،
(پىلىگى يىلدىزغا تۇتاش هەم ئوخشاش.)
بىر سىناپ بېقىشنى كوڭلىگە بۇكۇپ،
ئۇزۇپتۇ قوغۇننى رەڭگىگە بېقىپ،
بۇراپتۇ قوغۇنمۇ ئەجەپ مېزىلىك،
يەپ باقسا لەززەتلىك، بەكمۇ تەملىك.
ــهە! ـ دەپتۇ خوجايىن ئىش بۇ يەردىكەن،
بۇ «ئاپەت» ئەمەسكەن ياخشى نىمىكەن.
روهلىنىپتۇ خوجايىن بولەكچىلا.
هەيرانلىقتا كۇلۇپتۇ ئوزىچىلا.
يەتكۇزەي دەپ خەۋەرنى يۇرتداشلارغا،
يۇگۇرۇپتۇ مەلىگە تونۇشلارغا.
خەۋەرنى ئاڭلاپلا ئەهلى جامائەت،
كېلىپتۇ ئېتىزغا بولۇپ بىناقەت.
كورۇپتۇ، تېتىپتۇ، قوغۇننى هەممە،
«سىر مۇ يېشىلىپتۇ قالماي هېچنىمە.
قوغۇن تېرىپ كەلتۇرگەن ئاشۇ دىخان،
ماختىنىپتۇ تىللاردا بولۇپ داستان.
تارىلىپتۇ قوغۇنمۇ ئەتراپلارغا،
مىراس بولۇپ قېلىپتۇ ئەۋلاتلارغا.
يىل كەينىدىن يىل ئوتۇپ ئەسىرلەرگىچە،
يېتىپ كەپتۇ قوغۇنلار دەۋرىمىزگىچە.

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى www.uyghurkitap.com



# شېئىرلار

ئابلىكىم روزى

## دوستلار كۆلۈپ قاراشتى

قىزىلگۈلدەك كالىستۇك،
ماڭا ئەجەپ ياراشتى.
تاقىغاندا مەن ئۇنى،
دوستلار كۆلۈپ قاراشتى.
يېڭى دەۋران، ھور زامان،
مەزمۇن بەردى ئۆمرۈمگە.
كوممۇنىزىم ئىشىنى،
پۈكتۈم بۈگۈن كوڭلۈمگە.
پېئونېرمەن ئوت يۈرەك،
دائىم ئالغا ئورلەيمەن.
ئىلىم - پەن سۈيى بىلەن،
دىل بېغىمنى گۈللەيمەن.

## جانان چىنىدەك پاكىز

مەكتىۋىمىز مۇھىتى،
دائىم گۈزەل تۇرىدۇ.
شۇڭا، بىزنىڭ دىللاردا،
خوشاللىق جۇش ئۇرىدۇ.
مەيلى سىنىپ، ئىشخانا،
ئىشىك - دېرىزە، تام - تورۇس؛
مەيلى مەيدان، چايخانا...
تازىلىنار راۋۇرۇس.
كوكۈلمەيدان ھەممە يەر،
كورۈنمەيدۇ چاڭ - توزان.
رەتلىك كىيەر كىيىمنى،
ساۋاقداشلار ھەر قاچان.
تازىلىقنى يۈرەكتىن،
سويگەچ بارلىق ئوغۇل - قىز.
مەكتىۋىمىز قۇچىقى،
جانان چىنىدەك پاكىز.

## كەررە جەدۋىلى

كەررە جەدۋىلى،
تامغا ئېسىغلىق.
ئاڭا كەررىلەر،
رەت - رەت يېزىغلىق.
ھېساپ دەرسىدە،
مۇھىم جەدۋەل ئۇ.
بىزگە ھېمىشە،
شۇنچە گۈزەل ئۇ.

شۇڭلاشقا سۇدەك،
ئالدۇق يادىلاپ.

قالمايمىز دەرستە،
تىرىشاق تاتىلاپ.

## ئۇستازغا گۇل تۇتىمەن

تەر ئاققۇزۇپ ماڭلايدىن،
گۇل تېرىدىم بېغىمغا.
گۇلۇم ئۆسەر بىخ سۈرۈپ،
شاتلىق بېرىپ دىلىمغا.

گۇل بېغىمغا قۇياشنىڭ،
ئالتۇن نۇرى چېچىلار.

پەرۋىش تېپىپ گۇللۇرۇم،
گۈزەل، كوركەم ئېچىلار.

دەستە تۈزۈپ شۇ گۇلدىن،
ئۇستازىمغا تۇتىمەن.
ئىلىم - پەننى ئۆگۈنۈپ،
بەيگىلەردە ئۇتىمەن.

## سىم - سىم يامغۇر

كوكۇشرەڭلىك ئاسماندىن،
لەرزان، سىم - سىم ياغ يامغۇر.
سېنى قارشى ئالىدۇ،
ئېتىز - دالا، باغ ... يامغۇر.

سەن شىۋىرلاپ ياققاندا،
هاۋا سالقىن بولىدۇ؛
گۇل - چېچەكلەر بەرگىگە،
ئۈنچە - مارجان قونىدۇ.

ئېرىقلاردا كۆمۈش سۇ،
نەغمە قىلىپ ئاقىدۇ.
رەڭگا - رەڭ هەسەن - هۈسەن،
بىزگە كۈلۈپ باقىدۇ.

لېكىن، يامغۇر سەن بىزنىڭ،
سوزىمىزنى ئاڭلىغىن.
دەهشەت سېلىپ شاقىراپ،
هەرگىز تولا ياغمىغىن.

ياغساڭ ئەگەر دەهشەتلىك،
قىيان - كەلكۈن كېلىدۇ.
سېلىپ ئەندىش - ۋەهىمە،
يۇرتنى ۋەيران قىلىدۇ.

..................

شۇڭا يامغۇر، سىم - سىم باغ،
يۈرەكلەرنى سەگىتىپ.
بىز ئوقۇيلى خاتىرجەم،
ئۇستازلارغا ئەگىشىپ.

## مەڭگۈلۈك باهار

«باهار پەسلى ئېسىل» دەر،
هەممە ئادەم ئەزەلدىن.

شۇڭا ئۇنى ماختىشىپ،
چۇشۇرمەيدۇ غەزەلدىن.

باھار پەسلى بىر يىلدا،
بىرلا كېلىپ ـ كېتىدۇ.
تەبىئەتنىڭ ھۆسنىگە،
رەڭلەر بەخش ئېتىدۇ.

بىزنىڭ ئانا ۋەتەندە،
بىر باھار بار، كەتمەيدۇ.
باھار پەسلى ھېچقاچان،
ئۇ باھارغا يەتمەيدۇ.

ئۇ باھاردۇر، مەڭگۈلۈك،
بەختىمىزنىڭ باھارى.
ئۇ باھاردۇر دوستلۇرۇم،
قەلبىمىزنىڭ باھارى.

شۇ باھارنىڭ نۇرىنى،
پارتىيىمىز چاچماقتا.
گۈزەل ئىقبال ـ كېلەچەك،
بىزگە قۇچاق ئاچماقتا.

## باھار شاتلىقى

قۇرغان ئىدۇق بىز،
سەنئەت ئۆمىكى.
ساۋاقداشلارنىڭ،
كۆلدى يۈرىكى.

باھار بايرىمى،
كېلىشتىن بۇرۇن؛
تەييارلىغانىدۇق،
كونسېرت ـ ئويۇن...

قىسىمغا باردۇق،
بايرام ھارپىسى؛
جۇش ئۇرۇپ دىلنىڭ
ھورمەت سۆيگۈسى.

بىز شۇ قىسىمغا،
يېتىپ كەلگەندە؛
تىزىلىپ تەكشى،
سالام بەرگەندە؛

دىدۇق بىز: سالام،
جەڭچى تاغىلار!
ھال سوراپ كەلدۇق،
ئوسمۇر ـ بالىلار.

سىلەر قەھرىمان،
سىلەر سۆيۈملۈك؛
ۋەتەن ئىشىغا،
چەكسىز كويۇملۇك.

سىلەر بولغاچقا،
ۋەتەندۇر ئامان.
پارلاق بەختىمىز،
ئالەمگە ئايان.

سىلەرنى مەڭگۈ،
قىزغىن سۆيىمىز.
سىلەرگە ئاتاپ،
ئويۇن قويىمىز...»

تۇتتۇق ئۇلارغا،
دەستە ـ دەستە گۈل.
سالاملار بېرىپ،
قىلىشتى قوبۇل.

جەڭچىلەر بىلەن،
چۈشتۇق سۈرەتكە.
چۈشتۇق ۋەيەنە،
قىزىق سوھبەتكە...

پەشقەدەم باشلىق،
بەردى دوكىلات.
ئالدۇق ئۈنىڭدىن،
چوڭقۇر تەسىرات.

ئاندىن ئويۇننى،
باشلىۋەتتۇق بىز.
چىقتى سەھنىگە،
ئېلانچى گۈلقىز.

ياڭراتتۇق ئاۋال،
دىكلىماتسىيە.
ئارمىيىمىزگە،
ئوقۇپ مەدھىيە.

ئەنە غېنىجان
چالدى راۋاپنى.
كۈلگۈنچەك نەبى،
ئويناتتى داپنى.

ئوماق راھىلە
چالدى ئىسكىروپ؛
چالار پولاتجان
نەينى زوقلۇنۇپ...

ئېيتتى شات ناخشا،
كىچىك نۇربىيە.
ئۈنىڭ ناخشىسى –
«ياشا ئارمىيە!...»

ئورۇنلاپ بەردى،
قەيسەر ۋەسەپەر؛
«لىپى فىلڭ تاغامغا!
دىگەن بىر لەپەر.

كىيىپ تۇماقنى،
بېكىتىپ ساقال؛
بوۋاي رولىدا.
چىقتى شوخ كامال.

موماي رولىنى،
ئالدى ئابىدە.
نەۋرىسى بولدى،
تېتىك ساجىدە.

قىزىدى كېيىن،
كوللېكتىپ ئۇسۇل.
ئوينىدى ھەتتا ،
ياش جەڭچى رۇسۇل...

ياش بىر ئوپېتسىر،
ئوقۇدى شېئىر.
ئۈنىڭ تېمىسى –
"يۈكسەل پىئونېر!".

خۇش بولۇپ بىزدىن،
بارلىق جەڭچىلەر،
دىدى: ئاپىرىن،
ئوسمۈر – غۇنچىلار!...

سىلەر ۋەتەننىڭ
ئۈمىد يۇلتۇزى؛
بەختىيار ئوسكەن،
ئوغۇل ۋە قىزى.

شۇڭلاشقا كوپلەپ،
بىلىم ئېلىڭلار.
كۈنسىرى ئورلەپ،
پەرۋاز قىلىڭلار!...

# « مەدەنى » دوستۇم

( ساتىرا )

ئومەر ئىمىن

مەدەنى بولماقنى ھەۋەس قىپدوستۇم،
تاراپتۇ چېچىنى پوكىس چىقىرىپ.
بېشىغا كىيىپتۇ قىرلاپ شىلەپە،
تۇرقىغا ياراشقان بۇمۇ ئىش قىلىپ.

بوينىغا تاقاپتۇ چىپار گالىستۇك،
كىيىپتۇ لوندۇنچە كاستىيوم - بۇرۇلكا.
ئوڭ قولدا ئوينۇتۇپ زاكۇن تاياقنى،
يەنە بىر قولىغا ئېلىپتۇ سومكا.

قويۇپتۇ ئاتايىن گېتىلىرچە بۇرۇت،
قاپقارا كوزەينەك تارتىپ كوزىگە،
چېچىپتۇ ئەتىرگە بىر شىشە ئەترە،
بۇ ئىشى بەك ياراپ قاپتۇ ئوزىگە.

توش يانچۇق ئۈستىدىن ساڭگىلاپتۇ ھەم،
ساپ- سېرىق پاقىراق سائەتنىڭ بېغى.
پۇتىدا پالتىرار ئوكچىلىك ئاياق،
ناينىاقلاپ مېڭىشى غەلىتە تېخى.

ئىچىنى بىزىمەي ئىلىم - ئىرپاندا،
ياساپتۇ تېشىنى يېتىپ - ئاشتىچە.
ئانا تىل دىگەننى بىلمەس ئۇ پەقەت،
ۋە لېكىن دوستۇمنىڭ ھالى باشقىچە.

ھە، تېخى ئاغزىمۇ ئۇنىڭ بوش ئەمەس،
لېۋىدە قىڭغايغان بىر تال پاپىروس.
سالامغا جاۋابى ئىڭەك لىڭشىتىش،
ئەپلەلمەس ھېچكىم بۇئىشنى راۋ - رۇس.

ئۇ قىلغان ئوزىگە ئادەت ۋە ئەمەك،
ھاۋايۇ - ھەۋەسنى كوچا چىڭداشنى...
بىلگىنى ئۇنىڭكى بۇزۇپ - چېچىشلا.
خالىماس زادىلا. ئىشلەپ چىشلەشنى.

بەزىدە بولۇپ ئۇ، ئەلەڭ - سەلەڭ مەس،
قۇسىدۇ كورۇنگەن يەرگىلا غار - غار.
ئاتىسى - ئانىسى قىلسا نەسىھەت،
قولشىلتىپ ئۇلارغا دەيدىكەن"بار-بار..."

يامان گەپ، نۇمۇسلۇق ئەسكى قىلىقتىن،
جامائەت ئالدىدا تارتمايدىكەن تەپ.
جەلپ قىپ ئوزىگە بەزى قىزلارنى،
ئالداشتىن گاھىدا ئالىدىكەن "نەپ"...

بىر قىزنى ئىندەككە كەلتۇرۇپ بىر كۈن،
قولتۇقلاپ يېنىدا ئېلىپ مېڭىپتۇ.
كىرمىگەن چوڭ - كىچىك كوچا قالماپتۇ،
قوساقمۇ ئېچىپتۇ، كەچمۇ كىرىپتۇ.

ئاخىرى دوستۇمغا تويۇنۇپ بۇ قىز،
- سائەتكە قايسى ۋاخ بولدىكىن؟- دەپتۇ.
دوستىمىز ئەمگەلمەي بېرىپتۇ جاۋاپ:
- يىگىرمە يەتتىگە، سەكسەن بەش قاپتۇ

— "ۋېيەي» بۇ قەيەرنىڭ سائەت ئۆلچىمى؟
دەپلا قىز ۋىلىقلاپ كۈلۈپ كېتىپتۇ.
ئېغىزدىن - ئېغىزغا كوچۇپ بۇ پاراڭ،
قۇلاقتىن - قۇلاققا بېرىپ يېتىپتۇ.

مەدىنى بولماقنى ھەۋەس قىپ دوستۇم،
"ياسانچۇق» دىگەن بىر ئاتاقنى ئاپتۇ.
ھەۋەسكە بېرىلىپ مەستانە بولۇپ،
ئادەملەر ئالدىدا كۈلكىگە قاپتۇ.

سولەتۋاز دوستۇمنىڭ بىلىمسىزلىگى،
قىلىپتۇ ئۆزىنىڭ سىرلىرىنى پاش.
مەسخىرە قىلىشىپ شۇنىڭدىن بېرى،
دەيدىكەن "مەدىنى» ئۇنى قېرى - ياش.

مەدىنى بولايلى بىزمۇ خالايىق ،
"تورت گۈزەل» ۋەسلىنى ئۇندىن كورگىدەك.
دوستۇمدەك "مەدىنى» بولمايلى ھەرگىز،
مەسخىرە ئوتىدا كويۇپ ئولگىدەك.

# ئىككى شېئىر

روزى رازىق

## تۈگىمەس ئېقىن

ئېقىپ - ئېقىپ تۈگەيدۇ ئاخىر،
مىليون دەريا، بۇلاقنىڭ سۈيى.
لېكىن ئېقىپ تۈگىمەس ئەبەت،
گۆكچەنداڭغا قەلبىمىز كۈيى.

چۈنكى ئۇلۇغ گۆكچەنداك ئەلگە،
مەڭگۈ بەخت، شان بېغىشلىدى،
تومۇرىغا جۇڭگو خەلقىنىڭ،
زور كۈچ - قۇۋۋەت، قان بېغىشلىدى.

## ئانا ۋە پەرزەنت

بارمىكىن دۇنيادا تۇققان ئانىغا،
پەرزەنتىنىڭ يۈرەكتىن كويمەيدىغىنى؟!
ئىشقىدا يالقۇندەك يېنىپ بىر ئۆمۈر،
مەڭزىگە لەۋ يېقىپ سۆيمەيدىغىنى ؟!

ھالبۇكى، كۈندۈ - تۈن جاپالار چېكىپ،
پەرزەنتنى ئوستۇرگەن ئانا ئەمەسمۇ ؟!
"يۈرۈگۈم پارى » دەپ باغرىغا بېسىپ،
بەختىنى كۈلدۈرگەن ئانا ئەسمۇ؟!

ۋىجدانلىق پەرزەنتلەر چۈشىنەر ئېنىق،
ھاياتىنىڭ ئانىغا باغلانغىنىنى.
ئايرىلسا ئانىدىن بىر دەقىقە،
ياشاشىنىڭ بەرىبىر چاغلىقلىغىنى.

غورۇرۇم جۇشقۇنلاپ تاشىدۇ مېنىڭ،
جۇڭگوغا چىن پەرزەنت بولغۇنۇم ئۈچۈن.
مېھرىدىن ئوزۇق ئېيپ، كوكلەپ، مۇۋىلەپ،
كۈچ - ئېقىل - ئىدرەككە تولغۇنۇم ئۈچۈن.

# يۇرتۇمدا ناخشا

ئەخمەت مۇساق

يۇرتۇم مېنىڭكى ناخشىلار كانى،
خەلقىم ناخشىغا ئامراق ئەزەلدىن.
جەڭلەر ئىچىدە ياڭراق غەزەلدىن،
ياراتتى خەلقىم يېڭى دۇنيانى.

ئۇزاق ئەسىردىن قانخور زامانغا،
قامچا بوپ تەككەن ئوتلۇق ناخشىسى،
ئاشۇ ناخشىچۇن مەرتىنىڭ قانچىسى،
كەتكەن بىگۇنا يەتمەي ئارمانغا.

لېكىن، بۇ ناخشا ھامان جاراڭلاپ،
يۈرەككە قىساس ئوتىنى ياققان.
قانچە مەزلۇملار تەلمۈرۈپ باققان،
سەپكە قېتىلغان ناخشىنى ئاڭلاپ.

كوردى بوۋاملار نىجات نۇرىنى،
ئەشۇ ناخشىلار ئۈمىت بېغىشلاپ.
ياڭراتتى ئۇنى يىنىش- يىنىشلاپ،
ۋىلاپ ماڭغاچقا كۈرەش يولىنى.

ئاتتى ئىلىمدە يېپ - يېڭى بىر تاڭ،
چېلىشتا ئاققان تەر بىلەن قاندىن.
ھەسرەتلىك دىللار چىقتى يوغاندىن،
تاپتى ناخشىمىز يېڭىچە ئاھاڭ.

مىللەتلەر بۈگۈن ئاكا - ئۇكىدەك،
مۇقامىمىزدا يېڭىچە مەزمۇن.
راۋاپ، دۇتتارغا تەڭكەشتۇر گارمۇن،
بىرلىك - غەلىبە ھامان قوشكىزەك.

ئۇلۇغ سەپەردە پارتىيە يولباش،
شۇڭا خەلقىمدە ئىشەنچ تولۇق.
بىرلىكنىڭ كۈچى ھەممىدىن ئۇلۇغ،
پارلاق نەتىجە بولغۇسى يولداش.

تارىغا زەخمەك چەككەن قول بىلەن،
سىزىپ چىقىمىز يېڭى رەسىملەر.
بەرپا قىلىمىز پارلاق ئەسىرلەر،
مېڭىپ ناخشىغا تولغان يول بىلەن.

# ئۆچمەس ناخشا چۆلپىنىنى ئەسلەش

( نەسىر )

ئەيسا قادىر

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ھۆرمەتلىك ناخشا تاجىدارى، ئۇرتا ئازىيا خەلقىنىڭ سەنئەتلىك يۈرەك سازىنىڭ سەر خىلى، ھەر يۈز يىلدا بىر ياشقا كىرىدىغان ناخشا - مۇقام سەردارى ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى.

ئۇنىڭ ئىجاتچىسى، جاھالەت زۇلمەتلىرىدە ئۆز خەلقىنىڭ يۈرەك غۇرۇر سادasىنى قەلبىگە يىغىپ، قان تومۇرلىرىدىن تارا ئېقىپ، سۇنماس قاتتىق سۆڭەكلىرىنى دەستە - ساتار قىلىپ، تۇزىماس گۈل شېخىدەك قوللىرىنى ئىگىپ كامالچە قىلىپ، سۇمبۇل ساچلىرىنى كامالچىغا قىل قىلىپ، ئۇنىڭغا مىللەت قەلبى كويىنى كىرگۈزۈپ، مۇقام قىلىپ چالغان قىزلار گۆھىرى - تاڭ چولپىنى مەسۇم پاك ئۇيغۇر قىزى ئامانىسانى ئەسلىگىنىمىزدە، ئۇ ئون ئىككى مۇقامىمىزنى جاراڭلىق ساتارى بىلەن زامانىمىزغا ئېلىپ كىرگەن بىزنىڭ سەنئەت باغۋەنىمىز، مەشھۇر ۋارىسچىمىز، ھۆرمەت ئىپتىخارىمىز تۇيدى ئاخۇن ئاكىنى ئەسلەيمىز! ئۇ، زۇلۇم - ھاقارەتنىڭ قىل ئۆتكۈسىز تورى بىلەن قاپلانغان جاھالەت ئىچىدىمۇ قەيسەرلىك بىلەن جەڭ قىلىپ مۇقامىمىزنى زامانىمىزغا ئەپكەلدى. ئۇ، تەبىئەتنىڭ قېرىتىش ھۇجۇمىغا، ئادالەتسىزلىكنىڭ تەرسالىقىغا پەسۋا بېرىپ مۇقامىمىزنى بىزگە ئېلىپ كەلدى. ئۇ مۇڭزار سەرگۈزەشتىلىك، ئەلەم ھەسرەت ئىچىگە غەزەپ ئۇرغۇتۇلغان، ھەۋەس يارقىن چېلىشچان جەڭ ماھارەت سىڭدۈرۈلگەن، ناخشا باغىدا 72 خىل تۇزىماس، گۈل بولۇپ ئېچىلغان ناخشا - مۇقام سەردارى - بىزنىڭ ئون ئىككى مۇقامىمىزنى دەۋرىمىزگە ئېلىپ كەلدى.

چولپان تۇغدى، تاڭ يورىدى، ئادالەت بۇلبۇللىرى سايراشقا باشلىدى ... قانچە ئەسىرلەرچە مىيەت رايىغا كىشىلەر قەلبىگە گۈزەللىك بېغىشلايدىغان مۇقامىمىز. ماڭا ئەمدى مەڭگۈ پۇلات سېپىغا كىرگۈزۈلۈپ، مىللىتىمىزنىڭ مەڭگۈ روھى تېخىمۇ جاراڭلىق ياڭرىماقتا. بىزگە تېخىمۇ ھوزۇر بېغىشلىماقتا.

تۇردى ئاخۇن ئاكىنى رەھىمسىز ئۆلۈم ئەپقاچتى. لېكىن ئۇنىڭ ئاۋازى مۇقەددەس ئاۋاز، دائىم ياڭراپ تۇرىدىغان ئاۋاز. ئۇ، ئۆچمەس ناخشا چولپىنى!

ساتارىڭ ئاۋازى-نادىر مۇقام بىلەن،
ئەل يۈزىن سۆيۈپ ياتىدىغان سەندۇ.
گورىستان قەسىر ئەمەس.

گۈلۈستان تەختىدە
خۇددى چولپاندەك كۆلىدىغان سەندۇ.

www.uyghurkitap.com



# « قىزىل بايراق قاداش » ھىكايىسىنى ئوقۇغاندىن كېيىن

ئاتىكە زەمىر قىزى

« قەشقەر ئەدەبىياتى » ژورنىلىنىڭ 1982 ـ يىللىق 2 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان يولداش ئابلەت ئابباس قۇربانىنىڭ « قىزىل بايراق قاداش » ھىكايىسى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈيلەيدىغان ياخشى بىر ئەسەر سۈپىتىدە كەڭ كىتابخانلارنىڭ ئالقىشىغا سازاۋەر بولدى.

ھىكايىدا تۇرمۇش رېياللىقىدا داۋاملىق يۈز بېرىپ، دائىم ئۇچراپ تۇرىدىغان كىچىككىنە بىر ۋەقە، يەنى ئاق كۆڭۈل، ساددا مىجەز دېخان ئوبرازى بىلەن باش پىرگازچىك شياۋلىزى ئوتتۇرىسىدىكى تىل ئۇقۇشماسلىق تۈپەيلىدىن كېلىپ چىقىش ئالدىدا تۇرغان جېدەلنى " مەن " ۋاڭ باۋشەننىڭ چىرايلىق كېلىشتۈرۈپ قويغانلىقى يېزىلغان بولۇپ، ئاپتور بۇ قىسقا ھىكايىسىدا زامانىمىزدىكى يېڭى كىشىلەر ئوبرازىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ياراتقان.

بىزگە مەلۇمكى، ھەر قانداق بىر ئەسەر ئوبيېكتىپ مەۋجۇت بولغان ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ يازغۇچى مېڭىسىدىكى ئىنكاسىنىڭ مەھسۇلى. باشقىچە ئېيتقاندا. سۇبيېكتىپ بىلەن ئوبيېكتىپنىڭ ئۆز ئارا بىرلەشكەنلىكىنىڭ مەھسۇلى بولىدۇ. يولداش ماۋزېدۇڭ: " ئىنقىلاۋىي ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەمەلىي تۇرمۇشقا ئاساسەن، خىلمۇ ـ خىل ئوبرازلارنى يارىتىپ، ئاممىنىڭ تارىخنى ئالغا سۈرۈشىگە ياردەم بېرىشى كېرەك » دەپ كۆرسەتكەن ئىدى. ياش يازغۇچى ئابلەت ئابباس قۇربانى ھىكايىسىدا ۋاڭ باۋشەن ئوبرازىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ياراتقان، ئۇنىڭ خىزمەتكە بولغان چەكسىز مەسئۇلىيەتچانلىقى. يولداشلارغا بولغان مېھرىۋان قىياپىتى، ياشلارنى ئالغا يېتەكلەش ۋە تەربىيىلەشكە كۆڭۈل بۆلۈشى، قىسقىسى روشەن سىرتقى كۆرۈنۈش ۋە خاراكتېرىدىن ماۋزېدۇڭ ئاللا بۇرۇن ئوتتۇرىغا قويغىنىدەك: " ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىدا ئىشلەيدىغان خەنزۇ كادىرلار چوقۇم شۇ رايوندا ئولتۇراقلاشقان ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتىگە ھۆرمەت قىلىشى ۋە ئۇلارنىڭ تىل ـ يېزىغىنى ئۆگىنىۋېلىشى كېرەك، شۇنداق قىلغاندىلا ھەر مىللەت خەلقى بىلەن زىچ ئىتتىپاقلىشىپ ئۇلار ئۈچۈن ياخشى خىزمەت قىلغىلى بولىدۇ » دېگەن روھ بويىچە ئىش قىلىۋاتقان نۇرغۇنلىغان پىشقەدەم خەنزۇ كادىرلارنىڭ ئوبرازىنى كۆرۈۋالالايمىز. " يولداش. خاپا بولماڭ، سەۋەنلىك بىزدىن ئۆتۈپتۇ، بۇنىڭدىن كېيىن خىزمەت ئۆتەش پوزىتسىيىمىزنى چوقۇم ياخشىلاپ، خېرىدارلارنى رازى قىلىمىز ! ـ دېدى ماگىزىن مۇدىرى ۋاڭ باۋشەن دېخانغا سەممىمىي ھوزۇر ـ خالىق ئېيتىپ. ئۇ ئۇيغۇرچىنى خاتاسىز ھەم چىرايلىق سۆزلەيتتى. يولداش ۋاڭ باۋشەن دېخان ئالماقچى بولغان شاپتۇل چېچەكلىك گۈللۈك گىرېپتىشىندىن 3 يېرىم مېتىر يىرتىپ قاتلىدى ـ دە، ئەپچىللىك بىلەن قەغەزگە ئوراپ دېخانغا ئۇزاتتى » دەپ يازىدۇ. ئاپتۇر بىز يەنە ۋاڭ باۋشەننىڭ مۇنۇ سۆزلىرىنى كۆرۈپ باقايلى: " خەلق تۇرمۇشىنىڭ تېز ياخشىلىنىشىغا ئەگىشىپ ماگىزىنلاردا سېتىلىدىغان

تاۋارلارنىڭ تۈرىمۇ كۆپەيدى، ماگىزىنلىرىمىزغا يېقىندىن بۇيان ئىككى قېتىم ئون ئالغۇ ئەكەلدۇرۇپ ساتتۇق. ماگىزىن مۇدىرى، پىركازچىكلار ئۈچۈن ئوز تىجارەت دائىرىسىدىكى ماللارنىڭ خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە ئىسمىنى بىلىش ناھايىتى مۇھىم ئىش. بولمىسا قانداق قىلىپ خىزمەت ئوتەش سۈپىتىنى ئوستۇرگىلى بولىدۇ؟» بىز ئۇنىڭ بۇ سەممىي سوزلىرىدىن ئۇنىڭ قەلبىنى كورۇۋالالايمىز. ئۇ ياش پىركازچىك شياۋلىزىغا ئوز ئەمەلىيىتى ئارقىلىق تەربىيە بېرىپ، ئۇنى تىل ئۈگىنىشكە چاقىرغان. نەتىجىدە شياۋلىزى قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدە تىرىشىپ ئۇيغۇر تىلىنى ئۈگەنگەن ۋە خىزمەت پوزىتسىيىسىنى كورۈنەرلىك ياخشىلىغان. دەسلەپتە تىل ئۇقۇشماسلىق تۈپەيلىدىن شاۋلىزى بىلەن تەنە ئېيتىشىپ قالغان دېخان بۇ ماگىزىنغا بىر قانچە ئاي كېيىن كىرگەندە 5 ـ نومۇرلۇق پىركازچىك شياۋلىزىنىڭ ئۇيغۇرچە سوزلەشنى ئۈگەنگەنلىكى ۋە خىزمەت پوزىتسىيىسىدە زور ئوزگىرىشنىڭ بولغانلىقىنى كورۇپ، ئۇنىڭ شەرەپ سەھنىسىدىكى ئىسمىنىڭ ئۇدۇلىغا قىزىل بايراق قادىغان.

ھەممىمىزگە مەلۇم، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ ئېھتىياجى، دۆۋلەتنىڭ مۇھىم سىياسىتى. ماۋزېدۇڭ «بىرلەشمە ھۆكۈمەت ھەققىدە» دىگەن ئەسىرىدە: "مەملىكەتنىڭ بىرلىكى، خەلقنىڭ ئىتتىپاقلىقى. مەملىكەت ئىچىدىكى مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى ئىشىمىزنىڭ جەزمەن غەلىبە قازىنىدىغانلىقىنىڭ تۈپ كاپالىتى" دەپ كورسەتكەن ئىدى. بۇ يەردىكى "ئىتتىپاقلىق" ھەرگىز ئابستىراكتتى ئۇقۇم بولماستىن كونكىرىتنىلىققا ئىگە. شۇڭا، "ئىتتىپاقلىشىش" ئۈچۈن ھەر بىر ئادەم ئوز ئەمەلىيىتىدە كونكىرىتنى ئىپادىسىنى كورسىتىش كېرەك. ماگىزىنلاردا ئىشلەۋاتقان خەنزۇ يولداشلار تىل ئۈگىنىشنى چوقۇم خىزمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسى قىلمىغاندا كەڭ يېزىلاردىن كىرىدىغان دېخانلار ئۈچۈن ياخشى خىزمەت ئىشلەپ بېرەلىشى ناتايىن. چۈنكى، كەڭ دېخانلار ئاممىسىنىڭ خەنزۇ تىلىنى ئۈگىنىشى ئەمەلىيەتتە ئانچە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. لېكىن، خىزمەت ئوتەۋاتقان يولداشلارنىڭ ئۈگىنىش ئىمكانىيىتى بار. ئېھتىياجى ئۈگىنىشنى تەلەپ قىلماقتا. ئاپتور ۋاڭ باۋشەن ئوبرازىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىپ، پىرسوناژ تىلى ئارقىلىق پىركازچىك يولداشلارنىڭ خىزمەت پوزىتسىيىسىنى ياخشىلىشى ئۈچۈن تىل ئۈگىنىشنىڭ مۇھىملىقىنى تەكىتلىگەن. تىل ئۇققاندىلا ئوز ئارا دائىم ئۇچراپ تۇرىدىغان ئۇقۇشماسلىق تۈپەيلىدىن كېلىپ چىقىدىغان توقۇنۇشلارنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ، ئوز ئارا چۈشىنىش ھاسىل قىلىپ ئىناق ياشىغىلى، بىللە ئىشلىگىلى بولىدۇ. 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇش ئۈچۈن ياخشى ئىشلىگىلى بولىدۇ. ئاپتور ھېكايىسىدا مۇشۇ مەسىلىنى ناھايىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇپ، ھەل قىلغان. ئاپتور ھېكايىسىدا روشەن دىئالوگ ۋە سىپلىشتۇرۇش بىلەن پىرسوناژلارنىڭ خاراكتىرىنى ئېچىپ بېرىپ، ئاپتور تىلى بىلەن پىرسوناژ تىلىنى زىچ ماسلاشتۇرۇپ، ھېكايىنىڭ تەربىيىۋى ئەھمىيىتىنى كۈچەيتكەن.

ھېكايە گەرچە تۇرمۇش رېئاللىقىدىكى ناھايىتى كىچىك بىر كارتىنا بولسىمۇ، بىز بۇ ھېكايىنىڭ سيۇژېت لېنىيىسىنىڭ ئېنىقلىقى، جانلىق ۋە ئاددىي تىل بىلەن ئىپادىلەنگەنلىكى، پېرسوناژلىرىنىڭ ئاز بولۇشى، ۋەقەلىكىنىڭ ياخشى قۇراشتۇرۇلۇشىدىن، ئۆزى قىسقا بولسىمۇ تەربىيىۋى ئەھمىيىتىنىڭ زور ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز.

بىزنىڭ گۈزەل ۋەتىنىمىزنىڭ تارىخىنى مۇشۇ دىياردا ياشاۋاتقان ھەر مىللەت خەلقى ئۆز ئىختىراسى، ئىجاتچانلىقى، كۈرەشچانلىقى بىلەن ياراتقان. شۇڭا، ۋەتىنىمىز جۇڭخۇانى قۇدرەتلىك سوتسىيالىستىك ۋەتەن قىلىپ قۇرۇش ئۈچۈن ھەر مىللەت خەلقى ئورتاق كۈرەش قىلىشى لازىم، ئەلۋەتتە. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۆز ئارا ھۆرمەت قىلىش، تىل ئۆگىنىش مۇھىم.

ھېكايە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ياخشىلاشنىڭ مۇھىم بىر تەرىپى بولغان تىل ئۆگىنىش، خىزمەت يۈزىسىدىنى ياخشىلاشنى تەكىتلەش بىلەن نۇرغۇنلىغان كىشىلەر قەلبىدە چوڭقۇر تەسىر قوزغىدى. يولداش ئابلەت ئابباس قۇربانىنىڭ بۇندىن كېيىن تېخىمۇ تىرىشىپ، ئەدەبىيات گۈلزارىمىزنى تېخىمۇ يارقىن خۇشپۇراق گۈللەرگە تولدۇرۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

## مۇھىم تۈزىتىش

«قەشقەر ئەدەبىياتى» ژورنىلىنىڭ 1983- يىللىق 1- سانى تارقىتىلغاندىن كېيىن، نېمەتۇللا ئەبەيدۇللا، ئابدۇللا سۇلايمان، ئابدۇلھەي ئابدۇلھەق قاتارلىق يولداشلار تەھرىر بۆلۈمىمىزگە خەت يېزىپ، «تەجەللى شېئىرلىرى» دېگەن ماۋزۇ ئاستىدا بېرىلگەن شېئىرلارغا ئۆزبېك خەلقىنىڭ ئۇلۇغ دېموكرات شائىرى مۇقىمىنىڭ بىر قىسىم ئەسەرلىرى ئارىلىشىپ قالغانلىقى توغرىسىدا بىزنى ئاگاھلاندۇردى.

مۇنداق جىددىي خاتالىقنىڭ يۈز بېرىشى — بىزنىڭ خىزمەتكە قارىتا ئەستايىدىل بولمىغانلىقىمىز، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشقا ئەھمىيەت بەرمىگەنلىكىمىزدىن بولغان. بۇنىڭ ئۈچۈن كەڭ مۇشتەرىلاردىن ئەپۇ سورايمىز. خاتالىقىمىزنى دەل ۋاقتىدا كۆرسىتىپ بەرگەن يولداشلارغا ھۆرمەت بىلەن تەشەككۈر ئېيتىمىز.

«قەشقەر ئەدەبىياتى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى.

## مۇنەۋۋەر ئىختىيارىي مۇخبىرلار ۋە ئىشتىن سىرتقى مۇنەۋۋەر ئەدەبىي ئىجادىيەتچىلەر مۇكاپاتلاندى

ۋىلايىتىمىزنىڭ تەشۋىقات، ئەدەبىي ئىجادىيەت ئىشلىرىنى تېخىمۇ جانلاندۇرۇش ئۈچۈن، ۋىلايەتلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى مەمۇرى مەھكىمە مەدەنىيەت باشقارمىسى، «قەشقەر گېزىتى» ئىدارىسى، ۋىلايەتلىك رادىيو ئىشلىرى ئىدارىسى 2 - ئاينىڭ 4 - كۈنىدىن 6 - كۈنىگىچە 1982 - يىللىق مۇنەۋۋەر ئىختىيارىي مۇخبىرلار ۋە ئىشتىن سىرتقى مۇنەۋۋەر ئەدەبىي ئىجادىيەتچىلەر ۋەكىللىرى يىغىنى ئۆتكۈزدى. قەشقەر يېڭى مېھمانخانىدا ئۆتكۈزۈلگەن بۇ يىغىنغا ھەر مىللەتتىن تەركىب تاپقان مۇنەۋۋەر ئىختىيارىي مۇخبىرلار ۋە ئىشتىن سىرتقى مۇنەۋۋەر ئەدەبىي ئىجادىيەت خادىملىرىنىڭ ۋەكىللىرى، ھەر قايسى ناھىيە ( شەھەر ) لىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈملىرىنىڭ مەسئۇللىرىدىن بولۇپ جەمئىي 112 كىشى قاتناشتى.

يىغىن جەريانىدا، ۋەكىللەر مەركەزدىكى رەھبىرىي يولداشلارنىڭ ئالاقىدار سۆزلىرىنى ۋە «مەملىكەت بويىچە ئۆلكىلىك، شەھەرلىك، ئاپتونوم رايونلۇق ئاخبارات، نەشرىيات باشقارما باشلىقلىرى سۆھبەت يىغىنىنىڭ خاتىرىسى» نى ئۆگەندى. ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى يولداش ۋاڭ ۋېنچىڭنىڭ ئېچىش سۆزىنى، 1982 - يىللىق مۇخبىرلىك - خەۋەرچىلىك، ئەدەبىي ئىجادىيەت جەھەتتىكى خۇلاسە دوكلادىنى ئاڭلىدى. ۋەكىللەر گۇرۇپپىلارغا بۆلۈنۈپ، ئۆتكەن بىر يىلدا قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجە ۋە تەجرىبە ساۋاقلار ئۈستىدە كەڭ - كۇشادە سۆزلەشتى. گېزىت - ژورنال خىزمىتىنى تېخىمۇ ياخشىلاش توغرىسىدا كۆپلىگەن ياخشى پىكىر - تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى.

ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى يولداش ئىمىن توختى يىغىننىڭ يېپىلىش مۇراسىمىغا قاتناشتى ۋە 161 نەپەر مۇنەۋۋەر ئىختىيارىي مۇخبىر، 29 نەپەر مۇنەۋۋەر ئەدەبىي ئىجادىيەت خادىمىغا مۇكاپات بويۇمى تارقاتتى.

مۇكاپاتلانغان مەللىي ئاپتورلارنىڭ ئىسىملىكى تۆۋەندىكىچە:

ئابدۇسەمەت خەلىل، مىرزاھىد كېرىمى، ئابلىمىت ھاجى، ئابلىمىت سابىر، ھوشۇر ئىبراھىم، سەمەت دۆگايلى، مەمتىلى زۇنۇن، ئابدۇجېلىل تۇرسۇن، ئابلا ئەخمىدى، ئابلىكىم روزى، ئابدۇرېھىم ئىسمايىل، ھاجى ئەخمەت، ئۈچقۇن، دىلبەر قېيۇم، تۇرسۇن ئىبراھىم.

www.uyghurkitap.com



## ۋىلايىتىمىزدە ئۇسسۇلچىلار ۋە مۇزىكانتلار جەمئىيەتلىرى قۇرۇلدى

ۋىلايىتىمىزنىڭ ئۇسسۇل ـ مۇزىكا سەنئىتى ساھەسىدە يېڭى ۋەزىيەت يارىتىپ، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، ۋىلايىتىمىزدىكى ئۇسسۇلچىلار، ئۇسسۇل ئىجادىيەتچىلىرى، خەلق ئۇسسۇلچىلىرى، مۇزىكانتلار، ناخشىچىلار، دىرىژورلار، خەلق سازەندىلىرى بولۇپ 110 كىشىنىڭ قاتنىشىشى بىلەن بۇ يىل 2 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنىدىن 24 ـ كۈنىگىچە قەشقەر شەھرىدە ۋىلايەت بويىچە تۇنجى قېتىملىق قۇرۇلتاي ئۆتكۈزۈلۈپ، ۋىلايەتلىك ئۇسسۇلچىلار ۋە مۇزىكانتلار جەمئىيەتلىرى قۇرۇپ چىقىلدى.

قۇرۇلتايدا ۋەكىللەر ئۇسسۇلچىلار ۋە مۇزىكانتلار جەمئىيىتىگە تەييارلىق كورۇش گۇرۇپپىسىنىڭ خىزمەت دوكلادىنى ئاڭلىدى ۋە مۇزاكىرە قىلدى؛ بۇ جەمئىيەتلەرنىڭ خىزمەت نىزامنامىسىنى تۈزۈپ چىقتى ھەمدە يوشۇرۇن ئاۋاز بېرىش ئارقىلىق ئۇيغۇر، خەنزۇ، تاجىك قاتارلىق مىللەتلەردىن ئۇسسۇلچىلار جەمئىيىتىگە 14، مۇزىكانتلار جەمئىيىتىگە 18 كىشىنى ھەيئەت ئەزاسى قىلىپ سايلىدى. مۇزىكانتلار جەمئىيىتىگە سەپەر ھۈسەيىن رەئىس، ئابلەت ئابدۇللا، پاتەم قۇربان، ئوبۇل ھاشىم، لىۇچېڭشىڭلار مۇئاۋىن رەئىس بولدى؛ ئۇسسۇلچىلار جەمئىيىتىگە بەھرىنىسا رەئىس، ئابدىغىنى ئىسمايىل، ئابلىمىت توختى، دۇجىچۈەن، ئاتىكە زەمەر ( تاجىك ) مۇئاۋىن رەئىس بولدى.

تۇرغۇن ھېلىم

ئابدىغىنى ئىسمايىل




پىشقەدەم ئۇلىما ئەمەرھۇسەيىن قازى ئاخۇنۇم كىتاپ ۋەخفە قىلىش توغرىسىدىكى موھۇر سالانغان «مەسنەۋى شەرىف» كىتا- ۋىنى پەنلەر ئاكادېمىيىسىگە تەقدىم قىلدى.



«ھاي - ھاي تېرەك» يېنىدا ئۆتكۈزۈلگەن ئاممىۋى يىغىن- دا ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن سېكرېتارى، مەمۇرى مەھكە- مىنىڭ ۋالىيسى مامۇتوپ قۇربان سوز قىلماقتا.

مۇقاۋا ۋە ھوسنىخەتلەرنى ئىشلىگۈچى:
مەھەممەت ھېيت



削价
0·20元

**قەشقەر ئەدەبىياتى (12 - يىل نەشرى)**

1983 - يىل 2 - سان (ئىككى ئايدا بىر چىقىدۇ)

نەشرى: قەشقەر ۋىلايەتلىك ئەدەبىيات - سەنئەت
ئىجادىيەت ئىشخانىسى

تۈزگۈچى: «قەشقەر ئەدەبىياتى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى
«قەشقەر گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
مەملىكەتنىڭ ئىچىدىكى ھەرقايسى پوچتىخانىلار مۇشتىرى قوبۇل قىلىدۇ
جايلاردىكى پوچتىخانىلار ۋە شىنخۇا كىتابخانىلىرى ۋاكالىتەن ساتىدۇ
باسما ئۆلچىمى: 1092×787 مم 1/16، 8 تاۋاق
پارچە سېتىلىش باھاسى: 35 فۇڭ، ژۇرنال نومۇرى 62—58
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق نەشرىياتچىلىق
ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ تىزىم نومۇرى: 041

**«喀什噶尔文学»（双月刊）**

1983 年 第 二 期

编辑：《喀什噶尔文学》编辑部
喀什地区文艺创作办公室
印刷：《喀什日报》印刷厂
订阅：全国各地邮电局（所）
代售：各地邮电局及新华书店
开本：1092×787MM1/16，8印张
代号：58--62　单价：0.35 元
新疆维吾尔自治区期刊登证 041 号